


1997

1

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANGCIVILIZATION



ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن (1933 - 1995)

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
46 - يىل نەشرى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
1997 - يىل 1 - سان (ئومۇمىي 224 - سان)

# بۇ سانىدا

## مەخسۇس ماقالە

مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، مۇقام سەنئىتىنى گۈللەندۈرەيلى ...... ئابلەت ئابدۇرېشىت 2

## ئالىملار ھاياتىدىن

ئۆمۈر تەلقىنلىرى ...... ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 8

## ئەدەبىيات گۈلزارى

تەكلىماكانغا مۇھەببەت ........ (ئەدەبىي خاتىرە) ...... ئابدۇللا سۇلايمان 23
يا ئۇچارمەن، يا چۇشەرمەن ........ (ھېكايە) ...... ياسىنجان سادىق 32
ھۈنەر ........ (" ") ...... مەھمۇت سىدىق 35
سەن ئۆزۈڭگە ئېتىلغان بىر ئوق.... (داستان) ...... تەلئەت قادىرى 39
شائىر ۋە پەيغەمبەر ...... تايماس تاھىر 43
تارىخ تۇيغۇسىنىڭ بەدىئىي سۈرىتى.. (ئوبزور) ...... ئابدۇقادىر جالالىدىن 49

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

ئىنسان ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ...... ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى 54
ئەگەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمىز دېسەك ...... مەرھابا كېرەم 58

## ئاممىۋى مەدەنىيەت

ئۇچۇرلار ...... مەدەنىيەت مۇھەممەترېھىم، ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن 60

## تارىخ كۆزنىكى

ئەجدىھانىڭ پۇشتى يىلتىزىنى ئىزدىمەكتە ...... مۇمۇ، تيەنپېي 63

## دانالار خەزىنىسى

ھايات ھەققەتلىرى ...... تەييارلىغۇچىلار: ت. ساۋۇت 68
م. پالتاجى، ئە. تاشتۆمۈر، ئە. ئەمەت، د. قۇربان، ن. ھۈسەيىن، ئا. ياقۇپى، ئە. ھاشىم

مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى باھاۋۇدۇن مۇسابايوف بىلەن ھۈسەن مۇسابايوفنىڭ ئاتۇش ئېكساقتا تىكلەنگەن ھەيكىلى. ھەيكەلتىراش: ئەبەيدۇللا مۇھەممەت. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت مەزكۇر ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا ئوقۇرى: قۇربان مامۇت



# مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، مۇقام سەنئىتىنى گۈللەندۈرەيلى

— ئاپتونوم رايون ئاچقان 12 مۇقام سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

**ئابلەت ئابدۇرېشىت**

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى)

يولداشلار، دوستلار!

بۈگۈن بىز بۇ يەرگە جەم بولۇپ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇيغۇر 12 مۇقام سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈستىدە ئورتاق كېڭىشىپ ئولتۇرۇپتىمىز. بۇ، ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش. يېقىندا ئېچىلغان پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ ئىدىيە، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

**مەخسۇس ماقالە**

ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ، مۇھىم رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش، ئۇ بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزغا، جۈملىدىن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزغا مۇھىم يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىشىمىز، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 6 - ئومۇمىي يىغىن قارارىنىڭ روھىنى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېتەكچى فاڭجېنىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت، سەنئەت

ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى قۇتقۇزۇش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئورۇنداش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىردىنبىر مەخسۇس سەنئەت ئانسامبىلى بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. سەنئەتكارلار ۋە تەتقىقاتچىلار مۇقامغا نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى ۋە ئەجرىنى سەرپ قىلىپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، مۇقام سەنئىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا مۇھىم تۆھپە قوشتى. بىز بۈگۈن ئالايىتەن سەنئەتكارلار ۋە تەتقىقاتچىلارنى يوقلىغىلى، ئۇلاردىن ھال سورىغىلى ۋە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتقىلى كەلدۇق. بايا بىز مۇقام ئانسامبىلىنىڭ نەپىس ئويۇنىنى كۆردۇق. نازىر مۇھەممەت زۇنۇننىڭ مۇقام تەتقىقاتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ زور ئىلھام ۋە تەربىيە ئالدۇق. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىرلارمۇ مۇھىم سۆز قىلدى. مۇقام سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، ئەمما، بۇ خىزمەتنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول، تەتقىقات ۋەزىپىسى يەنىلا ناھايىتى ئېغىر. تۆۋەندە مەن مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتى خىزمىتى توغرىسىدا بىر نەچچە پىكرىمنى ۋە تەسىراتىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت، سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر. بۇ كلاسسىك مۇزىكا قامۇسى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىپ، «ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئانىسى» دېگەن شۆھرەتلىك نام بىلەن خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۆيۈپ ئاڭلىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. ئەمگەكچى خەلق مۇقامنىڭ ھەقىقىي ئىجادچىسى ۋە ھايات بۇلىقى. مۇقام خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ھەم خەلق قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ، ئىنتايىن جۇشقۇن ھالەتتە خەلق ئارىسىدا ياشاپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر 12 مۇقامى - چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن مۇزىكا شەكلىدە مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل، شېئىر (نەزمە)، تىياتىر قاتارلىق بەدىئىي شەكىللەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆبرازلىق، جانلىق مۇزىكىلىق تىلى ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باي شېئىر (نەزمە) شەكلى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە خاسلىق جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك، كۆپ خىل ئىقتىدارغا ۋە ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ياشىغان ھەم خەلق ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان نۇرغۇن مۇقام سەنئىتى پېشۋالىرى ۋە يېڭى بىر ئەۋلاد مۇقام ئىزباسارلىرى مۇقام سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئۆچمەس زور تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، 12 مۇقام ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك جاپا - مۇشەققەتلىك كۈرەش ۋە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن، ئاجايىپ زور تالانت ۋە ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئىجاد قىلغان غايەت زور سەنئەت قامۇسى، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە پارلاق مەدەنىيىتىگە قوشقان غايەت زور تۆھپىسى. شۇڭا بىز ئۇنى چەكسىز قەدىرلىشىمىز ۋە قوغدىشىمىز، ئۇنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزۇپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇشىمىز لازىم.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى قۇتقۇزۇش، رەتلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، مەخسۇس تەتقىقات ئورگانلىرىنى تەشكىللىدى، زور مىقداردىكى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ ئاجراتتى. بۇرۇن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدە رەھبىرىي خىزمەت ئۆتىگەن يولداشلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە قوللىغانىدى، ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەھمەد، تۆمۈر داۋامەت، سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىق يولداشلار 12 مۇقامنى قۇتقۇزۇش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە ئۇنى تەشكىللىگەن؛ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە مۇزىكا ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار بۇ خىزمەتنى پائال، ئۈنۈملۈك قوللىدى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك خىزمەت تارماقلىرىمۇ بۇ جەھەتتە زور نەتىجىلىك ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا 12 مۇقامنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مۇقام سەنئىتى گۈللەندۈرۈلدى ۋە

بېيىتىلدى. شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولسا، سوتسىيالىزم بولمىغان بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، مۇقام سەنئىتىنىڭ يېڭى ھاياتى بولمايتتى. بىز بۇ يەردە مۇقام پېشۋالىرىنىڭ ۋە پېشقەدەم بىر ئەۋلاد سەنئەتكارلارنىڭ، جۈملىدىن مەشھۇر خەلق سەنئەت پېشۋاسى تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىق مۇقام سەنئىتى ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان زور بىر تۈركۈم سەنئەتكارلارنىڭ، ئالىملارنىڭ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز غايەت زور تۆھپىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى توپلاش، رەتلەش جەھەتتە ئىشلىگەن غايەت زور ئۈنۈملۈك خىزمەتلىرىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. ئۇلارنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي تىرىشىشتەك پىداكار روھى، ئاجايىپ ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىشى، تىرىششى ئارقىلىقلا مۇقام سەنئىتى مانا شۇنداق پارلاق نۇر چاچالىدى. بۇ يەردە مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالەتەن، مۇقام سەنئىتى ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان سەنئەتكارلارغا، مۇتەخەسسىسلەرگە، ئالىملارغا ۋە بارلىق مەدەنىيەت، سەنئەت خادىملىرىغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى قۇتقۇزۇش، رەتلەش خىزمىتى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زور قۇرۇلۇش. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدا «مۇقام ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلۇپ، ئاساسلىقى تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىق مۇقام پېشۋالىرى ئورۇندىغان مۇقامنى لېنتىغا ۋە نوتىغا ئېلىش خىزمىتى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. 1960 - يىلى نەشر قىلىنغان «12 مۇقام» (ئىككى توملۇق نوتا كىتابى) ۋە «12 مۇقام تېكىستلىرى» مۇقامنى رەتلەش، تەتقىق قىلىشقا پۇختا ئۇل سالدى. 1965 - يىلى «ئۇششاق مۇقامى» ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان «خەلق گۇڭشېسى ياخشى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق تىياتىر مۇقامدىن پايدىلىنىپ زامانىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك سىنىقى بولدى. «قىزىل چىراغ» ناملىق ھازىرقى زامان جەڭجۇي تىياتىرىنى ئۇيغۇر تىياتىرى قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەشتە، «چەبىيات مۇقامى» نىڭ مۇزىكىسىدىن ئىجادىي ھالدا پايدىلىنىلىپ، ئۇيغۇر ئوپېراسى ئۈچۈن يېڭى زېمىن ئېچىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مۇقامنى قۇتقۇزۇش، رەتلەش خىزمىتى يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى. يېڭى بىر ئەۋلاد مۇقام ئىزباسارلىرى 15 يىلدىن ئارتۇق جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، زور بىر تۈركۈم قىممەتلىك ماتېرىياللار تولۇقلىنىپ، قايتىدىن تولۇقلاش، رەتلەش ئارقىلىق 12 مۇقامنىڭ ئەسلىدىكى 245 نەغمىسى 320 گە، ئەسلىدىكى 2482 مىسرا غەزەل 3127 مىسراغا يەتكۈزۈلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇر 12 مۇقامى قايتىدىن رەتلەنگەن يۈرۈشى بويىچە لېنتىغا ئېلىنىپ، 24 دانە قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلىنىپ تارقىتىلدى. 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۈرۈش خىزمىتى تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. «چەبىيات»، «ئۆزھال»، «مۇشاۋرەك» مۇقاملىرى دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىپ، مۇقام دۇنيا خەلقىگە ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، مۇزىكا ساھەسىدىكىلەر دىققەت قىلىدىغان جەلپكار نۇقتىغا ئايلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بېيجىڭ، شياڭگاڭ، ئۈرۈمچى، يەكەن، قۇمۇلدا بىر قاتار مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە ئويۇن قويۇش، كۆرگەزمە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن مۇقامنىڭ تەسىرى تېخىمۇ كېڭىيىپ، تېخىمۇ داڭقى چىقتى. بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلەر، ئەسەرلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى مۇقام نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، مۇقام تەتقىقاتى بويىچە مەخسۇس بىر پەن شەكىللەندى. مۇقام تېمىسىدىكى بىر تۈركۈم تىياتىر، ناخشا - ئۇسسۇل، سىمفونىيە ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئامانىساخان» فىلىمى 1994 - يىلى «بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى» غا؛ مۇقام مەنبە ۋە خورۇچ قىلىنغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۈسەن» 1995 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇقام ساھەسى بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە مۇقامنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىمۇ ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ، بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، مۇقامنى تەتقىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىدىمۇ بىر يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىمىزنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئىپتىخارلىق ھېس

قىلىشىمىز ۋە پەخىرلىنىشىمىز لازىم. مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان مۇقامنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىشىمىز، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز، ئىنتايىن قەدىرلىشىمىز كېرەك.

يولداشلار، يۇقىرىدىكى نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، مۇقام سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش، رەتلەش ئىنتايىن جاپالىق، زور ئىلمىي خىزمەت بولۇپ، بىر نەچچە ئەۋلاد ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، سەنئەتكارلارنىڭ ئەجدادلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە، پەن - تېخنىكا ۋە باشقا ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، كۆپ خىل پەنلەر بويىچە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا توغرا كېلىدۇ. بىز مۇقام سەنئىتى ۋە تەتقىقاتىدا ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا ئالغا باسماي بىر ئىزدا توختاپ قالساق بولمايدۇ. بۇ خىزمەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە جاپالىق ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇشىمىز، ئۇيغۇر 12 مۇقام سەنئىتىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇش ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم. بۇ شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ ئالغا بېسىش يولىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىگە، ھارماي - تالماي ئىشلىشىگە ۋە ئىزدىنىشىگە، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىگە، قەتئىي تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىشىغا ۋە تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەدەنىيەت، سەنئەت خادىملىرىمىز، جۈملىدىن پېشقەدەم سەنئەتكارلىرىمىز، ئوتتۇرا ياش، ياش سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ مۇقام سەنئىتى ۋە تەتقىقاتىدا تىرىشىشىنى، ئىنتىپاقلىشىپ، يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتقان، جەمئىيەت مۇقىم بولۇۋاتقان تازا ئوبدان گۈللىنىش دەۋرىدە تۇرماقتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، جانلىق، جۇشقۇن مەنزىرە بارلىققا كەلمەكتە، بۇنى تارىختىكى ھەر قانداق مەزگىلگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بىزدىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇشىمىز ۋە گۈللەندۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مەركەز مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇش، مىللىي سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ، ئۇيغۇر 12 مۇقامى تەتقىقاتىنى تېپىلغۇسىز ئوبدان پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋەكىللىكىدىكى مىللىي مۇزىكا سەنئىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىدىكى غايەت زور بايلىق بولۇپلا قالماستىن، ئېلىمىزنىڭ پۈتكۈل مۇزىكا سەنئىتىنىڭمۇ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۆۋەتتە 12 مۇقام سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇش مىللىي سەنئەتنى نۇرلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا زور ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە دائىر فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ھەم 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدە ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، ئۇيغۇر 12 مۇقام سەنئىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى بارلىق مۇنەۋۋەر سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پائال قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇنى ھازىرقى زامان سەنئىتى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشىمىز، جانلاندۇرۇشىمىز، تېخىمۇ بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىشىمىز، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى، ھەممىگە ياپ كېلىدىغان، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكى ئوبدان ماسلاشقان، بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە نادىر مۇقام سەنئىتى ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىشىمىز لازىم. بىز 40 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئىنتايىن جاپالىق ئىزدىنىش يولىنى بېسىپ ئۆتتۇق، قىممەتلىك تەجرىبە ۋە نۇرغۇن ھۆججەت، ماتېرىياللارنى توپلىدۇق، بۇ ئىشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقتۇق، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن پايدىلىق شەرت ھېسابلىنىدۇ. مەن يولداشلارنىڭ تەجرىبىلەرنى تېخىمۇ يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىشنى، شۇنداقلا ئىشەنچنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇقام سەنئىتى ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مىللىي سەنئەت ئىشلىرىنى نۇرلاندۇرۇش، روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر

مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. مۇقام سەنئەتكارلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، ئۇلارنى زېھنىي كۈچىنى توپلاپ تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىشى لازىم. بىز مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەنئەتكارلارغا ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئازادە، ئوبدان مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز، پۈتۈن جەمئىيەتتە مىللىي سەنئەتنى، مىللىي سەنئەتكارلارنى ھۆرمەتلەيدىغان كەيپىيات يارىتىشىمىز، كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان سەنئەتكارلارنى ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تېگىشلىك مۇكاپاتلاپ، تەقدىرلەپ، مۇقام خىزمىتى خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سەنئەت تەشكىلاتلىرى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئىسلاھات داۋامىدا دۆلەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، يەرلىك، مىللىي سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە نۇقتىلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىنى قوغداپ ۋە يار - يۆلەك بولۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىنى، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلىنى ياخشى باشقۇرۇش ئارقىلىق ناخشا - ئۇسسۇل ماكانىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بىزدە بىر تۈركۈم ئالدىنقى قاتاردىكى سەۋىيىگە ئىگە ئوپېرا، ناخشا، ئۇسسۇل، مۇقام سەنئىتى، سىمفونىيە ئۆمەكلىرى ۋە ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەن زور بىر تۈركۈم بەدىئىي ئىختىساس ئىگىلىرى بولۇشى كېرەك. جايلاردىمۇ بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيىلىك، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت تەشكىلاتلىرى بولۇشى كېرەك. مەدەنىيەت تارماقلىرى باشقۇرۇش مېخانىزمى ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنى ئوبدان تەشكىللەپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشى لازىم. ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئاساس قىلىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، خىراجەت ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە جەھەتتە ھېلىمۇ بەزى قىيىنچىلىقلىرى بار، تەتقىقات ئاپپاراتى مۇكەممەل ئەمەس، خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى ناچار. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكى بۇ مەسىلىلەرنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا مۇۋاپىق ھەل قىلىپ بېرىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت ئۆمىكى، ئۇنىڭ شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ بېرىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن مالىيە جەھەتتە ھەر يىلى مۇئەييەن مەخسۇس راسخوت ئاجرىتىش ۋە ھەر قايسى ساھەلەردىن مەبلەغ توپلاش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق مىللىي سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە قوللاش كېرەك.

مۇقام تەتقىقاتى خىزمىتىدە باشتىن ئاخىر پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا مەسئۇل تارمىقىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتى خىزمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ھۆكۈمەتنىڭ پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت خىزمىتىگە مەسئۇل تارمىقى، ئۇنىڭ بىر تۇتاش پىلانلاش، ئورۇنلاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، تەشكىللەش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش، نازارەتچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى بار. 12 مۇقام تەتقىقات خىزمىتىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئورگان، ئىلمىي تەشكىلاتلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئۇيۇشقان كۈچ ھاسىل قىلىپ، كۈچنى بىر نۇقتىغا ئىشلىتىشى، ئىش تەقسىماتىمۇ بولۇش، ھەمكارلىقىمۇ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەممەيلەن بىر ئورتاق نىشان ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ھەم فۇنكسىيىلىك تارماقنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلىشى كېرەك. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە تەرتىپكە سېلىش، ئۇلارنىڭ نىزامنامىسى بويىچە دېموكراتىك باشقۇرۇش لازىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلى ئۆز ئەۋزەللىكى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇقام ئۆگىنىش ۋە ئويۇن قويۇشتىن تاشقىرى يەنە مۇقام سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش، رەتلەش، توپلاش، نەشر قىلىش ئىشلىرىنىمۇ ئىشلىشى كېرەك. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق


سەنئەت تەتقىقات گورنىنى يەنىمۇ تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، ئۇنى ھەقىقىي توردە ئىسمى - جىسمىغا لايىق سەنئەت تەتقىقاتى كوللېكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. بۇ خىزمەت بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلارنى سەپلىگەندىن سىرت، يەنە جەمئىيەتتىكى پېشقەدەم مۇقامچىلار، ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇقامنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەم ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش لازىم. ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل شارائىتى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ خىزمەتكە ماسلىشىپ بىرلىكتە ئىشلىشى لازىم. باشقا تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۆز خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، كۈچنى توپلاپ، نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشى لازىم. تەتقىقات ساھەسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىپ، تەتقىقات قاتلىمىنى ئۆستۈرۈپ، سەۋىيىسى يۇقىرى، تەسىرى كۈچلۈك بىر تۈركۈم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نەشر قىلىش كېرەك. مۇقام ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات مەدەنىيەت، سەنئەت، تىل - يېزىق، نەشرىياتچىلىق، نەزەرىيە ۋە تارىخ قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەممە تۈرلىرى تەتقىقاتتا ئۆز ئارا ماسلىشىشى كېرەك. توپلانغان نادىر سەنئەت مىراسلىرىنى پىششىقلاپ رەتلەپ، ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىش ھەم مۇشۇ ئاساستا يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ۋە ئويناش، نادىر ئەسەر (نومۇر) لەرنى ئىشلەش، مۇقام سەھنە سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش لازىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئەمەلىي پىلان، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالدىمىزدىكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە چوڭراق نەتىجە يارىتىدىغان، مۇقام سەنئىتىنى يېڭى دەۋر روھى بويىچە ئىجادىي راۋاجلاندۇرىدىغان بولسىلا، جەزمەن تېخىمۇ كۆپ ئېسىل مۇقام سەنئىتى ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، مۇقام سەنئىتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرەلەيدۇ.

بۇ يەردە مەن يەنە ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە ئىتتىپاقلىق مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمەن: بىز مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇنچە كۆپ يىل شۇغۇللانغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بولساقمۇ، مۇقام سەنئىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىشىشتىن يەنىلا ناھايىتى يىراقتا تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي مەدەنىيەت خادىملىرى قوشۇنىنى قۇرۇش، زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر مۇقام سەنئىتى تەتقىقات خادىملىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ۋە بەرپا قىلىش مۇقام سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزدە زور بىر تۈركۈم ئەسىر ھالقىيدىغان سەنئەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى، مۇقام سەنئىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان مۇنەۋۋەر خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتەك ستراتېگىيىلىك كۆز قاراش بولۇشى كېرەك. تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش، جۈملىدىن سەنئەت مەكتەپلىرىدە مەخسۇس مۇقامچىلارنى تەربىيىلەش، پېشقەدەم سەنئەتكارلار، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، شاگىرت قوبۇل قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق خادىم بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى قېزىش لازىم. جەمئىيەتتىكى خەلق سەنئەتكارلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى نامايان قىلىدىغان شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ھەر مىللەت مەدەنىيەت، سەنئەت خادىملىرى تۇرمۇشقا، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مۇقام سەنئىتىگە دائىر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىپ، ئۇنىڭدىن ئوزۇق ۋە ئىلھام ئېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ئەڭ ياخشى ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشى لازىم. مۇقامنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، مەزھەپ - ئېقىملارمۇ ناھايىتى كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ بولۇشى ناھايىتى نورمال ئەھۋال، ئەمما ئىتتىپاقلىققا ۋە ئومۇملۇققا تەسىر يەتمەسلىكى ئۈچۈن، ھەر كىم ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ تۇرۇۋالسا بولمايدۇ. ئىلىم مەسىلىسى ئۈستىدىكى ئوخشاش بولمىغان پىكىر ۋە كۆز قاراشلارنى ئېچىلىش - سايراش پرىنسىپى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، كېلىشىپ بىرلىككە كەلتۈرۈشى لازىم. كۆپچىلىك بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىشى، ئۆز ئارا بىر - بىرىنى ئەينەك قىلىشى، ئۆز ئارا تولۇقلىشى لازىم. مۇقام سەنئىتى خىزمىتى بىر ئۇلۇغ ئىش. ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ بىرلەشكەن كۈچ ھاسىل قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ھەر بىر سەنئەت خادىمى كۆڭلىنى كەڭ تۇتۇشى، باشقىلارنى ئەپۇ قىلىشى، سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئالدىغا قاراپ، مىللىي سەنئەتنى نۇرلاندۇرۇش، مۇقامنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، بىرلىكتە ئىلگىرىلىشى لازىم.

يولداشلار، بىز 12 مۇقام تەتقىقاتىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۇق، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق، ئىستىقبالىمىز پارلاق. مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتى ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپالىق، شەرەپلىك ۋەزىپە، زىممىمىزدىكى ۋەزىپە ئېغىر، مەنزىل يىراق، بىز بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان، دادىل ئىزدىنىدىغان ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدىغان بولساقلا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت گۆھىرى بولغان ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچقۇزالايمىز.

كۆپچىلىككە رەھمەت!

1996 - يىل 23 - ئۆكتەبر (M2)



# ئۆمۈر تەلقىنلىرى

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

## 1. قۇتلۇق يىلنامە

«ئەزەلدىن زامانلار ئۆتەر بىپايان،
تەقۋىملەر توپەيلى ھېسابلار ئىنسان.»

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىنى تەقۋىم - كالىندارغا ئاجرىتىپ ھېسابقا ئالغىنىغا ئۇزۇن بولمىدى. مىلادىيە كالىندارى بىر قەدەر قوبۇل قىلىنغان يىللار تىزمىسى بولۇپ قالدى. مىلادىيە ھېسابى بويىچە يەنە يېرىم مۆچەل - ئالتە يىلدىن كېيىن («بېلىق» يىلىنىڭ «قوزى» بۇرجىدا) بىز مۇشۇ تەقۋىمنىڭ ئىككىنچى مىڭ يىللىق ئىراسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۈچىنچى مىڭ يىللىق ئىرانىڭ بىرىنچى ئەسىرگە قەدەم قويىمىز. بۇ، كىشىلەر ئېيتىۋاتقاندەك ئاددىيغىنە ئەسىر ئالمىشىشى بولماستىن، بەلكى خاسىيەتلىك ئىرا ئالمىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تارىخ بېسىپ ئۆتكەن نەچچە تۈمەن يىللار ۋە ئۇ زامانلاردا ئالەمگە كەلگەن شۆھرەتلىك كىشىلەر بىزگە ئەپسانە - رىۋايەت تۇمانلىرى ئىچىدە روشەن كۆرۈنمەيدۇ. بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئېتىبارلىق ئورۇن ئالغان ساكيامۇنى، كۇڭزى، سوقرات ۋە ئەپلاتون قاتارلىق زامان مۆتىۋەرلىرى مىلادىيە كالىندار سىزىقىدىن 5 - 6 ئەسىر ئىلگىرىلا زېمىن سەھنىسىدىن چاقناپ ئۆچكەن.

ئالىملار ھاياتىدىن

مىلادىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردا شەرقتە غەربىي جۇ سۇلالىسى، غەربتە «دىئونۇس» ئويۇنلىرى خۇددى گۆدەك خىياللىرىدەك ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغلاردا تيەنشۇيلۇق ئاتباقارنىڭ ئوغلى چىن شىخۇاڭ ۋە بۆرىنى ئېمىپ ئۇلغايغان ئىتالىيىلىك بولغۇسى ئېمپېراتور رىمىس تېخى دۇنياغا كەلمىگەنىدى. ئەگەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئاخىرقى مىڭ يىلدىن مىلادىيە ئىراسىغا ئاتلىغان كىشى دېيىش توغرا كەلسە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن ۋىداۋىنى ئەمەس، بەلكى بۇۋى مەريەم ۋە رىم تارىخىنى بېزەندۇرگەن ئېمپېراتور ئاۋگۇست ئوكتاۋىئاننى بۇ خاسىيەتلىك تەقۋىمنىڭ قۇتلۇق ساھىبى دېيىش مۇمكىن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالەم ئۇپۇقىدا ئاجايىپ دانالار، ئەۋلىيالار، قەھرىمانلار بىلەن گۈزەللىك نامايەندىلىرى زامان ھالقىلىرىغا شۆھرەت بېزەكلىرى تاقىغان بولسىمۇ، پەقەت ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي (934 - 1025)، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980 - 1037)، ئەبۇلپەزىل بەيھەقى (995 - 1086) ۋە ئۇلارنىڭ زامانداشلىرىلا بىرىنچى ئىرادىن ئىككىنچى ئىراغا ئۆتۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالىدى. زامانىسىنىڭ شاھىنشاھلىرى بىلەن ئەررازى، ئەل فارابىدەك ئىلىم ساھىبقىرانلىرى ئۆز نەپەسلىرىنى بۇ قۇتلۇق رەقەمگە يەتكۈزەلمەي «ئاناسىر ئەربە (تۆتزات)»غا قايتىشتى. شۇنىڭدىن بېرى شەرق ۋە غەربتە زېمىن قەسىرىسىنىڭ بۈزرۈكۋارلىرى، تارىخ سەھنىسىنىڭ ماھىر ھۈنەرپەزلىرى، ئىجادىيەت قەلئەسىنىڭ جاۋاھىر غەۋۋاسلىرى، گۈزەللىك

گۈلشىنىنىڭ نەفاسەت چېچەكلىرى بۇ «رابات» (قونالغۇ) غا كېلىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ قەلەملىرىدىن تامغان، تۆھپىلىرىدىن بىنا بولغان مىراس - يادىكارلىقلىرى تۇپەيلى زېمىن يورۇدى. ئۇلارنىڭ نام - شەرەپلىرىنى تىلغا ئېلىش قەلبىمىز قېتىدا ئېزگۈ ھۆرمەت ۋە يۈكسەك ئىپتىخار تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ! ئەمما، تارىخ ئۇلارغا ئەمەس، بەلكى جىسمىدا ئەسىرىمىزدىن ھالقىش قۇربىتى ۋە قەلبىدە ئەلگە ھەدىيە قالدۇرۇش قىممىتى بولغان زاماندىشلىرىمىزنى ئىككىنچى ئىرادىن ئۈچىنچى ئىراغا بوسۇغا ئاتلاپ ئۆتۈشنى نېسىپ قىلماقچى. بۇ پەقەت مىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بىقىياس ئامەت ۋە بىتەقاس شاراپەت، ئەلۋەتتە! كېيىنكى ئۈچىنچى ئىرا بوسۇغىسىغا قەدەم قويغۇچى بەختلىك ساھىبقىران تېخى نامەلۇم. ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا «يىپەك يولى» ئاچقان ئىراسىمۇ ياكى بۇلغىنىۋاتقان زېمىن مۇھىتى تۇپەيلى ئادىمىزات خۇددى قۇرۇپ قالغان پىلە غوزىسى ئىچىدىكى كېپىنەكتەك ئەبەدىيەتلىك ئۇيقۇغا كەتكەن زامانمۇ، بۇلار بىردەك مۇمكىنلىك ئىچىدىكى تىلسىمدۇر. شۇنداق، تەبىئەت مۇھىتىنى ھېسابقا ئالماي، كىشىلىك كامالىتى ھەققىدە مەنتىقىي مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن مۇتەپەككۇر خىيالىي مۇتەپەككۇردۇر. مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ھەممىسى «بۇخارا دەرۋازىسى» دىن ئاتلاش شەرىپىگە ئىگە بولالمىغاندەك، «بۇخارا دەرۋازىسى» دىن ئاتلىغانلارنىڭ ھەممىسىلا مۇتەپەككۇر بولۇۋەرمەيدۇ. ئەگەر تاشقى ئالەم ھادىسىسى بولغان مۇشۇنداق ئىرالار ئالمىشىدىغان يۇلتۇز بۇرجلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ئامىتى ئىچكى ئالەم ھادىسىسى بولغان ئۆز - ئۆزىنى يوقلاپ بىلىش بىلەن، جۇملىدىن ماكان چالغۇسىدىن زامان ناۋالىرىنى تۈزۈۋاتقان تارىخ يۈزلىنىشلىرىنىڭ ئەسرارى بولۇش شاراپىتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەندە ئىدى، ئۇ، مىسلىسىز ئالىي ماقامدىكى خاسىيەتلىك قۇت مۆجىزىسى بولغان بولاتتى. ئۆزى تۇپراقتىن بىنا بولغان بەندە تۇرۇپ، يەنە ئۆز ئىقتىدارى بويىچە تەڭرى بىلەن سىردىشىدىغان ۋە ئۇشبۇ پەزىلىتى ئۈچۈن نادانلىق ھەسەتلىرى ۋە جاھالەت غەيۋەتلىرى كاساپىتىدىن كرېست دارىغا مىخلانغان ئېيسانىڭ مىلادىيىگە تەۋەم بېشى بولغانلىقى يوللۇق بولسا كېرەك!

## 2. ئارىفلىق يېشى

«يىللار تۇزانىدىن باشقا ئاق كىرەر،
شۇ باشنىڭ پەرقىدە ئاسمان بىلەن يەر.»

مىڭ يىللار گىرەلىشىدىغان تەۋەم مۆجىزىسىگە يېرىم مۆچەل قالغاندا مەن ئاتمىش ياشقا كىرىمەن.

ئاتمىش ياش - ھايات مەنزىلىدىكى ئۆزلۈكنى يوقلاش قونالغۇسى! ئاتمىش ياش - يۈكسەك سۈكۈنات، تېرەن تەلقىن پەللىسى! تەڭرى لايىدىن ئاتا قىلغان ۋە ئانا قارنىدىن پەرزەنت قىياپىتىدە تۆرەلدۈرگەن ئىنسان ئۆزىنى دۇنيا مەشغەتلىرىگە بۇرما مىختەك بارغانسېرى كۆچەپ كىرگۈزۈپ، ئاتمىش يىلنى تاماملىشى مۇمكىن. سىرتقى تۇسى پەرىزاتتەك ئەپسۇنكار، ئىچكى ماھىيىتى تۈگمەن تاشلىرىدەك بىۋاپا، ياۋۇز. ھېلىگەر بۇ قەدىمكى دۇنيامۇ ئاتمىش يىل ئىچىدە ئۆز سىرلىرىنى ئىنسانغا يەتكۈدەك ئاشكارىلاپمۇ ئۈلگۈرىدۇ. ئۇ، نادان، خەسىسكە يىغا، دانا ۋە ئارىفقا بىر سوغۇق كۈلكە ئاتا قىلىدۇ. ئۇنى بوياپ - سىرلاپ دوك بولۇپ كەتكەنلەرگە ئۇنىڭ بېرىدىغىنى خىيالىي سۇمۇرغ ئىزىنىكى، خالاس! ئاتمىش يىل، ئەزەلدىن ئىنسانغا ئۇ بىر چاغلاردا تۇتىيا بىلىپ قاتتىق چاڭگاللىۋالغان نەرسىلىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلاشقا، ئۇ پىداكارلىق قىلغان ئەقىدىلىرىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشكە بىشارەت بېرىپ كەلدى. بۇ ئاخىرقى «ئوغۇز سۈتى» ئىشارىتىنى پەملىگەنلەرمۇ، پەملىمىگەنلەرمۇ تالايلاپ ئۆتتى. پەقەت، زامان سەھىپىلىرىنى كالىندار دەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن تاش كاللا «زاھىد» لارنى ھېسابلىمىغاندا، ئاتمىش ياش - خاسىيەتلىك ئىككىنچى تۇغۇلۇش ئەييامى!

كۇڭزى ئاتمىشقا كىرگەندە: «ئارقىمغا قايرىلىپ نەزەر سالسام باسقان قەدەملىرىم خاتا بوپتۇ» دېسە، ئەھمەد يەسەۋىي:

«كۆزۈم يۇمۇپ تاڭ ئاچقۇنچە يەتتى ئاتمىش،
بېلىم باغلاپ مەن قىلمىدىم بىر ياخشى ئىش»

دېگەنىكەن. ئۇ، 63 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئويغانغانلىقىنى ئىقرار قىلغان.

شۇنداق، ئاتمىشقا كىرمەيمۇ ئويغىنىش - «ئارىف» بولۇش مۇمكىن. شاھزادە سىددىخارتا ياش تۇرۇپلا «بۇددىھا» (ئويغانغان) لىققا ئېرىشتى ۋە «ساك خەلقىنىڭ دانىشمىنى (ساك يامۇنى)» دەپ ئاتالدى. ۋەھالەنكى، ئاتمىش ياشتىمۇ غەپلەتتە قالغان كىشىنى زېمىن لەرزىسى بىلەن تەقدىر زىلزىلىلىرىمۇ ئويغىتالمايدۇ. بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق، چۈنكى ئۇنىڭ ئويغىنىشى ئېتىبارىنى يوقاتقان.

ئويغىنىشمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئەھمەد يەسەۋىي:

«زاھىد بولما، ئابىد بولما، ئاشىق بولغىن» دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ، ۋەسلى ئىلاھنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاشنى ئويغانماق، دېسە، جالالىددىن رۇمى ئىنساندا تەڭرى قىممىتى ۋە ئەقىدە ماقامىنى كۆرۈشنى ئويغانماق دەيدۇ. نيو - يورك شەھىرىنىڭ سابىق باشلىقى جون. لىنسىي بولسا: ئاتمىشتىن ھالقىغاندىن كېيىن، ھېچقانداق نەرسىنىڭ تاماسىدا بولماسلىقنى ھەقىقىي ئەركىنلىك، دەپ قارايدۇ.

شۇنداق، مەن ئويغىنىش يېشىمغا - ئارىف يېشىمغا كېلىپ قالدىم. تىرىك ۋاقتىمدا ئۆلۈمنى

ئويلاپ، مۆتىۋەر چېغىمدا تۇپراقلىق زاتىمنى تونۇپ، كىبىرۇ - ھاۋانى قايرىپ قويۇپ ئۆز - ئۆزۈمگە مۇنكىر - نىكىر سورىقىنى سورىغىم بار. ئۆمۈر مەنزىللىرىمدىن ئۈمىد جاۋاھىراتلىرى تېپىش نىيىتىدە تەرمەچلىرىم سېلىنغان سەپەر خۇرجۇنۇمنى تەلقىن داستىخىنىغا تۆكۈپ، ئۇلارغا ئەقىل بىلەن نەزەر تاشلىماستىن، بۇ ماقامغا قەدەم قويالمايمەن.

شۇنى شەرت قىلىمەنكى، مەن ئىنسانىيەت تېخى يوقاتقان ئۆزىنى، ئۆز ماھىيەتلىرىنى تاپالمىغان ئىرادا تۇغۇلدۇم. مەن يەنە «يىپەك يولى ئىللەتلىرى» مېنىڭ كىشىلىك مۇھىتىم بولۇپ تۇرغان ئەسىردە ياشىدىم. ھايات سەرۋىمگە زامان تۇزانلىرى بىلەن قاپلانغان چىپار يۆگۈمەچلەر چىرماشقان. ھازىرقى زامان روھىي كېسەللەر ئالىملىرىنىڭ: پۇقرادىن پرېزدېنتكىچە ھەر خىل دەرىجىدە غەيرىي نورمال روھىيەتكە گىرىپتار بولغان، دېگەن شۇ كېسەلچانلىقتىن مەنمۇ خالىي ئەمەسمەن. ئەلدىن مەغپىرەت تىلەش، ئەقىل پاكلىقىنى ئىزدەش - مانا بۇ مېنى قىزىقتۇرۇۋاتقان پىداكار تېما. «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۇچۇرىدىن ئۇچۇر قىلماقچىمەن.

## 3. تەقدىر چەمبىرى ۋە ئىرادە ھۆرلىكى

«زامان - ماكان - تۇركۇمدىن پۈچىلۇر تەقدىر - قىسمەت.
ئاقىۋىتىنىڭ بېكىتەر مەندە ئىرادە - ھىممەت».

ئادەم ئۈچ نەرسىدىن ھالقىيالىشى تەس. ئۇ، ماكان، زامان ۋە ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەت تۇركۇمىدىن ئىبارەت. مەن مىلتىق بىلەن كەتمەن تۇرمۇشىنىڭ يىلتىزى ۋە شېخى قىلىنغان ماكان - زامان - تۇركۇمدە ياشىدىم. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قانىلى - تارىم ۋادىسىدا كونا - يېڭى مەدەنىيەتلەر ئارىلاشقان، تارىخىي ئەپسانىلار بىلەن كەلگۈسى خىياللىرى رېئاللىقتىن شۇنچە يىراق بولغان، ۋەزىيىتى خۇددى تراكتور ئارقىسىغا چېتىلغان كوزۇپتەك ئۆزىدىن سىرتقى قۇدرەتلىك داۋالغۇشلار تەسىرىدە تېز ئۆزگىرىدىغان زامان مېنىڭ نەپەس خەزىنەم بولدى. ئەتراپىمدا ئالىيجانابلىق بىلەن خەستىلىكنى ئۆز روھىيىتى قىلغان خەلق ھەرىكەتلەنگەنىدى. مەن تۇغۇلماستىن ئىلگىرى باشلانغان يېڭىچە مائارىپتىن بارغانسېرى شۇنچە كۆپ كىشى تەربىيىلىنىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىغلىرى ئاز ۋە بەختسىز ئىدى. خۇددى خەلق چۆچەكلىرىدە ئېيتىلغاندەك ئۇلارنىمۇ «بارسا كېلەر»، «ياكى كېلەر ياكى كەلمەس»، «بارسا كەلمەس» ھايات يولى ئىككىلەندۈرۈپ تۇراتتى. پۇل - بايلىق - بارسا كېلەر، ھوقۇق - يا كېلەر، يا كەلمەس، مائارىپ - بىلىم يولى - بارسا كەلمەس يولغا ئوخشاپ قالغان. ھوقۇق تۇتقانلار ۋەزىيەت

مۇقىم زامانلاردا «پەيتۇن ھارۋا» غا ئولتۇرۇپ، بىر قەپەس دەۋران سۈرەتتى. ئەمما بىر ئۆمۈر دەۋران سۈرگەنلەر ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھوقۇقنىڭ تۆپىسىدىمۇ، تېگىدىمۇ ئىككى قورقۇنچلۇق كۈچ تۇرغاچقا، بىر قارىسا يالغان نەرسىدەك، ئەمما ئۇ ھەر ھالدا ھالاك ئالدىدا يىلتىزى ئېچىلىپ قالغان دىقماق دەرەختەك ئەنسىزلىكتىن خالىي ئەمەس ئىدى. پۇل ئىگىلىرى پاتقاقتىن مەرۋايىت يىغقاندەك ھەپىلىشىش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇلار ھوقۇقنىڭ قوغدىشىنى، ھوقۇقمۇ پۇلنىڭ بېقىشىنى شەرت قىلغانىدى. بايلارنىڭ مازارلىرىمۇ تام چۆرۈلگەن، بەزىلىرى شامگۈر قىلىنغان ئالتۇنلۇقلار ئىدى. ھېلىقى ھوقۇقدارلارنىڭ قەيەرلەردە قانداق ئۆلۈشىنى خۇدا ئۆزى بىلەتتى.

قەغەز - قەلەم ئەھلى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەقدىرى ئومۇمەن ئېغىر ئىدى. بايلار ياكى ھوقۇقدارلارغا ياللانغانلىرى، ھەتتا ھوقۇقدار بولۇپ قالغاندىمۇ ھۆرلۈك پەللىسىدىن يىراقتا تۇراتتى. زىندانلاردا چىرىپ كەتكەنلەرنى ھېسابلىمىغاندا، زاماندىن - زامانغا دۇملاۋەرگەنلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغان بىلەن، باغرى ئالا - يېشىل بويۇلۇپ كەتكەنىدى. كۆپچىلىك زىيالىيلار تۇرمۇشىنىڭ تۆۋەن نېسىۋىسى بىلەن خۇددى مېيىپ كىشىلەردەك تىرىشىپ - تىرمىشىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارنى بايلارمۇ، ھوقۇقدارلارمۇ، قارام - لۈكچەكلەرمۇ، زاھىد - ئىشانلارمۇ خەتەرلىك تۈركۈم ھېسابلىشاتتى. سىياسىي كاززاپلار ئۇلار ئارىسىغا ئۇۋۇتايغانلىرىنى سېلىپ جاھاندارچىلىق شىكارلىرىنى قىلىشاتتى. يۈرەك ۋە سىل كېسىلى، ھاقارەت ۋە تەھدىت ئۇلارنى قورقۇتالمىدى. ئۇلار ھەر ھالدا تارىختىن، دۇنيادىن، ھەقىقەت ۋە ئادالەتتىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلار يېڭىلىقنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى، مۇئەييەن تەرتىپ قېلىپى تولىمۇ سوزۇلۇپ كەتمەسلىكىنى ناھايىتى ئاددىي ئەمما ئۈمىدۋار خاھىش قىلىشقانىدى. مەن مۇشۇ جۈملىلەرنى يېزىۋېتىپ، ئۆز ئۇستازلىرىمنى، ئۇلارنىڭ ئۇچقۇر كۆز، تېرەن پىكىر، كەم بىسۆز ياكى ناتىق، پەقىر - مىسكىن ھالىتىنى، ئۇلارنىڭ كېسەلچان ھەم تىرىشچان ئاياللىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەقلى تېز يېتىلگەن لاچىن مىجەز گۆدەك پەرزەنتلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. مانا مەن ئاتمىش ياشقا كىرگىنىمدە ئۇلارنىڭ تولىسى ھايات مەنزىللىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغان. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان نۇر، سۆزلىرىدىن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت تېخى ئۆچمىگەن، ئۇ - پۈتۈن تارىخ ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى شۇ خىل نۇر ۋە ئوتلار بىلەن بىللە ئىنسانىيەت ئارىسىدا مەدەنىيەت قۇياشىنى بەرپا قىلدى. ئۇلار چۆلدە كۆرۈنىدىغان ئالۋۇندەك، بار دېسە بار، يوق دېسە يوق قىسقا ئۆمۈرلۈك ھوقۇق

ئەملىگە قارىغاندا، خەلق تۈركۈمى قوينىدا يالتىراپ تۇرغان بىباھا گۆھەرلەر ئىدى. ئۇلار يۇقىرىنىڭ قولى، تۆۋەننىڭ خوجىسىلىق ماھىيەتلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن ئوتتىغاتسىز ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن ۋىجدان مۇختارىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مەغرۇر ئىدى.

## 4. قەتىردىن قۇياشنى ئىزدەپ

«زامان، ماكان بىپايان، كىزىپ چىقالماس ئىنسان،
كىتابەت قەتىرىسىدە بىلىم قۇياشى ئايان.»

مېنىڭ ھايات يولۇم پۇل چېكى ياكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى ساناش بىلەن ئەمەس، بەلكى كىتاب - ژۇرنال سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاش بىلەن ئۆتتى. مېنىڭ ئۆمۈر پائالىيىتىم ئائىلىدىن مەكتەپكە ئۆتۈش بىلەن داۋاملاشتى. ئوقۇتقۇچى بولۇش ماڭا ھەم تەقدىر، ھەم ھىممەت - ئىختىيار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئالۋۇن مەنسەپ، ۋاپاسىز تاپاۋەت مېنى ئۆزىدىن سەسكەندۈرەتتى. نىمىشقىدۇر ئىزگۈ ۋە مۇڭ بىلەن گىرەلەشكەن سۈكۈنات شەكلىدىكى تەپەككۇر مېنىڭ قۇياشنى - يورۇقلۇقنى ئىزدەش مەشغۇلۇم بولۇپ ئادەتلەشكەنىدى. ماكان - زامان - تۈركۈم ساپاسىنىڭ تارىخىي قاتلىمى تۆپەيلى مەنمۇ خۇددى «يىپەك يولى» بېكىلگەن زامانلاردىكى دادام، بوۋام ھەم چوڭ بوۋىلىرىمدەك تەقىپ، تۇتقۇن، بوھتان ۋە باغلاق رىيازەتلىرىدىن خالىي بولالمىدىم. مەن بۇ جەھەتتە ھېچبىر رەقىبىم ياكى خالاسكارىم بولغان شەخسنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن. قورققاق دوستلىرىم بىلەن شەپقەتتىن ئادا - جۇدا بولغان ھوقۇقدار تۇغۇشقانلىرىمنى نامەردلىكتە ئەيىپلىيەلمەيمەن. نامەردلىك مەلۇم مەنىدە ساناقسىز كىشىلەر پادىسىنىڭ روھىيەت ھالىتى بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى ماكان - زامان - تۈركۈم ساپاسىدىن تەركىب تاپقان مەسخىرىلىك تارىخىي قاتلامدا ئىدى. ئېسىمدە بارىدا ئېيتىۋالاي: مۇشۇ تارىخىي قاتلامغا قانداق مۇناسىۋەت، مېنىڭچە، كەلگۈسىنىڭ ئۆز ئۆتمۈشىدە يارىتىلغان قەغەز - قەلەم دۆۋىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىدىكى مىزانغا ئايلىنىشى تولىمۇ تەبىئىي.

كىتاب ماڭا ئىلىم، يورۇقلۇق ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرچان پىكىر بېغىشلىدى. بۇلا ئەمەس، كىتاب يەنە مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىكى بىر قاتار بىگۇناھ سۇيىقەست ۋە ئىجتىمائىي پاجىئەلىرىمگىمۇ يول ئاچتى. ماكان - زامان - تۈركۈم ئۆچبۇرجىكىدە ماگىلان كېمىلىرىنىڭ غەرق بولىدىغانلىقىنى، «بىكىنمىچىلىك» تامغا قىلىنغان تارىخىي قاتلامدا تەپەككۇر ئۇچقۇرلۇقىدىن بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىددىق زەلىلى، ئابدۇللا خاراباتى، يەنە ئابدۇقادىر (داموللا) ئەزىزى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ پاجىئەلىرىنىڭ زەنجىرسىمان دولقۇن ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى ماڭا بىشارەت قىلدى. دەرۋەقە، قۇمۇلدا قايسىدۇر بىر دانا: «ھەقنى دېمەكلىك، ئاچچىق يېمەكلىك» دېگەنىكەن.

مەن چەككەن رىيازەتلىرىمگە سەۋەب بولغان تارىخىي مۇقەررەرلىكنى ھېس قىلىش بىلەن بىللە، مۇشۇ ئوت - تۈتەكلەرنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان پولات شالاسۇن ۋە چويۇن قازاندا پىشقان ئەقىل - ئارىف غىزاسىنىڭ قىممىتىنى قەدىرلىدىم. مېنىڭچە، ھەممە نەرسە - توپان بالاسى، قۇياشنىڭ كۆيۈشى، دەشتى - چۆلنى جەسەتكە تولدۇرىۋەتكەن جەڭ، ئېيسانى ئاسقان دار، بوزۇلغان مۇھىت، ئايىنىپ كەتكەن ئۇلپەت. . . يەنە نىمە - نىمىلەر - قىسقىسى، پۈتكۈل ئاپەت ۋە قاباھەت خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك بىر قىيامى شەربەتنىڭ - ئىزگۈلۈك، بىلىم ۋە يورۇقلۇقنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىدۇ! چۈنكى، ئۇمۇ جىددىي ئۇچۇردىن ئىبارەتتۇر. تۇرمۇش شۇنداق نىمە، ئۇنىڭدا گۆش يەپ، چىش كولاش بىلەن ھوزۇرلىنىپ لەيلەپ يۈرمىسەڭلا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى «پەرداز قىلىنغان پەرى» قىياپىتىنى ساڭا ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. شەرت شۇكى، نەپسىڭنى پىكىر ئىلھامچىسى، مەئىشىتىڭنى رەڭلىك كۆزەينەك قىلىۋالما!

مەن ئوقۇدۇم! خۇددى يېقىندا كاتتا ئىمتىھان بولىدىغاندەك، خۇددى يېقىندا يېڭى بىلىم گوررىزىنت سىزىقى ئېچىلىپ ساۋاتسىزغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك جىددىيلىك، ئالەم سىرلىرى ئۈستىدە ئۆتكەن ئالىملاردىن دەرس ئالغاندەك كىچىك پېئىللىك، ھەممە مۇتلەق خۇلاسىلارغا ئىسيان كۆتۈرىدىغاندەك گۇمانىي تۇيغۇ، يېڭى بوغۇننىڭ ئەلچىسىدەك جىددىي جاۋابكارلىق بىلەن ئوقۇدۇم. مەن ھېلىمۇ ھەر كۈنى ئوقۇيمەن. پاراڭ - خەۋەر مەنبەلىرىگە قارىغاندا، ئاساسىي بىلىش مەنبەلىرىگە مايىلمەن. قاچانكى كىتابتىن مەن بىلمەيدىغان يۇقىرى قاتلام بىلىملەر، بىشارەتلەر، ناتونۇش ئىبارىلەر چىقىپ مېنى لۇغەت ئىزدەشكە مەجبۇر قىلسا ئالاھىدە روھلىنىپ كېتەتتىم. ئۆز سەۋىيەمگە لايىق ياكى مەن ئۈچۈن «ئاتام ئېيتقان بايىقى» قىممىتىدىكى كىتابلارنى بىر قۇر ۋاراقلاپلا نېپىز ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتىم. ئىبىن سىنا كىتاب ئوقۇپ چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن كايىمىغان بولسا فارابى بىلەن باغلانمىغان، ئارىستوتېل پىكىر ئېقىمىغا قەدەم قويمىغان ۋە «شەيخۇل رەئىس» بولمىغان بولاتتى. كىتاب - ئۇ تېلېفوندىكى سۆزلىشىش ئەمەس! ھۇرۇنلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەلگىسى ۋە غەپلەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالامىتى، مېنىڭچە، كىتاب داستىخانىدا مۇئەللىپنى تائامنى چايناپ بېرىشكە بۇيرۇشتۇر. مەن ئەزەلدىن بىلمىگەنلەر- نىڭ ناتوغرىلىقىنى ئاشكارىلاپ بىلىم ھەققىدە

سۆزلەشنى زادىلا خالىمايتتىم. بىلگەنلىرىنى بازلاش ھاماقەتلىك ۋە تەنتەكلىك دېگەن قارىشىم دەسلەپتىلا چۈشەنچە شەكلىدە ئەمەس، ئادەت شەكلىدە مېنى سۈكۈناتچان قىلىپ كەلدى. ناتوغرا سۆزلىگەنلەردىن پات - پاتلا ھەقىقەت ئامىللىرىنى ئاقتۇرغۇم، بەلكى ئۇنىڭ بىرەر ئاساسى بارمىكى، دېگۈم كېلەتتى. چۈنكى مەن ئىلىمنى بەيگە ئېتى، بايۋەچچە قولىدىكى ئالماس كۆز ئۈزۈك، موللام ئاغزىدىكى پەتىۋا دەپ ئەمەس، بەلكى پەقەت باشلانغان، داۋام قىلىۋاتقان، تۈگەللەنمىگەن ئالەمشۇمۇل - تارىخىي ئىزدىنىش بىناكارلىقى، دەپ قاراپ كەلدىم.

ئىلىم پىداكارلىرىنىڭ تەزكىرىسىنى بىلىش مېنىڭ دائىملىق «پاكلىنىش» دەرسىم بولدى. ئۇ، سەلتەنەت ساھىبلىرىنىڭ تاسادىپىي ۋە تەۋەككۈل شەجەرىلىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى - ئىلىمگە ئەمەس ئالىملىققا، ھېكمەتكە ئەمەس ھاكىملىققا، ئېزگۈ يۈكسەكلىككە ئەمەس ساختا شۆھرەت ۋەسۋەسىگە، پاكلىققا ئەمەس سۈيىئىستېمالغا بېرىلىپ بۇ قۇياش قەلئەسىگە قەدەم قويغانلارنىڭ قولىدىكى قەلەم، زامانلار ئۆتۈپ ئۇلارنى ھەشەمەتلىك ساختا لەھەتلىرىدىن ئىرغىتىپ مەسخىرە مەيدانىغا تاشلايدىغان پولات كۆرەك بولىدىغانلىقىنى مەن ئەشۇ قۇتلۇق تەزكىرىلەردىن بىلدىم.

مەن فارابى، ئىبىن سىنا، ئەلىشىر نەۋائىيدەك بىلىش يولىدا نىكاھسىز ئۆتۈشنى راۋا كۆرمىدىم. شۇنىڭدەك سەيفۇل دەۋلە، نوھ ئىبىن مەنسۇر، ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھامىيلىق قىلىشىنىمۇ مۇناسىپ كۆرمىدىم. ئاقىلانە - پىداكار ئائىلە ۋە غېرىبانە سىياسىي تەنھالىق مېنىڭ ئىككى ئامىتىم بولدى. ئۇ، قەلبىمنى قىزدۇرۇپ، زېھنىمنى سوۋۇتۇپ تۇردى، روھىي ئەسەبىيلىكتىن «يەكچەشمە» بولۇپ قالمىدىم. تەرسا رەشكى ھەسەت بىلەن ناھەق رىيازەت مېنىڭ مۇشۇ ئۆمۈر مۇھىتىمدا ئېرىشەلىشىم مۇمكىن بولغان ۋە مېنى قەھۋەخانىغا ئەمەس، زېھىن خىلۋەتگاھىغا باشلاپ بارىدىغان نوبېل مۇكاپاتىم ۋە ئوسكار مۇكاپاتىم بولدى! ئۇ ماڭا ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە: «مائارىپ قەسرىسىدىن شاھادەتنامە ئالغانلارنىڭ ھەممىسىلا ‹ئارىپ› بولىۋەرمەيدۇ!» دېگەن پىكرىنى قايتا ئەسلىتىدۇ.

## 5. ھېسسىياتخۇمار ئىرسىيەت

«مۈشۈكنى ھارۋىغا قوشساڭ كاڭغا سۆرەيدۇ.»
- قۇمۇل خەلق ماقالىسى

ئىنسانشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كېيىنكى نەتىجىلىرىدىن بىرى مىللەتلەرنى «ئېتنىك مەنىدىكى مىللەت»، «ئىجتىمائىي مىللەت»، «سىياسىي مىللەت» دېگەن ئۈچ كاتېگورىيىگە ئاجرىتىش بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ كاتېگورىيىلىرى ۋە ئۇنىڭغا مىسال كەلتۈرگەن مىللەتلىرى ھەققىدە بۇ يەردە توختىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمما، شۇنىسى روشەنكى، مىللىتىمىز پارلاق مەدەنىيەت «ئەلئىبھراملىرى»نىڭ بىناكارلىرى بولۇشى بىلەن بىللە، ھازىرقى «ئېتنىك مەنىدىكى مىللەت» لىك كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ چىققىنى يوق. ئۇلار چەت ئەللەرگە تارقىلىشنى خالايدۇكى، يەھۇدىيلاردەك چەت ئەللەردىن كېلىپ توپلىنىشنى خالىمايدۇ. ئۇلاردا بىر ئېتنىك - تەبىئىي مىللەتكە خاس پۈتۈن ئالامەت، مەدەنىيەت ۋە گۈزەل سەنئەت، مىللىي ئادەتلەر تولۇق. ئۇلارنىڭ ئۇتۇق ۋە ئىللەتلىرى، ئالىم ۋە شائىرلىرى، سەركە ۋە جامائىتى تۈگۈل ھەتتا ئىپتىخار - نومۇس، مۇھەببەت - نەپرەت، باھا - پاراڭ جۇغلانمىلىرىمۇ ئۆز كاتېگورىيىسىگە لايىق. ئۇلار قۇم - بوران ۋە سۇ ئاپىتى بىلەن ئوقۇش ۋە خىزمەت سالاھىيىتىدىن يۈرەكزادە بولۇپ، مول - ھوسۇل ياكى توي - تۆكۈندىن مەشرەپ قۇرۇپ كېلىشتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ يۇرت كاتتىلىرىمۇ سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككىلەمچى نەرسىنى، مۇقامدىن ئىبارەت بۇ «دەستىسى ساتاردا، بەستىسى ئەيتاردا» بولغان ئىككىنچى زۆرۈرىيەتنى خەلقنىڭ توپ خۇمارى قىلىپ، بىر - بىرىدىن بەكرەك سۆرەن سېلىشتى. مەن ئۈستىگە مال - يۈكتىن ئىبارەت «توقام» سېلىنغان تۆگىدە ئولتۇرۇپ قەدىمكى «يىپەك يولى»دا مۇقام ئويناپ كېتىۋاتقان بەش سەنئەتچى تەسۋىرلەنگەن رەڭلىك ساپال ھەيكەلنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. ئۇلار ئاڭسىز بولسىمۇ، تارىخىي ماتېرىيالىزمغا ئەمەل قىلىپ «توقام» بىلەن «مۇقام» نى تەڭ تۇتقان، «توقام» نى ئاستىغا بېسىپ تۇرۇپ، بەرباپ تارىسىغا ناخۇن سوققانىكەن. بىزچۇ؟!

گۆدەكلىكىمدە مەنمۇ سەنئەت خۇمار بولۇپ قالدىم. ماڭا تەسىر قىلغىنى، ئالمۇتىدىن كىرگەن ئوقۇش كىتابلىرىدا تىلشۇناس ۋە ئەدىبلەرنىلا شۆھرەتلىك ئالىملىرىمىز دەپ تونۇشتۇرغانلىقى، بىزدە ھېكمەت ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى ھەققىدە خەۋەرسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ئىدى. ئەكسىچە، مەن يېڭى زامان «ئەدەبىيات» ۋە «ئالماناخ» لىرىدىن ئەمەس، ھېسسىياتقا باي خەلق قېنى، تۇرمۇش مۇڭى، تەسەۋۋۇر يالقۇنى بىلەن كونا شېئىرىي دىۋانلار تەسىرىدە كىلىنكىلىرىمدىكى شېئىرىي ئىرسىي ئامىللارنى چاقماق قىلىپ، قەلب چېقىنداقلىرى چېقىشقا مايىل بولدۇم. كېيىنچە شېئىرىي ھېكمەت ئۈستىلىرى - نەۋائىي، شىرازىي، گيوتى، ئۆمەر ھەييام بىلەن مەشرەپ ئەسەرلىرىدىن شېئىرىيەتنىڭ ئىنسانىي ياۋۇزلۇقتىن قۇتۇلۇشقا مەدەت قىلىدىغان ھازىرقى زامان «ئىنجىلى» بولۇشى مۇمكىنلىكىگە ھەيران بولمىدىم. بۇ مۇمكىنلىك تەلەپكار مۇمكىنلىك

ئىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ھادىسىلەرگە كۆپرەك تۇتاشقان ھېكايەتچىلىككە قارىغاندا دەبدەبىسىز، شادىيانە چوقانلاردىن يىراق ياۋا شېئىرىيەت يولىغا كىرىپ كەتتىم. ھەر خىل گۈللەردىن، چىلان تۇپراقتىن ئاقىدىغان ئېرىق بويىغا ئۆسكەن رەيھان ۋە يالپۇزلاردىن پەرقلىق مېنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتلىرىم يۇلغۇن چېچەكلىرىگە ئوخشاش تەنھالىق مۇڭى، ئۇسسۇزلۇق چاڭقىقى ۋە بوران ئەنسىزلىكى بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭدىن سەتەڭلەرگە ئوسما، گۈلخومارلارغا تەشتەك گۈلى چىقمايتتى. خۇش پۇرىقى ۋە ئەتىر گۈلىدەك يۇمران - نەپىس بەرگى بولمىغان بۇ ھالدىكى چېچەكلەر ئۆز ئىزىغا تۆكۈلۈپ، ئۆز شېخىدا ئەسىرلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئەۋجىنى يالقۇنلۇق تونۇردا ياكى گۈلخان ئۆركەشلىرىدە كۆرۈش مۇمكىن.

يازغان ھېكايىلىرىم كۆپ ئەمەس. «زۇلۇم ئوچىقى»، «ئاق خالات»، «كېسىلگەن قولاق»، «كىچىككىنە ئاسگۈل»، «نىلۇپەر»، «تاش پەرى» ھېكايىلىرىنى يازدىم. نىمە ئۈچۈندۇر، ماكان - زامان ھادىسىلىرى بىلەن تۇتىشىدىغان چوڭراق ۋە كۆپرەك نەسرىي ئەسەرلەرگە مەيلىم بارمىدى.

ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىغان تارىخىي دراملىرىمدىن يەتتىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇلار: «سۇمۇرغ قوشىقى»، «قەدىمكى يىپەك يولى»، «ئوردىدا باھار»، «پىلە مەلىكىسى»، «مەلىكە گۈلىيۇز»، «تەڭرىتاغ ناخشىسى»، «دات باسمىغان قىلىچ» دىن ئىبارەت. «مەرۋايىت مەلىكە» نامىدا ئۇسسۇل سپېكتاكلىمۇ يازدىم. نىمىشقىدۇر 30 ياشلاردا يازغان بۇ تارىخىي دراملارنى ئىشكاپىمدىن چىقارغىم كەلمىدى.

شېئىرلىرىمنىڭ ئوندىن بىرى ئېلان قىلىندى. ئېلان قىلىنمىغان شېئىرلىرىمنى «باھارىيات»، «ئاق تۇز»، «ئۈچقۇن بىلەن شەبنەم»، «كۆڭۈل كۈيلىرى»، «ۋىسال بېغى»، «سىرىن چېچەكى»، «ئېزگۈلۈك كۆز يېشى» قاتارلىق توپلاملارغا ئايرىدىم. شېئىرلىرىمنى ئومۇمەن بەش تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

لىرىك شېئىرلارنى بارماق ۋەزنىدە قىسقا يېزىشقا مايىل ئىدىم. ئۇلار ئىككى، ئۈچ، بەش كۇبلېتنى ئاساسىي شەكىل قىلغان بولۇپ، يۈرەكتەك چاقىقان بولسا، ئۆپكىدەك سوزۇلما بولمىسا، دەيتتىم. مەسىلىنى قويۇپ يەشمەسلىك، ماجازى غۇۋالىق، ھەممىنى تېراگدىك تۇستە ياساندۇرۇش، چاقماق چېقىپ قويۇش، كۆز يېشىنى مىسرا قىلىپ قاتۇرۇش مېنىڭ ئىزدىنىشىم بولسىمۇ، ناباپ شېئىرلىرىممۇ ئاز ئەمەس، ئۇلاردا ياكى گۈزەل بىر پىكرىي روشەنلىك ماقامىغا يېتەلمەي قارا قولۇلە قارىنىدىكى مەرۋايىتتەك قامىلىپ قالغان ياكى ئەرزىمەسلىك ئىچىگە ۋاز كېچەلمەس ئىبارىلەر يوشۇرۇنغان. بۇلارنى قايتا ئىشلىمىدىم. مەن تەسادىپىي، كوچىدا تىترەپ ياكى مەيۈسلۈك كۆز يېشىغا چۈمۈپ شېئىر «قوشقان» لىقىم ئۈچۈن، شائىرلىق ئىستىكى ۋە تەھرىرلىك تەلىپى بىلەن تەكرار ئىش ئېلىپ بېرىشقا ھەۋەسلىنىپ كۆرمىدىم. نەتىجىدە، شېئىرلىرىم يوشۇرۇن، تەبئىي، ئىپتىدائىي جاڭگال پېتى قالدى. بۈگۈن ئۇنى تۈزەي دېسەم، ئەينى زاماندىكى ئىلھاملىرىمنىڭ چىنلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن ۋە گۆدەككە ئاتمىش ياشلىق چوڭ دادىسىنىڭ قېنىدىن ئوكۇل بېرىشنى مۇناسىپ بىلمەيمەن. مۇزىكىغا تەرجىمان، شېئىرغا تەھرىرنىڭ ھاجەتسىزلىكى ھەققىدە مۇتلەق بىر نىمە دېگۈم يوق.

غەزەل - قەسىدىلىرىم «شەيدائى» تەخەللۇسىدا يېزىلدى. «گۈلزار ئاشىقى»، «بۇلبۇل ئازادى» نامىدىمۇ ئازغىنە غەزەللەرنى يازدىم. «ھەمراھى» تەخەللۇسىدا ئانامنىڭ غەزەللىرىنى رەتلىدىم ۋە ئۇنىڭغا غەزەللەر قوشتۇم. غەزەلنى بەش - يەتتە بېيىتلىق ئەنئەنىدىن ئاشۇرماسلىقنى، پىكىر بىلەن سىمۋولنى بىرلەشتۈرۈشنى خالىساممۇ ياۋا مېۋىلىرىمنىڭ ھەممىسى بىردەك چىقمىدى. ياقتۇرمىغان، زاكاز تەلىپىدە ئېلان قىلىنغان غەزەللىرىمدىن تېنىۋالالمايمەن. ئەمما، غەزەللىرىمگە پۈتۈن خەلقنى قەلبىگە يوشۇرغان روھىيىتىم يوشۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ قانچىكى روشەنلىكتىن مەھرۇملىرىدا بۇ سىر ئۆز زامانىسىغا لايىق مۇساپىدە قاتمۇ قات ماجازلاشقان. ئەنسىرەيدىغىنىم، بۇ قېلىن پوستلۇق بادامىلارنىڭ سەنەم لىۋىدىن چەتتە قېلىشىدىن ئىبارەت. كىمكى ئېرىنمەسە ۋە تىلسىم ئاچقۇچىنى تاپالىسا، بۇ غەزەللەر ئىچىدىكى مېغىزنى ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەيلى ئۇ بىر قانچە كىشى بولغاندىمۇ!

«رۇبائىيات» نامىدا ھازىرچە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق پارچىلارنى ئېلان قىلالىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز پىكرىنى يېتەرلىك ئىخچاملىغان غەزەلنىڭ توختىشىدىن، بەزىلىرى كۆزۈمگە چۈشكەن ھايات ماھىيەتلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالغان روجەكلىرىدىن، بەزىلىرى تەلۋە قۇيۇندىن ئايرىدە بولغان. مەن شائىر ئەمەس، رۇبائىيچىمۇ ئەمەس. شۇڭا، رۇبائىيچىلىقنىڭ شەكلەن تارىخىغا، تېماتىك پىكىرنىڭ تەقلىدىي تەكرارلىنىشىغا نەزەر سالغىنىم يوق. مەن ئۆزۈمنى ۋە ئەينى زاماندىكى ئۆز قەلبىمدىكى خەلق روھىيىتىنى «كالتە غەزەل» شەكلىدە يازدىم. پىكىرنىڭ سۈيۈلدۈرۈلۈشى ياكى تەكرارلىنىشىنى كېچىرىشكە بولغاندا ئىدى، ھەر بىر رۇبائىيلىرىمنى غەزەل قىلغىلى بولاتتى. بۇ،

رۇبائىيلار ئۈچۈن ئۆلۈمدىن ئىبارەت ئىدى. رۇبائىيلىرىم 80 - يىللاردا رۇبائىي قىزغىنلىقى پەيدا قىلدى.

لىرىك نەسىر نامىدىكى «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» 10 يىللىق (1966 - 1976) تىررورلۇق مۇھىتىدا پارچە - پارچە «سەۋدالىق خاتىرىلىرى» دىن توپلانغان. ئۇنىڭ بەزىلىرىنى جىددىي ئاقتۇرۇش، قاماش ۋە سوراق قىلىش مۇھىتىدا يوقىتىۋەتكەنىدىم. مەن «كاككۇكنامە» دىكى 100 نەسىر ئارقىلىق ھۆرىيەتنى، «مارجاننامە» دىكى 100 نەسىر ئارقىلىق دېڭىز ئاستىغا تاشلانغان مارجانلارنى ئاسمان يۈزىگە چاچمىغىچە ئۇيۇق يورىمايدىغانلىقىنى، «سۇمۇرغنامە» دىكى 100 نەسىر ئارقىلىق تارىخ ھېكمەتلىرىنى، «جاھاننامە» دىكى 100 نەسىر ئارقىلىق رېئاللىق ئىبرەتلىرىنى، «نىجادىيەتنامە» دىكى 100 نەسىر ئارقىلىق ھايات يولىنى يىغىنچاقلىماقچى بولدۇم.

«قارلىق تاغ شەجەرىسى» ئۈچ قىسىملىق شېئىرىي تىرىلوگىيىلىك رومان سۈپىتىدە يېشىم 30 غا يەتمەستە يېزىلغان. كېيىن ئىككى قىسمى ئېلان قىلىندى.

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ياكى تارىخىغا ئائىت ھېچقانچە تەتقىقات ئېلىپ بارالمىدىم. شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى ھەققىدە يازغان قوليازمام يوقىلىپ كەتتى. «پوئېتىكا» نامىدا كىتابنى پىلانلىغان، ھەتتا مۇقەددىمىسىنى باشلىغان بولساممۇ، ئۇ شۇ پېتى قالدى. شېئىرىي تەسىراتلار بويىچە بىر قانچە ماقالىلار يازغىنىمنى ھېسابلىمىغاندا ئاساسلىقى «ئومۇمىي ئېستېتىكا» بىلەن «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق ئىككى كىتاب يازدىم. بۇ ئىككى كىتابتا، بولۇپمۇ «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دا ئۆزۈمنىڭ قاتلام قارىشى، ئېستېتىكا سىستېمامنى بىر قەدەر روشەن بايان قىلدىم. ئۇ، گۈزەللىك بىلەن ئېستېتىكىلىقنى ۋە ئېستېتىكا ئوبيېكتلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىقىنى ئاساس قىلغان.

شېئىرلىرىم ئۇستەل ئۈستىدە شائىرانە ئوبراز بىلەن يېزىلمىغان. ئۇ، كوچىلاردا، ھارغىن ئەمگەكتىن كېيىن، ئەۋرەز يولىدىن چىقىپ ھاقارەت ئۆتكەندە، بىرەر خاتىرە ئورنىغا بېرىشتىن بۇرۇن، ماشىنىدا، ئويغىنىپ كەتكەندە يېزىلغان «سەرگەردان» شېئىرلار بولدى. مېنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىمنى ئىشقى - مۇھەببەت نۇقتىسىدىن ئىزاھلىغۇچىلارغا كۆرە، ئۇنى رۇبائىيلار، غەزەللەر، لىرىك نەسرلەر ۋە روھنى پاكلاشتۇرغۇچى، كەلگۈسىگە ئىنتىلگۈچى ئېمىدىكى ماقالىلىرىم ئىچىدە گەۋدىلەنگەن سىمانتىك پىكىر - ھېسسىيات بىلەن تەرىپلىگۈچىلەر مېنىڭ مۇددىئايىمنى چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن ھەرخىل ئەسەرلىرىمگە، ھەر خىل ئېمىدىكى قوليازمىلىرىمغا، ھەتتا ئۇنىڭدىكى بىر تال قىزىل رومال ياكى ئاق توپلىغا بىر پۈتۈن روھىيەت دۇنيارىمنىڭ قەترە ياكى زەررىلىرىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشتىم. بۇ ماڭا ئۆمەر ھەييامغا مەي، ئەلىشىر نەۋائىيگە مۇغپەچە، بابارەھىم مەشرەپكە ئىشق ئىبارىلىرى قانداق ماجازى ۋاستە بولسا، خۇددى شۇنداق ماجازى ۋاستە ھەم تەمسىللىك ئۇسۇل ئىدى. ئابستراكت غايىلەرنىڭ غەمكىن، ئەمما ئۈمىدۋار شەكلى مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن ھاۋالە سىمۋوللىرى تېپىشقا ھەمىشە موھتاج بولۇپ كەلگەن. شېئىرلىرىمدىن بىرەر سىمانتىك پىكىر مەرۋايىتىنى تېپىشنى ئىزدىگەن كىشى ئۇنى قارا لايغا مىلىنىپ تۇرغان قۇلۇلە قېپىنى يېرىپ ئېچىشى مۇمكىن.

مەن شائىرلارنىڭ مۇتەپەككۇر بولۇشىنى ۋە بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارنىڭ كەمرەك بولۇشىنى، ئالىي ماقاملىق كەسپىي شائىرلاردىن باشقىلىرىنىڭ پەلسەپە، قانۇن، ئىقتىساد، تەبىئىي پەن، تېبابەت، ماشىنىسازلىق، تېخنىكا پەنلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساسىي ئىقتىدار ۋە تۆھپىكارلىق ئورنىغا قويۇشنى، رەڭلىك شار قويۇۋېتىش ۋە ساليۇت زەمبىرىكى ئېتىشنى ئاساس قىلىۋالغان مەيخانا ئىشكىدىكى قىزىل كاستيۇملۇق «خۇش كەلدى جانان» بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن رىقابەت ياكى ھەسەت بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلققە، خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بولغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا مەسئۇلىيەت بىلەن شائىر ۋە ئەدىبلىرىنىڭ «ئاز ۋە ساز» بولۇشىنى ئېغىزغا ئالدىم. چۈنكى بىزگە شېئىر مۇسابىقىسى دۈچ كېلىۋاتقىنى يوق!

## 6. «ئۈچ خەزىنە»

«ئۈچ خەزىنە ئېتىخار، مىلك ھېكمەت ئۇندا چاقنار،
ئۇ ئۇنتۇلسا زىمىستان، ئۆتېپىلسا نەۋ باھار.»

«‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» ناملىق كىتابىم 1956 - يىلى ئىككى تىلدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» دېگەن ماقالەم بىلەن باشلانغان ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىش ئاساسىدا شۇ مۇئەللىپنىڭ يېشىدا يېزىلغان. بۇ ئارىلىقتا «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى - ‹قۇتادغۇبىلىك› (ياپونىيىدە ئېلان قىلىنغان)» قاتارلىق يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدىم ۋە باشقا كىتابلىرىمدا بۇ ھەقتە توختالدىم. بۇ كىتابنى يېزىشقا بەش نەرسە تۈرتكە بولدى، ئۇلار: رەشىد رەھمىتى ئاراتنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئېچىلمىغان خەزىنە، دېيىشى؛

ھار تولدىنىڭ. بۇ كىتابنى تۈۋەنلەشتۈرگەن سۆزلىرى؛ ئاپتور قەيسىرنىڭ قايتا ياسىلىپ يوپۇقدالغانلىقى؛ بۇ كىتاب تەتقىقاتىنىڭ شېئىرى «يەشمە» نۇسخىسىنى ئاددىيلا ماقالە شەكلىدە تەكرار يېشىپ بېرىشنى قېلىپ قىلغان ئاسان يولغا كىرىپ قالغانلىقى؛ بۇ كىتابنىڭ مىللىي ۋە تىل تەۋەلىكى ھەققىدىكى تالاشلاردىن ئىبارەت. دەرۋەقە، بۇ كىلاسسىك «نوم» غا شەرھىنامە كېرەك ئىدى. بۇ ئەبەدىيلىك يوپۇق ھېسابلىناتتى. مەن «مەڭگو تاشلار»، «تۇرپان تېكىستلىرى»، «قاراخانىيلار ھۆججەتلىرى» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ «قۇتادغۇبىلىك» تىلى ۋە پىكىرىنىڭ يىلتىزى ھەققىدە ئىزدەندىم. ئارستوتېل – فارابى، فىردەۋسىي - كەيكاۋۇس ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلدىم. كىتابنى سىياسىي نۇقتىدىن ئىزاھلاشتىن ساقلاندىم. ئۇنى كېسىۋالماي، بىر پۈتۈن ھالەتتە ئىزاھلاشقا ئۇرۇندۇم. نەتىجىدە تالىشىپ يۈرگەن تىل ۋە مەدەنىيەت «ئىرسىيىتى» ھەل بولدى. يۇسۇپنىڭ تىلى سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ تىلى بولۇپ چىقتى.

«غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتابىم شىنجاڭدىكى بۇددا دەۋرى سەنئەت خەزىنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىم ئاساسىدا يېزىلدى. بۇ كىتابنى يېزىشقا تۆت نەرسە تۈرتكە بولغان، ئۇلار: بۇ خەزىنىلەرنىڭ سۇ ئامبىرى ياساش، ئوغۇت تۇپلاش ۋە ۋاقىت ئىكەكلىرىدە بۇزۇلۇپ بېرىشى؛ ستەيىن ۋە شاڭدا ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ تارىمدا ئەسلى مەدەنىيەت بولمىغان، تارىم مەدەنىيىتى ھىندىستان مەدەنىيىتى ئېشىندىلىرىدىن تەركىب تاپقان دېگەن قارىشى؛ بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۆز زامانىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك بەدىئىي قىممىتى؛ خەلقتىكى ئۇنتۇلۇش روھىيىتى. مەن بۇ خەزىنىنى كىتابتىن ئىبارەت توپان باسماس «تۇر» تاغىغا يۆتكىگۈم ۋە قايتا ئىزاھلىغىم كەلدى. ئىككى قېتىم قەلەم ئېلىپ تاشلاپ قويدۇم. بۇددىزمنى تەتقىق قىلىش، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، روسىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن تاشكېمىر جاۋاھىراتلىرىنىڭ رەڭدار فوتو سۈرەتلىرىنى ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئاندىن كىتابنى راۋان يېزىشقا كىرىشتىم ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچىسىنىمۇ ھازىرلىدىم. بۇنداق بىر يۇقىرى مالىيە - مەدەنىيەت فوندى ئاساسىدا يارىتىلغان ئۇلۇغ خەزىنىنىڭ بىر مۇختەسەر ئۆرنەك كىتاب شەكلىدە بولسىمۇ «ئۆلمەسلىك» سۇيىدە چۆمۈلدۈرۈلۈشىنى ۋە ئەبەدىيلىك مومىياسى ھالىتىدە ساقلىنىشىنى قانداق قىزغىنلىق بىلەن ئىزدەندىم – ھە: بىر مۇسۇلماننىڭ بۇددىزم تەتقىقاتىدا قانچە - قانچە كىتاب كۆرۈشى، قانچە - قانچە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى زىيارەت قىلىشى، قانچە - قانچە ئېكون (بۇت) لار بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىغا توغرا كەلدى.

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ئىككى ئايدىلا يېزىلدى. بۇ كىتابنى مەن دوختۇرخانىدا تاماملىدىم. ئەمما بۇ 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان تەتقىقات، زىيارەت ئاساسىدا، ئىككى كىتاب، 16 ئىلمىي ماقالە ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» دېگەن ئىككى كىتابىم 1980 - يىلى بېسىلىپ تارقىتىلدى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ئىككى تىلدا تۆت قېتىم بېسىلدى، خەلقئارا كۆرگەزمىگە قويۇلدى، ياپونىيە دۆلەت كىتابخانىسىغا ساقلاشقا ئېلىندى. ئارىدىكى 13 يىل ئىچىدە «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە - ئېقىملىرى»، «كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرىي ئۇچۇرلىرى» (كېيىنكى بۇ ئەسەر ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان. مۇھەررىرىدىن) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم. نىمە ئۈچۈندۇر ھەر قېتىم مېنىڭ مۇقام ھەققىدىكى چۈشەنچەم خۇددى كولۇمبۇدىن ئىلگىرىكى سەيياھلارنىڭ زېمىن ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىچە-لىكلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ھېلىمۇ بۇ زېمىن تىلسىمىدەك ئۇشبۇ كاتتا خەزىنە يورۇتۇلۇپ پۈتكىنى يوق.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستېمىلىرىدا يۇقىرىدىكى ئۈچ خەزىنە ئالەمشۇمۇل تەسىر ۋە ھۆرمەت قوزغىغان ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئەلئېھرامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇقەددەس ئابىدىمىز!

## 7. كۆمۈلگەن ئىز، ئۈزۈۋېتىلگەن زەنجىر

«كۆكتىن ئىزدىگەننى يەردىن تاپ،
سىرتتىن ئىزدىگەننى ئەردىن.»
– قۇمۇل خەلق ماقالى

مەن ئەسلىدە كىچىككىمدىن ھەر خىل كىچىك، ئوماق ھايۋان باللىرىغا ئامراقلىقىم تۈپەيلىدىنمىكىن، بىئولوگىيە - خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەنىدىم. تەپەككۇر تۇرمۇشى مېنى ئىنسان ۋە گۈزەللىك تېمىسى بويىچە ئىزدىنىشكە باشلاپ كەلدى. كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى ئالىملىق ئۇنۋانى ئەمەس، كۆمۈلگەن ۋە ئۈزۈپ - پارچىلاپ ئىزاھلانغان مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسان تۈركۈمى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت گۈزەللىكى بولدى. يەرلىك كىتابلاردا، ھەتتا نەۋائىي ھەزرەتلىرى بىلەن مىرزا ھەيدەر كىتابلىرىدا يىراق تارىخ ئۇنتۇلغان، ئۇنىڭ ئورنىغا نوھ بىلەن ياپەس، چىڭگىز بىلەن تۇغلۇق تېمۇرخان مۇقەددىمە قىلىنغان بولسا، ئۆزگە يېزىقتىكى كىتابلاردا پەقەت «شاھنامە»

رىۋايەتلىرى بىلەن خانلىق سالناملىرى كۆكلەرگە كۆتۈرۈلگەنىدى. مەنمۇ تەييار داپقا پىرىخونلۇق قىلىشنى خالىمىدىم. چۈنكى كىشى پەيتۇن هارۋا بىلەن زەيتۇن ئوتىغات كىيىپ كېتىش ئۈچۈن بۇ قىسقا «رابات» قا كەلمىگەن.

مەركىزىي ئاسىيا - ئاسىيا - ياۋروپا تۇتاش قۇرۇقلۇقىدا ئىپتىدائىي مېتال مەدەنىيىتى ۋە «ئات مەدەنىيىتى» ئەڭ دەسلەپ باشلانغان ۋە تارىختا تۈنجى خەلقلەر ئالاقە قىزغىنلىقىنى ئاچقان خاسىيەتلىك زېمىن ئىدى. ئۇنىڭسىز ئات بىلەن زەپەر قۇچقان ئېمپېراتورلار ۋە ناتونۇش خەلقلەر زېمىنلىرىنى تۇتاشتۇرغان قەدىمكى قاتناشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۇقتىنى بىلىش ئۈچۈن چەمبەردىن خەۋەردار بولۇش لازىم. بۇ، ماكان تۇتاشلىقى چۈشەنچىسى. هازىرنى ۋە كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆتمۈشنى روشەنلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ، زامان ئىزچىللىقى ئۇقۇمى. راستىنى ئېيتقاندا، دۇنيادا هەقىقىي مەنىدىكى «ئۆلگەن مىللەت» ۋە «يوقالغان مەدەنىيەت» بولغان ئەمەس. مەن مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئىزدەش جەريانىدا «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» قاتارلىق كىتابلىرىم بىلەن بىر قاتار ئىلمىي رىسالە - ماقالىلىرىمنى مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى بويىچە يېزىپ چىقتىم. بۇ ماقالىلەر: «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېللىنىزم مەدەنىيىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇياش ئىلاهىيەتچىلىكى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ تۆتزات قارىشى»، «نەۋرۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلاملىقى»، «مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى»، «سىكتاي - ساك - ئۇيغۇر كىيىم مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق»، «سىكتاي مېتال هۈنەرسەنئىتى»، «ئۇيغۇرلاردا مەي مەدەنىيىتى»، «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى»، «مانىزىم تەسۋىرىي سەنئىتى ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان مانىزىم يادىكارلىقلىرى»، «غەربىي دىيار تىياتىر سەنئىتىنىڭ مەنبەلىرى»، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى»، «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى»، جۈملىدىن فىردەۋسىي، ئىبىن سىنا، هاپىز شىرازىي، خوجا باهاۋىددىن نەقشىبەندى، خوسىراۋ دىهلەۋىي، ئەهمەد يەسەۋى قاتارلىق يىپەك يولى ئەزىمەتلىرى هەققىدە خاس باها ۋە قاراشقا ئىگە ماقالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مېنىڭ مەنسۇر هەللاجى هەققىدىكى ماقالەم شۇ خىل خاس مەنىدىكى ماقالىلەردىن ئىدى.

مەن تولاراق مەركىزىي ئاسىيانىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى، مانىزىم ۋە بۇددىزىم دەۋرىدىكى، ئىسلام مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت تارىخىغا قىزىقتىم. بۇ بىر مەدەنىيەت چەمبىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئېتىباردىن چەتتە قالدۇرۇلدى. «غەرب مەركەز» نەزەرىيىچىلىرى ئۇنى گرېك - ئىران - هىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ساقىندىلىرىغا باغلاپ ئىزاهلاشتى. يەرلىك تەتقىقاتچىلار پەقەت كونا ئۇيغۇر يېزىقى تېكىستلىرىنىلا، تۈركىي لۇغەتنىلا ئۆلچەم قىلىۋالدى. مەن تولىمۇ يىراق بۇ مەدەنىيەتنى ئېچىش ئۈچۈن بىر چاغلاردا تېخىمۇ كۆپ كىتابلارنى يېزىشنى ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭ بىر قىسمى «مەركىزىي ئاسىيا مىللەتلەر كۆچۈش تارىخى»، «مەركىزىي ئاسىيا ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت تارىخى»، «تارىختىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى تەزكىرىسى»، «يەكەن خانلىقى تارىخى»، «شىنجاڭ سەنئەت تارىخى» قاتارلىقلار ئىدى.

«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» - ئاساسلىقى مىلادىدىن ئىلگىرىكى بۇ زوننا مەدەنىيەت تارىخىغا قارىتىلغان بولۇپ، 30 يېشىمدا، 53 يېشىمدا، 59 يېشىمدا بىر قۇر قايتا ئىشلەندى.

«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» نى يېزىش ئۈچۈن بېيجىڭگە ئىككى قېتىم، تاشكەنتكە بىر قېتىم باردىم، هەتتا ئوترارنى زىيارەت قىلدىم. بۇ كىتابىمنىڭ يېرىمى، بەلكى تېخىمۇ كۆپ قىسمى تەھرىر تەرىپىدىن «ئىچىدىن قىرىش» ئۇسۇلى بىلەن قىرقىپ تاشلاندى. ئۇلار كىتاب باهاسىنى ئەرزانلىتىش ئۈچۈن بەت سانىنى قاتتىق چەكلەپ، كىتابنى بېسىپ يېتىۋالغانىدى. بەزى ئەدىب - پېشقەدەملەرنىڭ بۇ كىتابنىڭ «زەھەر» تارقىتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇشى تۈپەيلى، بۇ كىتابنىڭ سىگنالى بىر يىل بېسىپ قويۇلۇپ، ئاخىر مەخسۇس سېنزور قوشۇلغاندىن كېيىن باسمىغا بېرىلدى. مېنىڭ:

«ئىككى ئاقباشنى يازىپ، ئاق چۈشتى بۇ باشىمگە» دېگەن شېئىرىم فارابى ۋە يۈسۈپ خاس هاجىپ تەتقىقاتىغا قارىتىلغانىدى. بۇ كىتاب هەققىدە ئۆز بېكىستاندىكى دۆلەتلىك ژۇرنال - «ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر» نىڭ 1992 - يىللىق 5 -، 6 - سانلىرىدا ئابدۇلھەق ئابدۇروسۇل ئوغلى مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ، يۇقىرى باها بەردى. مەن فارابى ئىدىيىلىرىنى بىر - بىرىگە ئۆزگە - ئۆگىلىرى كىرىشىدىغان، بىر يىلتىزدىن شاخلىنىدىغان سىستېما هالىتىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ سىخېمىسىنى سىزىپ تامغا چاپلاپ قويۇپ يازدىم. قولغا چىققاننىڭ هەممىسى ئۇنىڭ ئىدىيىسى بولۇشى مۇمكىن، بىراق چېچىلاڭغۇ ئىدىيىلەرنىڭ سىستېما يىلتىزلىرىنى ئېنىقلاش باشقا ئەمگەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي ئاسىيادا روھانىيەتكە، خىرىستىيان ئەللىرى بىلەن

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ماددىيۇنچىلىقتا مايىل قىلىپ ئىزاھلانغان بۇ زاتنى ھالال خاراكتېرلەشمۇ مەسىلە ئىدى. جۇڭگو ۋە ئۇيغۇرلاردا تونجى بولغان بۇ تەتقىقات بۇ تېمىنىڭ خاتىمىسى بولماي، مۇقەددىمىسى، ئەلۋەتتە. مېنى خۇشال قىلىدىغىنى، فارابى شېئىرلىرىنىڭ مەن ئىشلىگەن ئارۇز تەرجىمە شەكلى، خۇددى تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي دىيارغا ئائىت شېئىرلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدەك جامائەتچىلىك ياقتۇرۇپ مىسال قىلىدىغان شېئىرىي يادىكارلىق بولۇپ قالدى.

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىم ئەسلى «ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تارىخىي ئوچېركى» دېگەن نامدا يېزىلغان. بۇ كىتابچىدا مەن ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىنىڭ يىراق مەنبەلىرىدىن تاكى يېقىنقى زامان نامايەندىلىرىگىچە بىر قاتار ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم. مەقسىتىم نوقۇل ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتىنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە بىر قەدەم، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئالەم ۋە كىشىلىك قاراشلىرىغا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى. بۇ خىل پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتى ئۇزاق چەكلەندى. ئۆزبېكىستاندا 2 - جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن خەلقئارا مۇتەپەككۇرلەر - خارەزمى، فارابى، بىرۇنى، ئىبىن سىنانى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات 2 - رەتتىكى پەلسەپە تارىخى كاتېگورىيىسى سالاھىيىتىدە باشلاندى. بۇ ئىشتا ئاكادېمىك ئىبراھىم مۇمىنوۋ «ئىزچى» - يول ئاچقۇچى ئىدى. خەيرۇللايوۋ مۇزەپپەر مۇھەممەددىن ئوغلى، ئىرىسوۋ قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى. بۇ بىر پەن تارمىقىنى ئېچىش ئۈچۈن 1956 - يىلى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ياشىغان ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق ماقالىنى يېزىشىم بىلەن «ئوڭچى» قالپىقىدا 20 يىل سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم، زۇلۇم كۆرۈشكە مەنزۇر بولغانىدىم.

«فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «كومىراجىۋانىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى»، «پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش تىزىسلىرى»، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ئىدىيىسى»، «كۆسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ توغرىسىدا» (بۇ ئەسەر ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان. مۇھەررىردىن) قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلغىنىمدىن كېيىن «ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 3 -، 4 - سانىغا ئا. خ. خوجايوۋنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆگىنىش مەقسىدە» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەپەككۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئەمگەكلىرىم باھالاندى.

مەن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» نى يېزىشنى تاللىمىدىم. چۈنكى بۇ ھەر بىر ئوقۇتۇش يۇرتلىرى دائىم يېزىپ يېڭىلاپ تۇرىدىغان دائىمىي دەرسلىك قۇرۇلۇشى ئىدى. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولدۇم ۋە خەنزۇچە يېزىلغان بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى قىسمىنى يېزىپ چىقتىم. «شىنجاڭ پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز قىسمىنى يېزىپ چىقتىم. قىرغىز پەلسەپە تارىخىنى يېزىشتىن شۇنچە باش تارتسامۇ بولمىدى، بۇ ساھەگە مېنىڭ قول تەگكۈزۈشۈم ئەڭ نامۇناسىپ ئىش ئىدى.

مېنىڭ پەلسەپە تارىخىدىكى پىكىرلىرىم ھەمىشە بىر قاتمال ھالەتتە تۇرمىغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمنى ئىلمىي - ئەدەبىي ئەسەرلىرىم بىلەن «ئارىفنامە» ( «ئارىفنامە» - «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» ماۋزۇسىدا ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغانىدى. مۇھەررىردىن) دىن كۆرۈش مۇمكىن.

## 8. بىر مىللەت ئۈچۈن بىرىنچى زۆرۈرىيەت روھنى پاكلاشتۇرۇش بىناكارلىقىدۇر

«ئىزىڭدىن تىكەن ئۈنسە،
ئەۋلادىڭنىڭ پۇتىغا سانجىلار.»
- قومۇل خەلق ماقالى

مىللەت ئۈچۈن، مەيلى ئۇ قايسى ئېتنىك تۈركۈم بولسۇن تارىخ سەھىپىسى ۋە دۇنيا سەھنىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا زۆرۈرى شەرتلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى ۋە ھەممە ۋاقىت بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى ئۇنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدۇر. مىللەت تەشكىلى ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلىرىدىلا دىنىي - ئېتىقاد، مۇراسىم - ئادەت، ئالەم ۋە كىشىلىك قاراشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىيەت رېتىمىنى تۈزىدۇ. مىللەت ئۈچۈن ئۇنىڭ يۇقىرى كامالەتكە قەدەم قويۇشى بۇنداق بىناكارلىقنى تەقەززا قىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ھەتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلىشى ئۈچۈنمۇ بۇنداق روھىيەت قۇرۇلۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. روھىيەت بىناكارلىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مال - دۇنيا تاپاۋىتىگە بېرىلگەن يۇرتنىڭ تەقدىرى ۋىزوۋىي يانار تېغى ئاستىدا قالغان ئالتۇن سودىسى شەھىرى - پومپېينىڭ تەقدىرىدىنمۇ پاجىئەلىك بولۇشىنى قەتئىي ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. ئىبىن سىنا توغرا ئېيتقان: كېسەل ئېغىزدىن بولىدۇ. بىزمۇ كېسىپ ئېيتىمىز: پاجىئە - ئاچكۆزلۈكتىن ئاپىرىدە

بولىدۇ. بېيشقا روھىيەتنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلىۋاتقان خەلق بىلەن، قۇربىتى يەتكىچە ئۆزىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىنى پاكلاشتۇرۇۋاتقان خەلقنىڭ ئالدىدا نېمە تۇرۇۋاتقان-لىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس.

مەن ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى، ئىقتىسادى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى تۈرتكىسىدە ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ بېكىنمىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، دۇنياغا يۈزلىنىشى مۇقەررەرلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. مېنىڭچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مۆچەلى ئويغىنىش يىللىرى بولۇش كېرەك ئىدى.

شېئىرلىرىمدىكى يېڭى ئەسىرگە كېتىۋاتقان چالبا كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش، ئىنتىزارلىق روھىيىتى ئىپادىلەندى. بىر قاتار ماقالىلەر يازدىم: «تارىخنى قايتا ئويلىنىش»، «خەلقنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋاستىسىدا ئىپادىلەش»، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش - مىللەتنى يۈكسەلدۈ-رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى»، «ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت»، «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، «مىللەتنىڭ بىرلىك - ھەمدەملىكى ۋە ئۇنىڭ يۇرتبازلىققا يەملىكى، «ئارىفنامە» (بۇ ماقالە - ئەسەرلەردىن كېيىنكى توققۇزى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان. مۇھەررىردىن) ۋە «يىپەك يولى ۋە تۆگە قۇشى روھى»، «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى»، «ئائىلە ۋە كىشىلىك تېمىسىدىكى ماقالە - كىتابلار ئەنە شۇنداق مەيدانغا چىقتى.

بۇ ماقالە - كىتابلار يۇقىرى قاتلام زىيالىيلار ئىچىدە قىزغىن ھېسداشلىق قوزغىغاندىن باشقا بىر قاتار ئېتىرازلارنى پەيدا قىلدى. بەزى ئاقكۆڭۈل ۋە مىللەتنى ھېسسىي مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان كىشىلەر مىللەتتىكى ئىللەتنى سۆكۈشنى «مىللەتنى سۆككەنلىك»، «مىللەت ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرگەنلىك» دەپ قاراشتى. بەزى تارىخچىلار مېنىڭ ئۇيغۇر روھىيىتى قۇرۇلۇشى بىلەن كەلگۈسى تارىخنى كۈتۈۋېلىش چوقانلىرىمنى «كەلگۈسى بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، يەنىلا تارىخ تەتقىقاتى ماقالىلىرىدا كۆپرەك يېزىڭ» دېيىشتى. بەزى ئەدىبلىرىمىز مېنى: «بىر ئەسىردىن كېيىنمۇ تەقەززا قىلىنمايدىغان نەرسىنى سۆزلىگەن خىيالپەرەس» دېسە، بەزىلىرى: «مەرىپەتچىلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى چىللاۋاتامسىز؟» دېيىشتى. بۇلاردىن باشقا، گېزىت تەھرىرلىرىدىن مېنىڭ ماقالىلىرىمنى خالىغانچە سولغا بۇرايدىغان جۈملىلەر بىلەن ئېلان قىلغان كىشىلەرمۇ چىقىشتى. شۇنداق قىلىپ، مەن بىر مەزگىل غەلىتە ئادەم، يات ئىنسان بولغاندەك بولدۇم.

ئەمما ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زامان دەرھال تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە مىللەتنى ئەقىل بىلەن سۆيۈشنى ئۆگەتتى. مەدەنىيەتكە قارشى پسىخولوگىيە - روھىي ئىللەت بىلەن رەشكى - ھەسەت بىر - بىرى بىلەن قاتتىق بىرلەشكەندە ئويغاتقۇچىنى چۈشەنمەسلىك، تىل - ھاقارەت، بۇرمىلىنىش ۋە تەنھالىق ئازابىنى چېكىدىغانلىقىنى بىۋاستە كۆزەتتىم. كۆپ ئويلىدىم: بىر مىللەت ئومۇمىي ئويغىنىش دەۋرىدە بىر كۈن كېچىكىپ ئويغانسا، بىر يىل ئارقىدا قېلىشى تەبىئىي! بىر مىللەت ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر خۇرسۇندى ئىللەت، ئۇنىڭ جاسارەتسىزلىكى، ساختا ئىپتىخار ۋە بىكار تەلەپلىكى! تارىخنىڭ ئەڭ ئېغىر جازاسى ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك لەنەت تاختىسىغا مىخلىنىشتىن ئىبارەت! ئارىپ - ئويغانغان ئىنساننىڭ خىزمىتى ئويغىتىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى ئۆز پاجىئەسى ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ ئومۇمىي، تارىخىي پاجىئەسى!

## 9. يېڭى نەزەرىيىۋى يەكۈنلەر

«باغدىن مېۋە ئۈزگىنىڭدە يېڭى كۆچەت قويۇپ بار،
كۆچۈرۈپ، يادلاش بىلەن ئەقىل تاپماس ئېتىبار».

مەن بىرەر نوپۇزلۇق ئېتىقاد ۋە غايىنىڭ يوقلۇقىنى نۆۋەتتە ئالەمشۇمۇل پاجىئە دېيىش بىلەن بىللە، بۇنى «چەكسىز پىكىر ئەركىنلىكى» دەپمۇ قارايمەن. بۇ، مەندىكى غايىسىزلىق مايىللىقى بولماي، بەلكى كامالەتلىك غايىنى ئىزدەش قىزغىنلىقىدىن ئىبارەت. مەن كىتاب - ماقالىلىرىم ئارقىلىق بىر قاتار يېڭى تەپەككۇر تۈزۈلمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇنىڭ مۇھىملىرىنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1. «قاتلام نەزەرىيىسى» مېتودولوگىيىسى. بۇ، تەبىئەت، جەمئىيەت، روھىيەت ھادىسىلىرى تۈزۈلمە ۋە جەريان، ماكان ۋە زامان جەھەتتە ئەسلىدىكى ئونتولوگىيىلىك (ئەسلىزاتلىق) قاتلاملىقىغا ئىگە، ئۇنى بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئۇسۇلىمۇ گېنوسېئولوگىيىلىك (بىلىش نەزەرىيىسى) جەھەتتىنمۇ قاتلام مېتودولوگىيە پرىنسىپىنى قورال قىلىشى لازىم، دېگەن تىزىسقا مەركەزلەشكەن.

2. «ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق تارىخ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى». بۇ، تارىخنى تارىخ يازغۇچىنىڭ كونكرېت تاشقى بېسىم ۋە ئىچكى خاھىشچانلىق ئاساسىدا يېزىق بىلەن يېزىشىدىن ئىبارەت يېزىقنى ئۇچۇر قىلىش ئەنئەنىسىگە قارشى قويۇلغان يېڭىچە ئۇسۇل. بۇ ئۇسۇل بويىچە، تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇر

سىستېمىسى ساقلانغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي تارىختىن ئىبارەت. بۇ، مۇھىمى ماددىي بويۇم، يېزىق - ۋەسىقىلەرنى ئاساس قىلىپ تارىخ بايان قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا، تارىخ ھەر خىل يېزىلىپ، ئەسلى ئۆز ئۇچۇرى چەتتە قالغان بولىدۇ. بۇ، سىماچيەن، ھېرودوتتىن باشلانغان ئۇسۇلدىن كۆپ چىنلىق، ئىلغارلىققا ئىگە. بۇ، ئۇچۇر مەنبەلىرىنى ئاساس، يېزىقنى قوشۇمچە قىلغان يېڭى تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلىدۇر.

3. «تارىخنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» قارىشى. ھەر قانداق تارىخ پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە ئايلانمايدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ھادىسە، ۋەقە سۈپىتىدە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى ئىنسانىيەت تەجرىبە - ساۋاقلىرى شەكلىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، يېڭى قاتلامنىڭ ئۇلىنى تۈزىدۇ، ماھىيەت ۋە ئۇسلۇبتا يىراق جايلارغىمۇ كېڭىيىپ، ساقلىنىدۇ. بۇ، تارىخنىڭ جېنى، بىلىش جۇغلانمىسى، مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي فوندىدىن ئىبارەت.

4. «قىسمەنلىكتە ئومۇملۇقنىڭ كۆرۈنۈشى» قارىشى. بۇ، ھەر بىر مىللىي مەدەنىيەت دېتاللىرىدا، مىللىي فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ شاخچىلىرى، تارماقلىرى، ھۇجەيلىرىدە ئۆزىگە خاس قىسمەنلىكتىن تاشقىرى پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە مىللىي پىسخىك ئومۇمىي ئالامەتنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغانلىقىغا قارىتىلغان قاراش.

5. «مىللىي مەدەنىيەت ئىرسىيىتى قارىشى». بۇ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى، ھەر قايسى تارىخىي شەكىللىرى (فورماتسىيىلىرى). ھازىرقى ھالىتىدە ئىزچىل يوسۇندا ئۇنىڭ ئېتنوگېنېزىسى، گېنېئولوگىيىلىك (پەيدا بولۇش ئىلمى) ئۇرۇقى، تېپى، ئالاھىدىلىكى ساقلانغان ۋە داۋاملاشقان بولىدۇ، دېگەن پىكىرگە ئاساسلانغان قاراش.

6. «مىللەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆلمەسلىكى ۋە يوقالماسلىقى قارىشى». بۇ، تارىختا ئەسلىدىكى نامى، تارىخىي قاتلام شەكلى «يوقالغان» مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى «ئۆلگەن مىللەت» ۋە «ئۆلگەن مەدەنىيەت» دەيدىغان قاراشلاردىن پەرقلىق بولغان قاراش بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى قاتلامدىكى ئېتنىك تۈركۈم ۋە مەدەنىيەت تۈركۈمىدە ئىزچىل داۋام قىلغانلىقى ۋە ساقلانغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىشنى ئاساس قىلىدۇ.

7. «ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى قارىشى». بۇ، ھەر قايسى خەلقلەر تارىخىنى مۇتلەق ياكى پەۋقۇلئاددە يوسۇندا پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئۈزۈۋېلىپ، خەلقئارا ئىلغار پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئۆز ئالاھىدىلىكى باھانىسىدا چەكلىمە قويۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدىكى يېڭىچە قاراش. ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ماھىيىتى مەدەنىيەت تارىخى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك ۋە ناتەكشىلىكنىڭ بىردەكلىككە زىت ئەمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

8. «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قاتلاملىق - سىنكرېتىك تەرەققىي قىلىش قانۇنى» قارىشى. بۇ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىسىز ئۆز ئاساسىدا راۋاجلىنىش نەزەرىيىسى - «تەدرىجىي راۋاجلىنىش نەزەرىيىسى» بىلەن، ئۇنىڭ ئەكسى بولغان، مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت مەركىزىدىن «تەبىئىي مىللەتلەر» گە تارقىلىشى ئاساسىدا راۋاجلىنىش نەزەرىيىسى - «دىففوزىيە نەزەرىيىسى» گە ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھەققىدىكى يېڭى قانۇنىيەت - قاتلام - سىنكرېتىك راۋاجلىنىش قارىشىدىن ئىبارەت. بۇ قاراش، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۆز مىللىتى ئىجادىيىتىدىن چوڭ بولىدۇ؛ ئۇ، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە لازىملىق تەسىرىنى چەكلەپ، بويسۇندۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىدۇ؛ بۇنداق راۋاجلىنىش ۋە سىنكرېتىك (قوشۇلما) ھالەت ئارقىلىق يېڭى مەدەنىيەت ۋە ئۇسلۇب يارىتىش جەريانى تارىخىي قاتلام بويىچە داۋام قىلىدۇ، دېگەن تىزىسقا ئاساسلانغان بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى خىل نەزەرىيىدىن ئىلمىي ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە.

9. «ئىككى مەدەنىيەت ۋە بەش مەدەنىيەت تىپى قارىشى». چەكسىز، رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەرنى «يەرلىك مەدەنىيەت» ۋە «خەلقئارا (دۇنياغا يۈزلەنگەن) مەدەنىيەت» تۈرىگە ئايرىتىش بىلەن بەش مەدەنىيەت تىپىنى دۇنياغا يۈزلەنگەن كلاسسىك مەدەنىيەت تىپى دەپ ئايرىتقان قاراش. بۇلار: «گرېك - رىم مەدەنىيەت تىپى»، «كۇسەن - كوشان مەدەنىيەت تىپى»، «سۇي - تاڭ مەدەنىيەت تىپى»، «ئەرەب يېزىقى مەدەنىيەت تىپى»، «مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن كېيىنكى زامان مەدەنىيەت تىپى» دىن ئىبارەت.

10. «شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۈچ باسقۇچى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇش. بۇ، ئىسلام خەلىپىلىكىدە 9 -، 12 - ئەسىردىكى مەدەنىيەت دولقۇنى ھادىسىسى (بۇ ئېتىراپ قىلىنغان قاراش) نى ئۈچ باسقۇچقا ئايرىتقان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىنى ئۈچىنچى دەۋر - باسقۇچىنىڭ مۇقەددىمىلىك ۋەكىلى دەپ كۆرسىتىدىغان پىكىر شەكلىدىن ئىبارەت.

11. «يېڭى شەرق رېنسانىسى بىشارىتى قارىشى». بۇ، شەرق خەلقلىرىنىڭ ئويغىنىشى،

يېڭى يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ كۈچىيىشى، غەرب - شەرقنىڭ يېقىنلىشىپ ۋە تەڭپۇڭلىشىپ بېرىشى، غەربنى مەركەز قىلغان ئاساسىي پەن نەزەرىيىلىرىنى تېخنىئولوگىيىدە قوللىنىشتىن شەرقتە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە مالىيە ئەۋزەللىكىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن شەرقتە يېڭى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ، دېگەن بېشارەتلىك ھۆكۈم.

12. «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ» دېگەن ھۆكۈم. بۇ، ھازىرقى زامان ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى يۈزلىنىشى - پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدىكى يېڭى ئىستىقبال بويىچە، دېڭىز - ئوكيان قاتنىشى ئۈستۈنلۈكى ئورنىغا يېڭى، زامانىۋى چوڭ قۇرۇقلۇق ھەر خىل قاتناشلىرى ئۈستۈنلۈكى ئىراسى باشلىنىدۇ؛ ئىنسانىيەت بايلىق، ئەمگەك ۋە بازارلىرى قويۇق توپلاشقان چوڭ قۇرۇقلۇق - يەنىلا يىپەك يولى بويلاپ كېڭەيگەن ئاساستا يېڭى گۈللەشكە يۈزلىنىدۇ؛ نىسپىي مەنىدە دېڭىز - ئوكيان قاتنىشى ۋە پورت - پىرىستان گۈللىنىشى كېيىنكى ئورۇنغا چۈشىدۇ، دېگەن ھۆكۈم.

13. «مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى دەۋرى ۋە كېيىنكى ئۈچ تارىخىي دەۋرى» نىڭ قويۇلۇشى. بۇ، يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى سومېر - سىمىيان - سكتاي دەۋرى بىلەن يىپەك يولىنىڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردىن مىلادىيە 16 - ئەسىرگىچە) گۈللىنىشى، خارابىلىشىشى ۋە قايتا ئېچىلىشىدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرگە ئاجرىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

14. «قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى». بۇ، گۈزەللىكنى تەبىئەت، جەمئىيەت، بىلىش سۇبيېكتى ۋە مۇجەسسەم قاراشتا ئىزاھلاشتىن پەرقلىق گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك ھادىسىلىرىنى ئونتولوگىيىلىك (ئەسلى گۈزەللىك)، بىلىش نەزەرىيىسىلىك (ئېستېتىكىلىق)، سەنئەت گۈزەللىكى، زوق ۋە باھا، ئېستېتىك تەربىيە، ئىنسان گۈزەللىكى، مەنىۋى گۈزەللىك، ئىقتىدار گۈزەللىكى قاتارلىق قاتلام ۋە تارماق قاتلاملارغا ئاجرىتىپ، ئۆز سۈپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە كونكرېت ئىزاھلايدىغان ئىلمىي سىستېما.

15. «يېڭىچە ئاڭ ئىنقىلابى» قارىشى. ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تۈرتكىسىدىكى ھەر خىل ئاڭ - ئىدىيە قېلىپلىرى بۆھرانى ئاساسىدا شەكىللەنگۈسى ئىنسان مەقسەت قىلىنغان مۇجەسسەم گارمونىيىلىك يېڭىچە سىۋىلىزاتسىيە قارىشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇقەررەرلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈم.

16. «پەلسەپىنى ئۆزگەرتىش تىزىسى». بۇنىڭدا ئىجتىمائىي فورماتسىيەدىن باشقا يەنە بىلىشنىڭ تارىخىي فورماتسىيىسى - ئانىمىزم، تېئىزم، پانتېزم، ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بەش بىلىش تىپى؛ ئاڭنىڭ مەنتىقىي تىپى ۋە تارىخىي تىپى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر بىلەن پەلسەپىنىڭ ئوبيېكتى، توپ مەسىلىسى، ئالىي مەسىلىسى، مەۋجۇتلۇق قىممىتى، تۈركۈم كاتېگورىيىلىرى يېڭىچە قويۇلغان.

17. «مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ نوقۇل مۇزىكا مەدەنىيىتى بولماي، بىر پۈتۈن ئېتنىك فولكلور مەدەنىيىتى خاراكتېرى قارىشى».

18. «مۇئەييەن مىللىي ئاسسىمىلاتسىيە دەۋرىنىڭ بولماسلىقى ۋە ئاسسىمىلاتسىيە ھەم دىسىمولاتسىيە (ياتلىشىش) ھادىسىسىنىڭ قىسمەن، نىسبىي، دائىمىي ۋە قاتلاملىقى قارىشى.»

19. «جەمئىيەتنىڭ غايىۋى سىۋىلىزاتسىيە-سى ھەققىدىكى مەنتىقىي مۇھاكىمە تىزمىسىنىڭ نوپۇس، ئېكولوگىيە، ھايات شارائىتىنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق توپ ئالدىنقى شەرتلەردىن ئايرىم ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ غەيرىي ئىلمىيلىكى قارىشى».

20. «بىر دۆلەتتە سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە كوممۇنىستىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى قارىشى».

21. «باراۋەرلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇقى قۇرۇلما ۋە كۈچلەر نىسبىتى مۇۋازىنىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغانلىقى قارىشى».

22. «مائارىپ ۋە ساغلام - سالماق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇشى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ماددىي - ئىقتىسادىي ئىلگىرلەشنىڭ داۋالغۇش ۋە بۆھران پەيدا قىلىشى مۇقەررەرلىكى ھۆكۈمى» ۋە باشقىلار. بۇ قانۇنىيەت، سىستېما، ھۆكۈم، يەكۈن ۋە تىلغا ئېلىش شەكىللىرى ئالاقىدار كىتاب - ماقالىلەردە روشەن ئىزاھلانغان. ئۇداۋاملىق تۇرمۇش سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. بۇ نەزەرىيىۋى يەكۈنلەرنى دەرھال تەنقىدلەش ئاسان. قىيىنى، ئۇنىڭ ئاساسلانغان ھادىسىلىرىنى ئىنكار قىلىش. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش، قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق، مەيلى تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي - تارىخىي جەھەتتىن بولمىسۇن كىشىلەرنى جازالايدۇ، جەمئىيەتتىن ئېغىر تارىخىي بەدەل تۆلەم قىلىدۇ!

## 10. شەخسنىڭ قىممىتى

«ئادەمگە ئالەمنىڭ سىرى جۇغلانغان،
ئادەمسىز سىرىنى بىلەلمەس جاھان».

ئۆمۈر مەنزىللىرىمدە توپلىغان تەرمەچىلىرىمگە بىر قۇر نەزەر سېلىپ چۆچۈپ كەتتىم: گۈل بىلەن سۆھبەتلەشكىنىم تەنھا پىكىر قىلىشلىرىمدىن ئاز بولدى؛ سەيلى - ساياھەتتە كۆرۈپ بىلگەنلىرىم تەييار كىتابەتتىن ئوقۇپ تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىمدىن ئاز بولدى؛ كەلگۈسى بوغۇنغا قالدۇرغانلىرىم ئۆتمۈش ئۇستازلاردىن ئالغىنىمدىن ئاز بولدى؛ ئەقىلغە بېرىلىپ ھېسسىياتتىن ئايرىلىپ قالغان ۋە ھېسسىياتقا بېرىلىپ زېھىن تەڭشىكىنى بۇزۇۋالغان ئىشلىرىم بىر تالاي بولدى؛ مەغرۇر ۋە ئۆزىنى ئەرزىمەس تۇتقان روھىي ھالەتلىرىم ھەر قايسى دەۋرلىرىمدە كۆرۈندى؛ ئۆزىنى تىزگىنلىگەن سۈكۈناتلىرىم بىلەن جۈرئەت قىلالمىغان سۈكۈناتلىرىم ئارىلىشىپ كەتتى؛ خىلىغىچە كېچىكىپ ئويغاندىم ۋە تولۇق ئويغىنالمىدىم؛ دەۋر ۋە مۇھىت ھاۋاسىدا ئۇزاق مەست بولۇپ، تەنتەك چۈشەكەپ، مۇستەقىل ۋە بىۋاستە كۆزىتىپ تەپەككۇر قىلىشتا مۆچەل - مۆچەللەپ كېچىكتىم؛ ئوقۇتقان ئوقۇتقۇچىلىرىمدىن داۋاملىق نەسىھەت ئاڭلاپ، ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرىمدىن يىمىرىلمەس مەرىپەت كارۋىنى ئۇيۇشتۇرالمىدىم؛ ئۆزى چۈشىنىدۇ، قايتا چۈشىنىشكە پۇرسەت بېرىش كېرەك، دەپ مېنىڭ قاراشلىرىمنى راسا چۈشىنەلمىگەن زاتلارغا پائال يېقىنلىشىپ پىكىرلىشەلمىدىم؛ تېماتىك تەسەۋۋۇرۇم نۇرغۇن جەھەتلەردە تار، قاتمال، زەئىپ بولۇپ قالدى. قىسقىسى، زامان - ماكان - تۇركۈم - ئىندىۋىدۇئال چەمبەر - توساق - زەنجىرلىرىم ئىچىدە ياشىدىم. قوللاش ئىمتىيازى، نەشرىيات ھامىيلىقى، يۇقىرى قاتلام زىيالىيلارنىڭ ھەمدەملىكى، پائالىيەتلىرىمنىڭ ھەمكارلاشقۇچى كاتىپلىرىغا مۇيەسسەر بولالمىدىم. زاماننىڭ خوراتقۇچى دولقۇنلىرى بىلەن زىققا خەستەلىكى خېلى كۆپ ۋاقتىم ۋە كۈچۈمنى يەپ كەتتى! مېنىڭچە، ئالاھىدە ئىلتىپات دىۋگاتىلى ۋە تۇرمۇش ماھارىتىگە مۇيەسسەر بولمىغان زامانداشلىرىمنىڭ «تەپەككۇر تۇرمۇشى» قىسمەتلىرىمۇ مۇشۇ تىپكە كىرىدۇ.

ئەكسى جەھەتتىن ئالغاندا، ئىنساننىڭ ھايات قىممىتى «ئوڭۇشسىز مۇھىت» بىلەن ئېلىشىش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. راھەت، «تەييارغا ھەييار» مۇھىت يالتىراق كۆرۈنۈش يارىتىشى مۇمكىن. ھومېر ۋە رۇداكى قارىغۇ بولغاچقا، ۋىنا ۋە ئۇد چالغۇسىغا ئۆزىگە خاس ماھىر بولغان. سىكتايلار ئات كۆندۈرۈش جاپاسى ۋە چەۋەندازلىق قورقۇنچىلىقىنى يەڭگەچكە، ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. كىچىك ئاسىيا، پەلەستىن ۋە ئەرەب زېمىنىدىكى كۆپلىگەن ئەۋلىيا - ئەنبىيالار پادىچىلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى

بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. تاشنى سىلىقلاپ ئىشلەش يوللىرى ئىگىلەنمىگەندە مىتال ھۈنەرۋەنچىلىكى بولمىغان بولاتتى. ئېيسا كىرستقا مىخلانمىغاندا، ئۇنىڭ ھېسداشلىق قوزغاتقۇچى ئېزگۈ خىسلىتى يۈكسەكلىك قوزغاشتا مۇنچە كۈچلۈك بولمىغان بولاتتى. يالتىراق مەرۋايىت - قارا قۇلۇلە پەرزەنتى، ھەقىقەت - خاتالىق چېچىكى، غەلىبە - مۇشەققەت ھالۋىسى! رەقىب ۋە كۈشەندىلىرىڭ - سېنىڭ نازارەتچىلىرىڭ ۋە ئۆز - ئۆزۈڭنى تىزگىنلەش سىگنال - بەلگىلىرىڭ. ھاپىز شىرازىي توغرا ئېيتقان: تەڭرى نادان ۋە ئىقتىدارى ئاجىزلارنىڭ غېمىنى ئالدىن يەيدۇ، ئۇلارغا ئامەت توقاچلىرى تاشلاپ بېرىدۇ، ئۇلار كىشىلىك سارىيىنىڭ ئەتىۋارلىق مۈشۈكلىرى. تەڭرى قەيسەر ۋە قابىللارغا پۈتۈن رىيازەتلەرنى قالدۇرغان، چۈنكى ئۇلار تۇغمەن تېشىدىن گۈل ئېچىلدۇرغۇچى كىشىلەر، ئۇلارنىڭ غېمىنى يېيىش ھاجەتسىز! ئۇلار ئۆز قىممىتىنى، كىشىلىك قىممىتىنى ياراتقۇچىلاردۇر!

شەخسنىڭ قىممىتى - شەخسنىڭ كىشىلىك تارىخىدىكى قىممىتىنى ئەڭ يۇقىرى قىممەت تىپى قىلغان! بۇ، شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ جىسمانىي مەۋجۇتلۇق قىممىتى، گۈزەللىك بەخش قىممىتى، ئاتا - ئانىلىق مېھرىبانلىقى قىممىتىدىن ھالقىغان، شەخسىي ئۆمۈر قىممىتىدىن ھالقىغان تارىخىي قىممەت ۋە ئومۇم كىشىلىك تۆھپىكارلىقى قىممىتى دېگەن سۆز. يېشىپ كەلگەندە، بۇ:

- شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ نەسەپ - سالاھىيىتى، ئىگىلىگەن ئىمتىياز ۋە بايلىقى بىلەن ھېسابلانمايدۇ، دېگەن سۆز.

- بۇ يەنە، شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھاياتلىق ۋاقتىدىكى ئېرىشكەن مەدھىيە ياكى ھاقارەتلىرى، غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتلىرى، ئۆزى ياكى باشقىلار چوقۇنۇپ ياسىغان ئوبراز، ھەيكەللىرى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ، دېگەن سۆز.

- بۇ يەنە، شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھاياتلىق مەزگىلى، ھايات ياكى ئۆلگەنلىكى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ؛ ئۆلۈم - تەڭرىنىڭ ئەڭ ئالىي جازاسى ئەمەس، تەڭرى ۋە پۈتۈن مۇتلەق تەبىئەت ئۈچۈن ئۆلۈم ئەڭ ئاخىرقى چەك ئەمەس، شەخسنىڭ قىممىتى ئۆزىگە ئۆلۈمنى ئاخىرقى مەۋجۇتلۇق چېكى قىلمايدۇ، دېگەن سۆز. بۇ ئۈچ قاتلاملىق مەنىگە پەقەت تولىمۇ خامۇش، پىكرى ئاجىز، تەنتەك كىشىلەرلا ھەيران بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەيرانلىق ئۇلارنى ئەخمىقانە تەمەننا قىلغۇچىلار، ئەخمىقانە چوت سوققۇچىلار ۋە ۋاپاسىز پەلەككە كولدۇرلاپ ئالدانغۇچىلار قىلىپ قويغان!

بىز ئۈچۈن ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى، بەخت - سائادىتى، مۇجەسسەم تەپەككۇرى ئومۇم

جۇغلانمىسىغا ئۆزىگە خاس تارىخىي قاتلام ئۇلى ھەسسىسىنى قوشقان، ئۆتمۈشنى كەلگۈسىگە ئۇلايدىغان روھىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىگە خاسلىقتا ئىگە تۆھپە قوشقان، تەپەككۈرى ۋە مۇئەممالىرى كىشىلەر تەرىپىدىن داۋاملىق قايتا ئېتىبار بىلەن قاراشقا ۋە ھەر قېتىم يېڭى مەنىدە جۇلالىنىدىغان ئىلھام ئۇچقۇنلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا مۇناسىپ بولغان كىشىلەرنىڭ قىممىتى ھەقىقىي ئۆلمەس قىممەتتۇر. بۇ قىممەت مەلۇم مەنىدە ئۇلارنىڭ ھامىي ۋە قوللىغۇچىلىرىغا «رەھمەت سۈيى»، ئۇلارغا قەست قىلغۇچىلارغا خىرە شولا، ھەتتا تارىخىي مەسخىرە ئېلىپ كېلىدۇ.

ھەممە ئۆلىدۇ، ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى، شەكلى ھەر خىل، دەپىن مۇراسىملىرىنىڭ دەبدەبىسىمۇ بىر خىل بولمايدۇ، ئەمما ئۇزۇلمەس دولقۇن - مەرپەت تارىخى، روھىيەت تارىخى ئۆزى خالىغان شەخسلەرنى قايتىدىن «تىرىلدۈرىدۇ»! بۇنى زاكاز قىلغىلى، ئۆزى قىلىۋالغىلى، ئافاق خوجىدەك يۇز مىڭلىغان قەسەملىك مۇرىت - مۇخلىسلىرى ۋە قەبرىگاھلىرى بىلەن «ئەبەدىيلىك ئابىدىسى» گە ئايلىنىۋالغىلى بولمايدۇ! نېمە چارە، تارىخ ئەنە شۇنداق نەرسە! بۇ پۈتۈنلەي بولمىسىمۇ، خەلق تېپىشماقلىرىدىكىدەك: «تەگ دېسە تەگمەيدىغان، تەگمە دېسە كېلىپ تېگىدىغان» تىلسىم.

مەن تۆت پەسىلگە، تۇغۇلۇۋاتقان، ئۆلۈۋاتقانلارغا، ھەر خىل مەئىشەتتە ياشىغانلارغا، غالىب ۋە مەغلۇبلارغا... ئانچە تەئەججۈپلەنمەي ياشىدىم. قەتئىي مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن «ھەقىقەت» دېگەنلىرىمدىن، داۋاملىق قايتا - قايتا كۆزىتىشكە قالدۇرغان ئوبيېكتلىرىم كۆپ بولدى. بىر قېلىپ، بىر فىگورا، بىر مودېل ئەتراپىدا مۇخلىس - پەرۋانە بولغىنىم ۋە ھەر بىر ئاتالمىنى ئۇنىڭ گۈزەل ياكى ئۇنىڭ نامى بىلەن ماھىيەتلەشتۈرۈۋەتكىنىم يوق. مەن تۇغۇلغاندىن تاكى ئۆلگىچە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پىكىر نۇسخىلىرىنى تەكرارلاپ ئۆتكۈچىلەر بىلەن ئۇنى يەڭگىلتەكلىك رەۋىشتە ئىنكار قىلغۇچىلاردىن پەرقلىنىشنى خالىدىم. تارىختا مەيلى دىن ئەۋلىيالىرى ياكى بىرەر كەشپىيات ئىگىلىرى بولسۇن ئۆزلىرى يېڭى پىكىر سىستېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى بۇ خىل قاراشلارنىڭ نامايەندىلىرى بولمىغانىدى. ساكيامۇنى بۇددىزمنى، ئېيسا خرىستىيانچىلىقنى، پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى بۇ ئەقىدىلەرنىڭ نامايەندىلىرى ئەمەس ئىدى. پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئەت پەنلىرى تارىخىدىكى يېڭىلىق ئىگىلىرى ھەققىدىمۇ شۇنى دېيىش كېرەك. ئوتتۇرا ياكى ئارىلىق يېشىدا ئۆز زامانىسىنىڭ يېڭى پىكىر ئېقىمى ۋە ئىلمىي تەفەززالىرىدىن يىراقتا قالىدىغانلار كۆپ، ئەلۋەتتە، چۈنكى ھەممە ئادەم ئېينىشتېيىن بولىۋەرمەيدۇ. ئەمما تارىخ پىكىر بوھرانلىرى ۋە ئىلىم تەفەززالىرى مۇئەييەن پەللىگە يەتكەندە تارىخىي شەخسلەر ئارقىلىق ئۆز يولىنى يورۇتقۇچى مۆجىزىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار مۇشەققەت ئىچىدە ئىلگىرىلەيدۇ ۋە كىشىلىك روھىيىتىگە نۇر بېغىشلايدۇ. تارىخ ئۇلارغا مۇشكۈللۈك ئارقىلىق يۈكسەكلىك بەخش ئېتىش بىلەن بىللە قارشىلاشقۇچىلارنىڭ چوقانلىرىغا يول قويىدۇ ۋە ئۇلارنىمۇ يەنە مەسخىرە توزانلىرى بىلەن كۆمۈۋېتىدۇ. ئالەم پەقەت ئەبەدىيلىك جاۋاھىراتلىرى ۋە بۇ يولدىكى ھەر بىر تارىخىي قاتلام تۆھپىلىرىنى روھىيەت بايلىقى قىلىپ، ئۇنىڭدا يېڭى ئەۋلادنىڭ كىشىلىك مۇھتىنىنى يارىتىشقىلا مەپتۇن. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق شەخسنىڭ ھاياتى، روزىغارى، شەخسىي تۇرمۇشىغا بىۋاپا! چۈنكى ھالاكەت قانۇنى دەل ۋاپاسىز پەلەكنىڭ تۈپ قانۇنى، ئالەم دىئالېكتىكىسىنىڭ پولات مەنتىقىسىدىن ئىبارەت.

ئاتمىشقا كىردىم. ئالەم سىرلىرىدىن پىنىندەك بىلىۋالدىم ۋە بۇ قىسمەنلىكتىن ئالەمنىڭ ئومۇمىي مىجەزىنى ھېس قىلدىم. ئاتمىشقا كىردىم. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ جىسمانىي جەھەتتە قىسقا مەزگىللىكى ۋە روھىيەت ئىزچىللىقىنىڭ چەكسىز تارىخىي زەنجىرىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئۆلۈم ماڭا قورقۇنچلۇق ئۇچۇر ئەمەس، بەلكى ئۇ، ھاياتنى قەدىرلەش، ئۇنى «ئالتۇن شۆپۈك» ۋە «يالتىراق پۆپۈك» كە تېگىشىپ قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشىشقا ئىلھام بېرىپ، چوقان سېلىپ تۇرغان ۋەھىي! مەن ھاياتنى ئۆلۈم تارازىسىدا، روھىيەت جاۋاھىراتلىرىنى تارىخ مىزانىدا ئۆلچەيمەن. قالغانلىرى مەيلى قەسىر ياكى خەزىنە بولسۇن پەقەت بىۋاپا ئالەم كىرپىكىدىكى چاڭ - توزاندىن ئىبارەت.

ئۆمۈر تەلقىنلىرىم ئاخىرلاشمىدى. مەن ئۇنى ھەر بىر ھۆججەيرىلىرىم نۇرغا تولغىچە داۋاملاشتۇرىمەن. ئىشىنىمەنكى، ئۇنى مەندىن كېيىن يەنە مىڭلىغان ئالەم سىرلىرى ۋەكىشىلىك تىلسىملىرىنى ئىزدەنگۈچى روھىيەت مۇخلىسلىرى ئىزچىللاشتۇرىدۇ.

ئۈمىدىم، غەلىتە پىكىرلىرىمنىڭ ھەقىقەتكە يېقىنلىقىنى، غەلىتە سېزىلمىگەن تەپەككۇر ئادەتلىرىڭىزنىڭ ئەقىدە ۋە ئادەتكە بېقىنغانلىقىنى ھېس قىلىشىڭىزدىن ئىبارەت.

1993 - يىل 28 - سېنتەبىر، توخۇ يىلى تاروزا بۇرچى

(M1)



# تەكلىماكانغا مۇھەببەت

(ئەدەبىي خاتىرە)

ئابدۇللا سۇلايمان

## ئەدەبىيات گۈلزارى

### مۇقەددىمە

1988 - يىل 3 - نويابىر

20 تۆگىلىك كارۋان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۈزلۈكسىز كۆچىيىۋاتقان شۇۋىرغانلىق بوران 1901 - يىلى ئەنگلىيىلىك ئېكىسپېدىتسىيىچى، مەشھۇر ئارخېئولوگ ئاۋرىل. ستەيىن تەرىپىدىن سىزىلغان يۇزەكى خەرىتە ۋە كومپاسقىلا تايىنىپ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن سىلجىۋاتقان بۇ كارۋان توپىنى نىشاندىن ئۇڭايلا ئاداشتۇرۇۋېتەتتى. ئۇلار خەۋەرلىشىش ئاپپاراتى ئارقىلىق پات - پاتلا: «ھازىرقى ئورنىمىز ئېنىق ئەمەس، بارلىق ئەزالار ئامان - ئېسەن» دەپ سىگنال بېرەتتى. 30 كىلومېتىرلىق كۆچمە قۇم يولىنى ئۈچ كۈندە تىركىشىپ بېسىپ ئۆتكەن سەككىز نەپەر ئەزا ۋە ئالتە نەپەر ياردەمچى ئەزا ئىچىدە سىز تولىمۇ ئۈمىدۋار ۋە غەيرەتلىك ئىدىڭىز. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆتۈرۈلگەن «تەكلىماكان قىزغىنلىقى» داۋامىدا، 1901 - يىلى 20 - يانۋاردا ستەيىن 1500 يىلدىن ئارتۇق غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان نىيە قەدىمكى شەھىرىنى تۇنجى بولۇپ ئۇيقۇدىن ئويغاتقان بولسا، سىز ئۇزۇن يىللىق ئارزۇيىڭىز ۋە زور تىرىشچانلىقىڭىز ئارقىلىق، ئارىدىن 87 يىل ئۆتكەن ئاشۇ قەھرىتان نويابىر ئېيىدا بۇ خارابىلىقتا پەيدا بولدىڭىز.

سىز، «جۇڭگو - ياپونىيە نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش - قېزىش ئەترىتى» نىڭ ياپونىيە تەرەپ ئەترەت باشلىقى بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى دوستلۇقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكىۋاتقان بۇ جەڭگىۋار كوللېكتىپ بىلەن نىيە خارابىسى كونا ئىزىدا ئىككى كۈن توختاپ، ئومۇمىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ، كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈشكە پۇختا ئاساس سالدىڭىز. سىز ھەققىدىكى كېچىكىپ ئاڭلىغان كونا - يېڭى ئىشلارنى مانا مۇشۇ ئىزدىن باشلايمىز.

### رېئاللىققا ئايلانغان چاقچاق

سىزنىڭ ئىسمىڭىز شياۋداۋ كاڭيۇ. سىز ياپونىيە ئۇنچە - مەرۋايىت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەرباب. سىز، جۇڭگو - ياپونىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا ناھايىتى قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدىڭىز. سىزنىڭ 1972 - يىلى جۇڭگوغا تۇنجى قېتىم كەلگىنىڭىزدىن تارتىپ ھېسابلىساق، سىز دۆلىتىمىزدە 40 قېتىمدىن كۆپرەك زىيارەتتە بولدىڭىز. شىنجاڭدىكى تۇنجى زىيارىتىڭىزمۇ چەت ئەللىكلەر شىنجاڭغا ئانچە كەلمەيدىغان چاغلار - يەنى 1982 - يىلى مايدا باشلانغانىدى.

سىز قانداقلارچە شىنجاڭغا، جۈملىدىن نىيە قەدىمكى خارابىسىغا قىزىقىپ قالدىڭىز؟ بۇنى بىر قېتىملىق تەسادىپىي ئىش، بىر قېتىملىق تەسادىپىي ئۇچرىتىش دېيىشكە بولىدۇ: 1982 - يىلدىكى شىنجاڭ زىيارىتىڭىز، سىزنىڭ بىر قېتىملىق ئۇنچە - مەرۋايىت سودا ئىشىڭىز بولۇپ، سىزنى شىنجاڭ ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى شىركىتى تەكلىپ قىلغانىدى. يۇقىرى سۈپەتلىك ياقۇت ئىزدەش ئىستىكىدىكى بۇ زىيارىتىڭىز كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولمىدى. بۇنىڭدىن تەڭلىكتە قالغان ساھىبخان سىزنى قىزىل

مىڭئۆيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باشلاپ باردى.

3 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بىنا قىلىنغان، مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقى رايونىدا سىز كۆپلىگەن تام رەسىملىرىنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدىڭىز. تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا خارابىلىققا ئايلانغان تاشكېمىرلەرنىڭ كۆپلىكىنى، چەت ئەللىكلەر قومۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن تام سۈرەتلىرى ئورنىنى ۋە بۇ مىڭئۆيلەرنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان خىزمەتچىلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى كۆرۈپ ئېغىر خۇرسىندىڭىز. سىزنى باشلاپ بارغان ھۆنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى شىركىتىدىكى ۋاڭ شىتيەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ماشىنىدا كېلىۋېتىپ سىزگە: «ئەگەر شياۋداۋ ئەپەندى 100 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىشنى خالىسا، مۇشۇ تاشكېمىرلەرگە سىزنىڭ نامىڭىزنى قوياتتۇق» دەپ چاقچاق قىلدى. سىز ئويلىمىغان يەردىن: «بولىدۇ، چۈشەندىم، تاشكېمىرلەرگە يەتكەن زىيان بەك ئېغىر ئىكەن. بولىدۇ، 100 مىڭ يۈەن چىقىراي، رېمونت ۋە ئاسراشقا ئىشلەتسۇن» دېدىڭىز. ۋاڭ شىتيەن ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك: «راستمۇ؟» دەپ سورىغاندا، سىز: «مەن ئەزەلدىن يالغان گەپ قىلىپ باقمىغان» دېدىڭىز تولىمۇ سەمىمىيلىك بىلەن.

ساھىبخان سىزنى بۇ ئىش خۇسۇسىدا ئۈرۈمچى چەت ئەل مېھمانخانىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرىغا تونۇشتۇرغاندا، سىز تاماق ئارىلىقىدا ئۇلار بىلەن ئاددىيلا ھۆججەتلەشتىڭىز. راستىنى ئېيتقاندا، مەدەنىيەت نازارىتىدىكىلەر سىزنىڭ مۇشۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى بېرىشىڭىزگە تازا ئىشەنچ قىلالمىغانتى. ئۇلار، ئۆزلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان بىر ياپونىيىلىكنىڭ ھېچقانداق شەرت قويماي پۇل بېرىشنى ئاز ئۇچرايدىغان تەسادىپىي ئىش دەپ قارىغانتى. سىز ۋەتىنىڭىزگە قايتقاندىن كېيىن دەرھال 100 مىڭ يۈەن (ئەينى ۋاقىتتىكى پۇل قىممىتى بويىچە بۇ پۇل 4 مىليون 800 مىڭ ياپونىيە يېنىغا توغرا كېلىدۇ) پۇلنى پېرېۋوت قىلىپ ئەۋەتتىڭىز. بۇ خەۋەر بىزنى ھەيران قالدۇردى.

سىز يەنە دۆلىتىمىزنىڭ قىزىل مىڭئۆيىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن 20 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، رېمونت قىلىش - ئاسراش خىزمىتىنى باشلىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ياپونىيىدە 100 مىليون ياپونىيە يېنى ئىئانە توپلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، قىزىل مىڭئۆيى رېمونتىغا ياردەم بېرىش بويىچە پائالىيەت ئېلىپ باردىڭىز. بۇ خەۋەر بىزنى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇردى.

سىز 1987 - يىلى نويابىردا ياپونىيىدە «جۇڭگو - ياپونىيە قىزىل مىڭئۆيىنى رېمونت قىلىش - ئاسراش جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ، تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جۇڭشەن تەيلاڭنى پەخرىي مەسلىھەتچىلىككە، شاڭسۇن گۇاڭشى ئەپەندىنى خۇيجاڭلىققا، كۆپلىگەن ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنى تايانچ مەسئۇللۇققا تەكلىپ قىلدىڭىز. سىز تونۇشلىرىڭىزدىن ئىئانە توپلىغاندا ئۇلار سىزدىن: «قىزىل دېگىنىڭىز نېمە؟ ئۇ قانداق نەرسە؟» دەپ سوراشتى. نۇرغۇنلىغان ياپونىيىلىكلەرنىڭ دۇنخۇاڭنىلا بىلىدىغانلىقى، ئەمما قىزىل مىڭئۆيى توغرىسىدا چۈشەنچىسى يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، سىز قىزىل مىڭئۆيىنى چۈشەندۈرىدىغان قوللانما تۈزدىڭىز، خۆەندىڭ فىلىمى ئىشلىدىڭىز. جەمئىيەت تايانچىلىرىنىڭ قوللىشى، 3 مىڭ كىشىنىڭ ئىككى يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئاخىرى 105 مىليون 440 مىڭ ياپونىيە يېنى ئىئانە توپلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە تاپشۇرۇپ بەردىڭىز.

شياۋداۋ ئەپەندى، مۇشۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خەن شياڭ سىزگە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قەدىمكى تارىخىي ئىزلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي قىممىتى، كۆلىمىنىڭ زورلۇقى، ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە نىيە قەدىمكى ئىزلىرىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. خەن شياڭ سىزنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىڭىز ۋە تەسىراتىڭىز توغرىسىدا: «مەن نىيە قەدىمكى خارابىسىنىڭ ئۈنچە - مەرۋايىت سودىگىرى شياۋداۋنى بۇنچىۋالا قىزىقتۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئېچىش ئۈچۈن غايەت زور مەبلەغ سالىدىغانلىقىنى، جاپا چېكىشنى خالايدىغانلىقىنى، بىر قانچە قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئويلىماپتىكەنمەن» دېدى. شۇنداق، سىز ئاخىرى ئەڭ ئېسىل مەرۋايىتنى تاپتىڭىز.

سىز: «بىر جۈملە چاقچاق مېنى شىنجاڭ بىلەن ھەمكارلاشتۇردى» دېگەنىدىڭىز. سىزنىڭ ئىشنى ئۈنچە - مەرۋايىت سودىسىدىن باشلاپ، قۇملۇق يۇتۇپ كەتكەن بىر قانچە ئون قەدىمىي شەھەرلەر ئىچىدىن نىيە خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنى تاللاپ بېكىتىشىڭىز ھەرگىزمۇ سودىنى، نام - شۆھرەت قازىنىشنى مەقسەت قىلمىغانىدى. سىز، دۆلىتىمىز جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتىنى، ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈپ كەلدىڭىز. قەدىمكى يىپەك يولىدىكى رومانتىك تۇيغۇلارغا باي مەنزىرىلەرنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىڭىز. بولۇپمۇ

نىيىدىن ئىبارەت يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي تارمىقى سىزگە چوڭقۇر ئويلىنىش ئاتا قىلدى. سىز نىيە، كىرورەن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ قۇم تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان ئازابلىق ساۋىقى ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا سەل قارىماسلىقىنى، قەدىمىي پارلاق مەدەنىيەتنىڭ يەنە يوقاپ كەتمەسلىكىنى دۇنياغا بىلدۈرمەكچى بولدىڭىز.

سىزنىڭ قانداقلارچە شىنجاڭغا، جۈملىدىن نىيە قەدىمكى خارابىسىغا نېمە مەقسەتتە قىزىقىپ قالغانلىقىڭىزنى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن تېخىمۇ روشەنلەشتۈردۇق:

1993 - يىلى كۈزدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇھىت - بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش كومىتېتى «جۇڭخۇا مۇھىت ئاسراش زىيارەت گۇرۇپپىسى» تەشكىللەپ، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى لى شىگۋاڭ، جاۋ پېيرۇڭ، «جۇڭگو نېفىت گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى لىڭ يۇڭجەن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى يې خۇيمىنلارنى نىيە قۇملۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تەكشۈرۈش - زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار بۇ «ھالاكەت دېڭىزى» دا سىز بىلەن ئۇچراشتى. ئاپتور، مۇخبىرلارنىڭ ئەينى چاغدىكى زىيارەت خاتىرىسىنىڭ سىزگە مۇناسىۋەتلىك دىئالوگلىرىدىن بۇ ئۈزۈندىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشنى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك دەپ قارايدۇ:

ۋاقتى: 1993 - يىل 30 - ئۆكتەبىر. ئورنى: نىيە قەدىمكى خارابىسى رايونى 8 - خارابە قۇملۇقى ۋە بۇددا مۇنارى يېنىدىكى لاگېر.

مۇخبىرنىڭ سوئالى: نېمە ئۈچۈن سىز شۇنچە يىراق يەردىن كېلىپ، ھەم ناھايىتى كۆپ خىراجەت چىقىرىپ بۇ قۇملۇقتا جاپا چېكىسىز؟

سىزنىڭ جاۋابىڭىز: تارىخىي كىتابلاردا نىيە قەدىمكى ئىزلىرى ناھايىتى كەم خاتىرىلەنگەن. غەربىي يۇرت ھەققىدىكى خاتىرىلەرمۇ ناھايىتى يۈزە. مۇشۇ باسقۇچتىكى تارىخنى بىلىش، بۇ دىياردىكى قەدىمكى دۆلەت - خانلىقلارنىڭ خارابىلىشىش سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاش، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم.

سوئال: سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي تەكشۈرۈش - قېزىش پىلانىڭىز قانداق؟

جاۋاب: نىيە مەدەنىيىتى ئۇلۇغ جۇڭگوغا تەۋە، شۇنداقلا دۇنياغا تەۋە. بۇ ئىلمىي خىزمەتتە مەن دۆلىتىڭىزلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ھەمكارلىشىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن.

## تەكلىماكاننىڭ دوكلاتى

مىلادى 79 - يىلى 24 - ئاۋغۇستتا رىمنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى پومپېي شەھىرى ۋېزۇۋىي يانار تېغىنىڭ تۇيۇقسىز پارتلىشى بىلەن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچىلىك ئارىلىقتا 20 نەچچە مىڭ ئادەمنى يۇتۇپ، ئۈن - تىنسىز غايىپ بولدى.

«پومپېي شەھىرى پاجىئەسى» يەنە تارىم ئويمانلىقىدا تەكرارلىنىپ، مىلادى 3 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە مىرەن قەلئەسىنى مەركەز قىلغان، كىرورەن پادىشاھلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بۇ شەھەرمۇ بىر كېچىدىلا قۇم ئاستىدا قالدى. باج، قانۇن، پوچتا بېكىتى تۈزۈمى قاتارلىقلار مۇكەممەللەشكەن، ھوقۇق مەركەزلەشكەن «خىيالىي چۈشتىكى شەھەر» قۇم ئاستىغا غايىپ بولدى. سىز، شەرقتىن غەربكە 10 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 100 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ شەھەرنىڭ بىر كېچىدىلا قۇم ئاستىدا قالغانلىقىنى، بۇ نىيە قەدىمكى خارابىسىغا قىزىققاندىن كېيىن بىلگەنتىڭىز.

ئاشۇ 1901 - يىلدىكى ستەيىننىڭ قېزىپ تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە بىرىنچى كۈنىلا 100 پارچىغا يېقىن قارۇشتى يېزىقىدىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈشى، 1906 - ۋە 1913 - يىلدىكى ئىككى قېتىملىق قېزىپ تەكشۈرۈشتىمۇ 700 پارچىدىن ئارتۇق قارۇشتى يېزىقى ئويۇلغان تارشا پۈتۈكلەرنىڭ تېپىلىشى ستەيىن ئۈچۈن دۇنياۋى كاتتا شۆھرەت ئېلىپ كەلگەنلىكى سىزگە ئايان ئىدى.

شياۋداۋ ئەپەندى، سىز ياپونىيە داگۇ ئېكىسپېدىتسىيىچىلەر ئەترىتىنىڭ ئەينى يىللاردىكى نىيە ئىزلىرىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى ئوقۇغان ۋە 1959 - يىلى لى يۈنچۈن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش - تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ نىيە قەدىمكى خارابىسىدىن قازغان «نەچچە ئەسىر ئۆز پېتىچە تۇرغان» ئەر - ئايالنىڭ جەستى ۋە جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن كىيىم - كېچەكلەر توغرىسىدىكى تەپسىلىي خەۋەر، نەق مەيدان سۈرەتلىرىدىن نىيە قەدىمكى خارابىسى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇپ، قىزىقىشىڭىز يەنىمۇ ئاشقانىدى.

1980 - يىلى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ياپونىيە NHK مۇئەسسەسى بىرلىكتە نىيە قەدىمكى خارابىسىنى تەكشۈرۈشتىن ئالغان ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسىتىلگەندە، شۇنداقلا ياپونىيە شەرقىي دېڭىز تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1991 -، 1992 -، 1993 - يىللىرى ئارقىمۇ - ئارقا ئېلىپ بارغان قۇملۇق زىيارىتى ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى خەۋەرلىرى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەندە سىز ھاياجاندىن قەلبىڭىزگە يېڭى ئارمانلارنى پۈكتىڭىز.

1988 - يىلدىكى تۇنجى قېتىملىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن، 1990 -، 1991 - يىللىرى تەييارلىق تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ

بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خىزمىتىنى قىزغىن قوللاپ، يېقىندىن ياردەمدە بولدى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق - قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ پەخرىي باشلىقلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىمۇ «جۇڭگو - ياپونىيە نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش - قېزىش ئەترىتى» نىڭ كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش پائالىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللاپ، 1994 - يىلى يانۋاردا، ئېلىمىز چېگرىسى ئىچىدە چەت ئەل ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈشكە ئىجازەت بەرگەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە 1 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى تارقاتتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇھىت - بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇگېفىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە شۇ يىلى مايدا بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا «نىيە - قۇملۇق يۇتۇپ كەتكەن قەدىمكى دۆلەت» رەسىملىك كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى جۇگۇاڭجاۋ، نوبېل مۇكاپاتىنىڭ لائۇرىياتى لى جىڭداۋ دوكتور، دۇنيادىكى داڭلىق ئالىملار، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن - مائارىپ كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى ھەمدە مىڭلىغان تاماشىبىنلار بۇ كۆرگەزمىنى كۆردى. شۇ يىلى ئۆكتەبىردە نىيە قەدىمكى خارابىلىقىدا قېزىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي تەكشۈرۈش رەسمىي باشلاندى. ئەترەت ئەزالىرى تۇنجى قېتىمقى 14 كىشىدىن تەرەققىي قىلىپ 50 كىشىگە، تۇنجى قېتىمقى تەكشۈرۈشتىكى ئىككى كۈن دالىدا قونۇشتىن ئۈچ ھەپتە قۇملۇقتا تۈنەپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تەرەققىي قىلدى.

1988 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئۇدا سەككىز قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش - قېزىشقا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي مەركەز قىلىنىپ دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، خۇادۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار؛ ياپونىيە تەرەپتىن ياپونىيە بۇددا دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتى مەركەز قىلىنىپ لۇڭگۇ ئۇنىۋېرسىتېتى، جىڭدۇ گۈزەل سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتى، پەن - تېخنىكا ۋازارىتى، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مىللىي ئۆرپ - ئادەت مۇزېيى، گوەنشى ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە قاتنىشىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ نەتىجىلەردە - ئەڭ يېڭى تېخنىكا بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە، سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز، ئىزدىنىشلىرىڭىز ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى $40^{\circ}C$ قا يېتىدىغان، سۇ ئىنتايىن كەمچىل - قۇم بىلەن قاچا يۇيىدىغان، شارائىتى ئىنتايىن ناچار، يىپەك يولىدىكى بۇ «پومپېي شەھىرى» سىزنىڭ ئىرادىڭىزنى تاۋلىدى. سىز ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان سەككىز قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈشنىڭ بارلىق خىراجەتلىرىنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىپ، ئۆز يېنىڭىزدىن 100 مىليون ياپونىيە يېنى چىقاردىڭىز.

شىياۋداۋ ئەپەندى، سىزنىڭ تەشەببۇسىڭىز بىلەن 1994 - يىلى ياپونىيە بۇددا دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا «جۇڭگو شىنجاڭ نىيە قەدىمكى ئىزلىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلۇپ، نىيە قەدىمكى خارابىسىنى مۇنتىزىم، ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا ياپونىيە تەرەپتىنمۇ ئاساس سېلىندى. ياپونىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى خەيبۇجۇنشۇ بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى جاڭ دېچىن پەخرىي باشلىقلىقنى، ياپونىيىنىڭ سابىق مەدەنىيەت ۋەزىرى يەنچۇەنجىڭشىلاڭ مەسلىھەتچىلىكنى، ياپونىيە بۇددا دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بىلەن سىز ھەيئەتلىكنى ئۈستىڭىزگە ئالغان بۇ ئىلمىي جەمئىيەت قەدىمكى نىيە خارابىسى (شەھىرى) توغرىسىدا دەسلەپكى ئومۇمىي مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇڭلار. بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى سۇن ياۋشىن دوكتور: «نىيە خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ئىزلار ئىچىدە نىيە ئارىلىقىنىڭ يىراق، كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئاز بولۇشى بىلەن، ئۇنىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى قىممىتى باشقا جايلارغا قارىغاندا ناھايىتى يۇقىرى. نىيە قەدىمكى ئىزىنى پۈتۈن دۇنيا ئارخېئولوگلىرى بىرلىشىپ قازسا، 50 يىلدىمۇ قېزىپ تۈگىتەلمەيدىكەن» دېدى.

شىياۋداۋ ئەپەندى، سىز بىۋاسىتە قاتناشقان ئاشۇ سەككىز قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە قېزىش داۋامىدا بۇ قەدىمكى نىران دۆلىتىدە مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سودا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى؛ قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ نەپىس ۋە ئاددىيلىقىنى؛ شەھەر قۇرۇلۇشىدا، رەت - رەت يوللار، ئېرىق - ئۆستەڭلەر، سۇۋادان تېرەكلىك مەھەللە - ئۆيلەرنىڭ تەرتىپلىك گىرەلەشتۈرۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ھويلىلىرى ئۈزۈمزارلىق، كەينىنىڭ مېۋىزارلىق باغلار ئىكەنلىكىنى، ئولتۇراق ئۆيلەر بىلەن ئېغىل - قوتانلارنىڭ

ئارىلىقى قالدۇرۇلۇپ سېلىنغانلىقىنى، گۈيلەرنىڭ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ھالدا سامانلىق لايدا سۇۋۇلۇپ ھاك بىلەن ئاقارتىلغانلىقىنى، تېكىپ ئۆستۈرۈلگەن دەل - دەرەخلەر بىلەن تەبىئىي ئورمانلارنىڭ ئۆز ئارا كىرىشتۈرۈلۈپ بوستانلىق ھاسىل قىلىنغانلىقىنى جەزم قىلدىڭىز. سىز ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر يەنە بۇ خارابىدىن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرنى، ئاددىي پۈتۈك ۋە تېرىگە يېزىلغان پۈتۈكلەرنى، يونان ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلار ئوبرازى سىزىلغان سۈرەتلەرنى، يۇڭ - يىپەك، پاختا توقۇلمىلارنى، توقۇمىچىلىق سايمانلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرىنى، زىرائەت ئۇرۇقلىرى ۋە پىلە غوزىسىنى، مىس، ئەينەك بۇيۇم پارچىلىرىنى تاپقىنىڭلاردا، بۇ تېپىلمىلاردىن سۆيۈنۈپ ھاردۇقىڭلار چىققاندەك بولدى. بولۇپمۇ 1995 - يىلى ئۆكتەبىردىكى بىر قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە قېزىش داۋامىدا ئۇچراتقان قەدىمكى جەسەتلەر ۋە جەسەت بىللە دەپنە قىلىنغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ھەممە بۇتخانا خارابىسى قاتارلىقلار سىزنى بۇ يەردىن مېھرىڭىزنى ئۈزەلمەس قىلىپ قويدى.

## كۆمۈلمەس ئىزلار

1995 - يىلى سىنتەبىردە، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي كۆزنىكى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ قوماندانى جىن يۈنخۇي، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن غوپۇر ئابدۇللا، لى دېڭخۇي قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە بىڭتۈەن رەھبەرلىرى «يى تىڭجۇڭ ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنى» نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ لېنتا كەستى. بۇ، ياپونىيە يى تىڭجۇڭ سودا جەمئىيىتىنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى 18 - ئىش بېجىرىش ئورنى ئىدى. سىزنىڭ، مەدەنىيەت ساھەسىدىلا شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشىڭىز يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىنكى تىرىشچانلىقىڭىزنىڭ بىرى بولغان بۇ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغانلىقى، چەت ئەل كارخانچىلىرىنى شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىشتا زور ئىجابىي رول ئوينىدى.

شياۋداۋ ئەپەندى، سىز يى تىڭجۇڭ سودا جەمئىيىتىنى شىنجاڭغا باشلاپ كىرىشنى خېلى بۇرۇنلا كۆڭلىڭىزگە پۈككەنتىڭىز. 1992 - يىلى 2 - ئايدا، ياپونىيە بويىچە تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان بۇ شىركەتنىڭ سىز بىلەن قويۇق باردى - كەلدىسى بار نائىپ ئاقساقىلى جۇڭزى (ياپونىيە ھۆكۈمىتى ھەممىباب مەھسۇلاتلار ۋازارىتى ئوتتۇرا - كىچىك كارخانىلار نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى) ئەپەندى بىلەن لېدىر سۈڭبىنگە شىنجاڭنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغانتىڭىز. شۇنىڭدىن بۇيان چەت ئەللىكلەر ۋە شياڭگاڭلىقلارنىڭ شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىي تورىدا شىنجاڭنىڭ تۇتقان ئورنى قاتارلىق تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۇچۇرلار بىلەن ئۇلارنى پائال تەمىنلەپ، يى تىڭجۇڭ سودا جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئىزچىل خىزمەت قىلدىڭىز. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن يى تىڭجۇڭ سودا جەمئىيىتىنىڭ ھەر خىل توختاملارنى تۈزۈشىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدىڭىز. شۇ قېتىمقى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا رەھبەرلەر سىزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان غايەت زور تۆھپىڭىزگە يۈكسەك باھا بەرگىنىدە، سىز قەدەھ سۆزى قىلىپ پەقەت: «مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم شىنجاڭنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى» دېدىڭىز.

شۇنداق، خۇددى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى باھا بەرگىنىدەك، سىزنىڭ قىزىل مىڭئۆيىنىڭ رېمونت - ئاسراش ئىشلىرى، نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قېزىش خىزمەتلىرىدىلا ئەمەس، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى، ئوقۇشسىز قالغان باللار ۋە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش جەھەتلەردىمۇ ئالاھىدە خالىس تۆھپىڭىز بار:

1994 - يىلى تەسىس قىلىنغان «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش فوند جەمئىيىتى شياۋداۋكاڭيۇ ئوقۇتۇش مۇكاپاتى» بويىچە دۆلىتىمىزدىن ھەر يىلى ئىككى نەپەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش مەخسۇس خادىمىنىڭ ياپونىيىدە بىلىم تەھسىل قىلىشى، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل خىراجىتىنىڭ سىز تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلىقى، ھەمدە ھەر يىلى ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ 25 نەپىرىنى ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقانلىقىڭىز بۇ تۆھپىڭىزنىڭ ئىسپاتى.

سىزنىڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى بولۇپ، 1986 - يىلدىن بۇيان بۇ مەكتەپتىكى 250 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ھەر يىلى 2 مىليون ياپونىيە يېنى ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزمۇ بۇ تۆھپىڭىزنىڭ ئىسپاتى، ئەلۋەتتە.

1995 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ۋە نامراتلارنى يۆلەش

ئۈچۈن قىلغان 1 مىليون يۈەن ئىئانىڭىز ھەمدە خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان 1 مىليون يۈەن ئىئانىڭىزمۇ ئوخشاشلا بۇ تۆھپىڭىزنىڭ ئىسپاتى.

سىزنىڭ 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، ھازىر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيىيۈەنجاڭى بولۇپ ئىشلەۋاتقان شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمىنى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ياپونىيەدە نەشر قىلدۇرغانلىقىڭىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە ئالاھىدە كاتتا ئىش بولۇپلا قالماي، دۆلىتىمىز بويىچىمۇ زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى.

يېقىندا، مەلۇم بىر جەمئىيەتشۇناسنىڭ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىز ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ ئېيتقان «ئۈچ ئېتىش» ى - يەنى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان - مويسىپىتلىرى تاپقان مال - دۇنياسى بىلەن ھەج تاۋاپ قىلىپ شەيتانغا تاش ئېتىۋاتىدۇ؛ ئوتتۇرا ياشلىقلىرى رومكا ئەتراپىدا ھەسەت، پىتنە - پاسات تېرىشىپ، ھەدەپ پو ئېتىشىۋاتىدۇ؛ ياشلىرى خىروئىن چېكىپ - جان تالىشىپ پوت ئېتىۋاتىدۇ» دېگەن مەسخىرىلىك سۆزى ئارىمىزدا ئېقىپ يۈرمەكتە. بىز ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك بۇ مەسخىرىدە دېيىلگەن ئىللەتلەرگە چىرمالغان روھىيىتىمىز ۋە مەشغۇلىمىز ئالدىدا بۇ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىڭىز تولىمۇ روشەن سېلىشتۇرما ئەمەسمۇ؟

## ئاددىي ۋە ئۇلۇغ تەرجىمھال

ياپونىيىدىكى راھىبلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ئاتىسى راھىب بولۇپ، بۇتخانىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىنلا راھىب بولغان» لار. شۇڭا، ئۇلار كەسپىي راھىبلار ھېسابلىنىدۇ. ئەمما سىزنىڭ ئاتىڭىز راھىب بولمىغان. ئون نەچچە يىل ئىلگىرى سىز ھىندىستانغا بېرىپ تاۋاب قىلىپ، بۇددا دىنىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىن كېيىن دۆلىتىڭىزدىكى جىڭدۇ بۇددا دىنى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، 1988 - يىلى 45 يېشىڭىزدا ئوقۇش پۈتتۈردىڭىز. سىز ئارىلىقتا ئىككى يىلچە مەخسۇس دۇئا - تىلاۋەت بىلەن مەشغۇل بولدىڭىز. سىز ئۇلۇغ بۇددا دىنىي ئالىمى كومراجىۋانىڭ 109 ئەۋلاد شاگىرتى بولغاچقا، ياپونىيىدىكى كۆپلىگەن بۇتخانىلار سىزنى باش راھىبلىققا تەكلىپ قىلدى. گەرچە سىز ئىخلاسمەن بۇددا مۇخلىسى بولسىڭىزمۇ، ئۆمۈر بويى دۇئا - تىلاۋەت قىلىش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ، بۇ تەكلىپلەرنى چىرايلىقچە رەت قىلدىڭىز.

شىياۋداۋ ئەپەندى، سىز مەخسۇس دۇئا تەلەپ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان ئاشۇ ئىككى يىلدا 100 كۈن پەرھىز تۇتۇپ، ئوزۇقلۇقنىڭ قىممىتىنى، مېھنەتكەشلەرنىڭ يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئېغىر جىسمانىي ئەمگىكى ۋە ئەجرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپلا قالماي، بىر ئاي ئىچىدە ئىككى قېتىم توكيو بىلەن جىڭدۇ ئارىلىقىدا مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق پىيادە يول يۈرۈپ - ئىرادىڭىزنى تاۋلاپ، ئۆزىڭىزنى چېنىقتۇردىڭىز.

سىز تۇغۇلۇپ ئۆزۈن ئۆتمەي ئانىڭىز ۋە ئۆگەي ئانىڭىز ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق چاغلىرىڭىزدا يېتىملىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانتىڭىز. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، سىز يېتىم بالىلارنىڭ بېشىنى سىلاش - ئۇلارغا شاپائەت قىلىشنى ۋىجدانىي بۇرچىڭىز قىلىپ كەلدىڭىز. ئۈرۈمچى، خوتەن، نىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېتىم بالىلار پاراۋانلىق ئورۇنلىرىغا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن ماددىي بۇيۇملارنى تەقدىم قىلغانلىقىڭىز بۇ خىل ئالىيجاناب ھېسسىياتىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

سىزنىڭ ياپونىيىدە ھازىرغىچە خۇسۇسىي ھويلا ۋە پىكاپىڭىز يوق. ھەر كۈنى يەر ئاستى پويىزىغا چۈشۈپ ئىشقا بارىسىز. ئەتىگەندە بولكا بىلەن ناشتا قىلىپ، چۈشلۈكى باغچىلاردىكى سەرگەردانلار بىلەن مۇڭدىشىسىز. غورىگۈل تاماق يەپ، تۇرمۇشىڭىزنى تولىمۇ ئاددىي - ئىقتىسادچىل ئۆتكۈزىسىز. سىز پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەچكە، سان - ساناقسىز سەبىيلەرنى ئۆز بالىلىرىڭىز ھېسابلاپ، ئۇلارغا ئاتىلىق مېھرىڭىزنى بەردىڭىز.

سىز كاتتا بايلاردىنمۇ ئەمەس. شۇنداقتىمۇ نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش - قېزىش خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ھەتتا بانكىدىن قەرز ئالدىڭىزۇ ئۆي ئىجارىسى، تاماق راسخوتى ئۈچۈن ئايالىڭىزغا بىر تىيىنمۇ ئاجراتماي، ئائىلىنىڭ كۈندىلىك خەج - خىراجىتىدە سىزنى قىزغىن قوللىغان، سىزگە ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن ئايالىڭىزنىڭ مۇئاشىغىلا تاياندىڭىز.

سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز ۋە پەزىلىتىڭىزنى بىلدۈرىدىغان بىر قانچە «لەقىمىڭىز» بار. بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە «ئەخلەت تېرىيدىغان ئەترەت باشلىقى» ۋە «كىچىك تۆمۈر» دېگەن ئىككى لەقىمىڭىزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سۆزلەپ بېرەيلى:

1993 - يىلى جۇڭگو - ياپونىيە نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش ئەترىتى ئالدىنقى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئاساسىدا يەنە بىر نۆۋەتلىك تەكشۈرۈش - قېزىش تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولغاچقانىدى. ياپونىيە تەرەپ ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئالغان سىز كېيىن - تەمەننادا بولۇش توگۈل ئەخلەت تېرىدىغان سايمان، ئەخلەت خالتىلىرى ۋە بىر قىسىم بۇيۇملارنى ياپونىيىدىن ئۆزىڭىز ئالغاچ كېلىپ، بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى بەزى ئەزالار قوملۇققا تاشلاپ ماڭغان

تۇرلۇك يېمەك - ئىچمەك كورۇپكىلىرى، ئىچىملىك بوتۇلكىلىرى ۋە كەمپۈت قەغەزلىرىگىچە تېرىپ ماڭدىڭىز. دەرەخلەرنى كېسىپ ئوت قالىماسلىقنى، ئەخلەتلەرنى قالايمىقان تاشلىماسلىقنى داۋاملىق جېكىلىدىڭىز. سىز ئەترەت ئەزالىرىغا: «بۇ، ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئۇنى چوقۇم ياخشى ئاسرىشىمىز كېرەك» دېدىڭىز. سىزنىڭ بۇ ئالىيجاناب كەسپىي ئەخلاقىڭىزدىن تەسىرلەنگەن، شۇنداقلا ياپونىيىدە ھەر ئايدا يېقىن ئەتراپتىكى باغچىلارغا بېرىپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم مەخسۇس ئەخلەت تېرىپ خالىس تازىلىق قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان جۇڭگو تەرەپ ئەترەت ئەزالىرى يېقىنچىلىق بىلەن سىزنى: «ئەخلەت تېرىيدىغان ئەترەت باشلىقى» دەپ چاقچاق قىلغاندا، سىز كۈلۈپ كەتتىڭىز.

سىزنىڭ ئىسىم كارتوچكىڭىزغا «كىچىك تۆمۈر» دېگەن ئۇيغۇرچە ئىسمىڭىز بېسىلغان: بىر قېتىملىق زىياپەتتە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەييۈەنجاڭى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەينى چاغدىكى رەئىسى تۆمۈر داۋامەت: «شياۋداۋ ئەپەندى ئېسىل ئادەم، ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ئاسان ئەمەس، يەنە كېلىپ شىنجاڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ناھايىتى توغرا ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىدۇ. ئۇ، گويا مېنىڭ ئىنىمغا ئوخشايدۇ» دېگەندە، سىز ئۇنىڭغا جاۋابەن: «تۆمۈر داۋامەت ئەپەندى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىلانلىق يېزىسىدا كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ناھايىتى كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتقان. ئۇ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ، ئىنتايىن ئاددىي - ساددا، كەمتەرىن رەھبەر. خۇددى ئۆزىنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش تۆمۈردەك ئىرادىلىك ئادەم، ئۇ مېنىڭ شىنجاڭلىق ئاكام» دېدىڭىز تولىمۇ تۈز كۆڭۈللۈك ۋە سەمىمىيلىك بىلەن.

شياۋداۋ ئەپەندى، سىز ئۆزىڭىزنى زىيارەت قىلغان مۇخبىرلار ۋە ھەر ساھە ئەربابلىرىغا: «مەن قانداقتۇر بىر ئۇلۇغ ئەربابمۇ ئەمەس، ئۆزۈمگە چۈشلۇق يېتەرسىزلىكىم كۆپ. مېنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ياردىمىم جۇڭگو ۋە ياپونىيىدىكى نۇرغۇن دوستلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن ئورۇنلانغان» دېگەن ئاددىي ئەمما چىن سۆزىڭىز ساپ ۋە سەمىمىي قەلبىڭىزنىڭ، پايدا - مەنپەئەت كۆزلىمەيدىغان ئېسىل خىسلىتىڭىزنىڭ، تەلەپ ۋە شەرت قويمايدىغان مەرد - سېخىيلىقىڭىزنىڭ يەكۈنى بولدى.

سىز 1995 - يىلى 22 - مايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇھىت - بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش كومىتېتى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم بىر چەت ئەللىككە بېرىلگەن ئالاھىدە شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ۋاڭ بىڭچيەن مۇئاۋىن ۋەييۈەنجاڭ بىلەن مەخسۇس سۆھبەتلەشكەن چاغدىمۇ، «خەلق گېزىتى» نىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدىغان نەشرىنىڭ 27 - ماي سانىدىكى مەخسۇس سانىدا تونۇشتۇرۇلغاندىمۇ، «خەلق گېزىتى» نىڭ 1994 - يىلى 23 - ئاۋغۇستتىكى سانىنىڭ «مەدەنىيەت ستونى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1994 - يىل 12 - ئۆكتەبىردىكى سانى بىلەن «شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلىرى» گېزىتىنىڭ 1994 - يىلى سېنتەبىر سانىدا سىزنىڭ ئىش - ئىزلىرىڭىزنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان چاغلاردىمۇ، سىز مۇخبىرلارغا ئوخشاشلا: «ياپونىيە - جۇڭگو دوستلۇقى يېڭى بىر دەۋرگە - يەنى ياپونىيە بىلەن جۇڭگو بىر - بىرىنى چۈشىنىش دەۋرىگە كىردى، بۇ، ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئورتاق دەۋرى. مەن پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ياخشى كۆرىمەن، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيىمەن، ھەتتا جەسىتىممۇ شىنجاڭغا قويۇلىدۇ» دېگەن قەلب سۆزلىرىڭىزنى ئېيتتىڭىز.

## خاتىمە

مۆھتەرەم ئوقۇرمەن: مەن بۇ ئەدەبىي خاتىرىنى يېزىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، شياۋداۋ ئەپەندىنىڭ خوتەنگە كېلىپ 8 - ئۆكتەبىردىن 18 - ئۆكتەبىرگىچە «جۇڭگو - ياپونىيە قەدىمكى نىيە خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش ئەترىتى» ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە نىيە قەدىمكى خارابىسىدا 8 - قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش - قېزىش پائالىيىتىدە بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بارغان بىر دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ، خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېي قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، يەنە پۇل ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى ۋە مۇزېينىڭ قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمىغا ئالاھىتەن كېلىپ قاتنىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھېلىقى دوستۇم، بىرەيلەننىڭ ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئەسەر يېزىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ۋە «خەلق گېزىتى» مۇخبىرلىرىنىڭمۇ يېقىندا يەنە ئۆزىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

شۇنداق، شياۋداۋ ئەپەندىنىڭ بىر قاتار خالىس تۆھپىلىرى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن قىلىۋاتقان سەمەرىلىك ئەمگەكلىرى جۇڭگو، ياپونىيە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئايان. مەنمۇ ئۆز ئىختىيارلىقىم، چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە قايىللىق تۇيغۇم بىلەن، تىل - يېزىق چەكلىمىسى سەۋەبلىك خېلى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى تېخى بىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن بۇ سۆيۈملۈك كىشىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئىشەنچلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا، يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى نىيە قەدىمكى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك

تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ جەريانى بىلەن قوشۇپ سىلەرگە دوكلات قىلدىم.

مەن بۇ ئەدەبىي خاتىرەمنىڭ خاتىمىسىنى يېزىۋېتىپ، شياۋداۋ ئەپەندىنىڭ ئۆيلىنىشى، تاللىشى، ئىزدىنىشى ۋە تۆھپىسى بىلەن، كىشىلىك قارىشى، تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، پەزىلىتى ۋە پۇل تېپىش مەقسىتى ئوخشاش بولغان ھەم ئوخشاش بولمىغان يۇرتىمىز كىشىلىرىنى سېلىشتۇردۇم. مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تاپقان پۇلىنى تېجەشلىك ئىشلىتىپ، ئۆز ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم پۇلىنى مائارىپ، مەدەنىيەت ھەم پاراۋانلىق ئىشلىرىمىزغا سەرپ قىلغان مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بايلار كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدىكى دېھقان كېرەم ئىمىن، ئىلىدىكى ياش كارخانىچى، يېتىملارنىڭ غەمگۈزارى نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر، غۇلجا مىللىي مائارىپ «خالىس» فوند جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى ئابلىمىت خالىس ھاجىم، ئۈرۈمچىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچىلاردىن: رابىيە قادىر، تۇرسۇن ئىمىن، «قىران بۇركۇت» ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ باش لېدىرى قۇدرەت ھاجى، ئاتۇش شەھىرىدىن ساۋۇت ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ساخاۋەتچى ئوغۇللىرى، پىچان ناھىيە لەمجىن بازىرى خاندوشاھ كەنتىدىكى دېھقان ئىسمائىل قۇربان، خوتەن شەھىرىدىن مەتنىياز ھاجىم، ئەسقەر ئابدۇللا قەشقەرى، توقسۇ ناھىيە بازىرىدىن ياش كارخانىچى ئابلىز روزىھاجى، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ئاكا - ئۇكا قۇربان ھاجىم ۋە ھىدايەت ھاجىملار، مارالبېشى ناھىيە چاھارباغ يېزىسىدىكى دىنىي زات نۇر ئەخمەت كېرىم، ئۈرۈمچى «ئابلىز سودا سارىيى» دېرىكتورى، تىجارەتچى توختىھاجى ئابلىز... قاتارلىقلارمۇ خۇددى شياۋداۋ ئەپەندىگە ئوخشاش ئالىيجاناب روھ ۋە ئۇلۇغۋار نىيەت - ئىقبال بىلەن ئۆز يۇرتى ئۈچۈن مەكتەپ سېلىپ ياكى «ئۈمىد قۇرۇلۇشى»، «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» پائالىيىتىگە ئاياماي ياردەم قىلىپ ۋە ياكى فوند جەمئىيىتى قۇرۇپ، مۇكاپات تەسىس قىلىپ، خۇددى نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر ئېيتقاندەك: «خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشتىن ئارتۇق بەخت ۋە خۇشاللىق بولمايدۇ» غانلىقىنى ھېس قىلماقتا.

بىراق، ئۇلۇغ، ئەقىللىك، ئاقكۆڭۈل ۋە مېھرىبان ئادەملەر توپى ئارىسىدا رەھىمسىز، ۋەھشىي، ئەقىلسىز ۋە رەزىل ئادەملەر ئاز ئەمەس. بۇ ھەقتە يەككە مىساللاردىن كۆرە تۆۋەندىكىلەرگە نەزەر ئاغدۇرايلى: «K ۋە Y ناھىيىلىرى بازارلىرىنىڭ ئىككى ئاھالە كومىتېتىدىن 1994 - يىلى ناھىيە رەھبەرلىكىگە يوللانغان جەمئىيەت كۆزىتىش دوكلاتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ئاھالىلەر كومىتېتلىرى تەۋەسىدىكى 1300 نەچچە ئۆيلۈك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 1986 - يىلدىن 1994 - يىلى 6 - ئايغىچە، سودىگەرچىلىك قىلىدىغان 221 ئائىلىنىڭ ئىقتىسادتا قەد كۆتۈرگەن 41 ىدە «خوتۇنىنى قىزلاشتۇرۇش»، «خوتۇنىنى خىللاشتۇرۇش» ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. يەنى 41 خوجايىن قەدىناس خوتۇنلىرىنى قويۇۋېتىپ قىز - چوكانلارغا ئۆيلىنىۋالغان؛ 21 ئائىلىدە ئاجرىشىش ئارقىلىق نىكاھ يۆتكەش، قاتناپ تىجارەت قىلىدىغانلاردىن 24 ىدە قوش نىكاھلىق بولۇش ھادىسىسى يۈزبەرگەن؛ يۇرت - مەھەللىلەردە «كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن»، دەردمەن چوكان - قىزلاردىن 11 ى يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن؛ تول ئەر - ئاياللار ئائىلىلىرى 19 غا يەتكەن؛ 48 كىشى پاھىشىۋازلىق قىلمىشى بىلەن تەنقىد - تەربىيىگە چۈشكەن؛ قاتناپ تىجارەت قىلىدىغانلاردىن 19 كىشى پاھىشىۋازلىق جىنايىتى بىلەن تۇتۇلۇپ جازالانغان ياكى ئەدىبىنى يېگەن؛ ئۈچ سودىگەر پاھىشىۋازلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن. توققۇز سودىگەر پاھىشىۋازلىق جېدىلىدە پۇت - قولىدىن ئايرىلغان، زەخىملەنگەن...» («نىزامىددىن ھۈسەيىنىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996 - يىللىق 3 - سانىدىكى «بىزدىكى ئىللەتلەر» ناملىق ماقالىسىنىڭ «بىزدىكى شەھۋانىيەتچىلىك» دېگەن قىسمىغا قاراڭ). ئائىلە، جەمئىيەت ۋە مىللەتكە خانىۋەيرانچىلىق، بالايى - ئاپەت ئېلىپ كەلگەن بۇ خىل قىلمىشلار ۋە كۈندىن كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىسراپچىلىق، ھەشەمەتچىلىك ھەمدە ئەيش - ئىشرەتلىك «رېستوران قىزغىنلىقى» يۇقىرىقىلارغا سېلىشتۇرۇلسا ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىك، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، تۆھپە بىلەن شۇملۇق تولىمۇ روشەنلىشىدۇ، ئەلۋەتتە.

مۆھتەرەم ئوقۇرمەن: بۇ مۇھاكىمىلىك سېلىشتۇرۇشلاردىن كېيىنلا سىزمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ئەسلى ۋەقەنىڭ داۋامىنى بىلىشنى، داڭلىق ئاخبارات پېرسوناژى شياۋداۋ ئەپەندىنىڭ بىر قانچە ئايلاردىن بۇيانقى ئەڭ يېڭى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇشنى خالايسىز ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىسىز. بۇ قىزىقىشنى، شۇنداقلا ئەدەبىي خاتىرەمنىڭ تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، ئۇنىڭ يېقىندا خوتەن ۋىلايەتلىك ئاسارە - ئەتىقىلەرنى يىغىپ ساقلاش ئورنىنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر تۇرسۇن، ئاكىمغا يازغان بىر پارچە خېتىنى ئەينەن ئېلان قىلىشنى لازىم تاپتىم:

«ياخشىمۇسىلەر!

مەن 1966 - يىلى 24 يېشىمدا خېگۈي شىركىتىنى قۇرغانىدىم. ھازىر بۇ شىركەت تەرەققىي قىلىپ مەخسۇس ئۈنچە - مەرۋايىت تىجارىتى قىلىدىغان 158 ماگىزىنغا ئىگە بولغان چوڭ كارخانىغا ئايلاندى.

دەۋر تولىمۇ تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ.

شىركەتنىڭ رىقابەت داۋامىدا تېخىمۇ راۋاجلىنىشى، جەمئىيەتكە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى ئۈچۈن، مۇقەررەر كونىنىڭ ئىزىنى يېڭى بېسىشى لازىم. شىركەت يېڭى باشقۇرغۇچىغا موھتاج، شۇڭا مەن باش دىرېكتورلۇق ۋەزىپەمدىن ئىستىپا بېرىپ، پەخرىي خويجاڭلىقىنىلا ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشنى قارار قىلدىم. سۇڭبېن شياۋزۇ (خېگۇي شىركىتىنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى، جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىساد مەسلىھەتچىسى، يې تىڭجۇڭ تىجارەت ئورنىنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى، مېنىڭ ياخشى دوستۇم) باش دىرېكتورلۇقىدىكى يېڭى خېگۇي شىركىتى بۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۆپ تەرەپلىمە غەمخورلۇققا موھتاج. ئادەتتە، ياپونىيەدە كارخانىنىڭ باش دىرېكتورى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلسا، مۇدىرىيەت باشلىقى بولىدۇ. ئەمما، مەن بۇ قېتىم ئىشلارنى يېڭى باش دىرېكتورغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مۇدىرىيەت باشلىقى بولماي، بىرىنچى سەپتىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقماقچىمەن.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا، راھىب بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى، ياپونىيە - جۇڭگو نىيە قەدىمكى ئىزلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش ئەترىتىنىڭ ياپونىيە تەرەپ ئەترەت باشلىقى قاتارلىق بۇرچىمنى ئادا قىلماقچىمەن. مەن «خەلق گېزىتى» تەرىپىدىن ئابجۇڭ مالۇ (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياپونىيەدىن چاڭئەنگە كېلىپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە چاڭئەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ياپونىيىلىك مەشھۇر زات. ئۇ، چاڭئەندە ۋاپات بولغان - ئاپتوردىن) غا ئوخشىتىلدىم. شۇڭا، مەن كېيىنكى ھاياتىمنى شۇنداقلا بارلىق زېھنىي قۇۋۋىتىمنى جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئاسراش ئىشلىرىغا بېغىشلايمەن. سىزنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىڭىز ۋە ياردىمىڭىزگە موھتاجمەن.

ئامان بولۇڭ.

شياۋداۋ كاڭيۇ

«1996 - يىل 16 - ئىيۇن، ياپونىيە - ناگويا»

ژۇرنالنىڭ سەھىپە ئېھتىياجى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقتىنى ھېسابقا ئېلىپ، بايانلىرىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرىمەن ھەمدە ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان بۇ دۇنيا پۇقراسىغا - تەكلىماكان شەيداسىغا يېڭىدىن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن!

1996 - يىل ئىيۇن - ئۆكتەبر، خوتەن

---

ماۋزۇ سۈرىتىدە: شياۋداۋكاڭيۇ (سولدا) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەييۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت (ئوتتۇرىدا) كە باش لېدىر سۇڭبېننى تونۇشتۇرماقتا.

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، دوتسېنت (M2)

## جۇڭگو-ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى كىرورەن خارابىسىنى تازىلىدى

«شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: جۇڭگو - ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى يېقىندا كىرورەن خارابىسىدىن 100 نەچچە كىلوگرام ئەخلەتنى تازىلىدى. بۇ، كىشىلەرنىڭ ئىنسانلار توپىدىن يىراقتا قالغان قەدىمىي مەدەنىيەت خارابىسىنى تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەمدە تازىلىشى ھېسابلىنىدۇ.

بۇقېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 7 نەپەر ياپونىيىلىك، 6 نەپەر جۇڭگولۇق مۇتەخەسسىستىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئەترەت باشلىقلىقىنى ياپونىيىلىك زات، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى شياۋداۋكاڭيۇ ئەپەندى ئۈستىگە ئالغان. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى چارقىلىق ناھىيىسىدىن ئىككى دانە چۆل ماشىنىسىدا يولغا چىقىپ، توپتوغرا ئۈچ يېرىم كۈن دېگەندە لوپنۇر كۆلى رايونىغا جايلاشقان كىرورەن خارابىسىغا يېتىپ كەلدى.

ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەكشۈرۈش جەريانىدا كىرورەن خارابىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە نۇرغۇن ئەخلەتلەرنى ئۇچراتتى. شياۋداۋكاڭيۇ ئەپەندى ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى باشلاپ يۈرۈپ ئۈچ سائەتتىن كۆپرەك تازىلاش ئارقىلىق ئەخلەتلەرنى بىرمۇ-بىر تېرىپ، ئۇنى ئالتە دانە تاغارغا قاچىلىدى. بۇ ئەخلەتلەرنىڭ تولىسى كونسېرۋا قۇتىسى، مىنېرال سۇبوتۇلكىسى، ئەسكى يېشىك ۋە كونا تور پاختىلار بولۇپ، يەنە كونا ماي تۇڭىدىن ياسالغان ئەسكى مەشمۇ بارئىدى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ جۇڭگو تەرەپ مەسئۇلى بۇ ھەقتە مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: 80-يىللاردىن بۇيان بۇ يەرگە دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىن ئېكسپېدىتسىيىگە كېلىدىغانلار كۆپەيدى، بۇ ئەخلەتلەرنى شۇلار تاشلىغان.

كىرورەن خارابىسى لوپنۇر كۆلى رايونىدىكى بىر تىلسىمات بولغاچقا ئۇيەرگە كىرىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. بۇقېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى مىڭبىر مۇشەققەتتە ماشىنىسىنى كىرورەن بۇددا مۇنارىغا 100 مېتىر كەلگۈدەك ئارىلىققىچە ھەيدەپ ئەكىلىپ، ئەخلەتلەرنى 300 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئەخلەت مەيدانىغا ئاپىرىپ تاشلىدى.

ئالاقىدار خادىملارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ، ئىنسانلارنىڭ چۆل ماشىنىسىنى بۇ بۇددامۇنارى يېنىغا تۇنجى قېتىم ھەيدەپ ئەكىلىشى ئىكەن.

كىرورەن خارابىسى ۋېي-جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى ئاستانىلاردىن بىرى بولغان. شۇنداقلا ئۇ بۇندىن 1700 يىل ئىلگىرىكى لوپنۇر رايونىدا ئىنتايىن گۈللەنگەن شەھەر ئىدى. بۇ قۇم باسقان شەھەر مىلادى 1900-يىلى تۇنجى قېتىم بايقالغاندىن بۇيان تا ھازىرغا قەدەر جۇڭگو-چەت ئەل ئالىملىرى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنى قىززىقتۇرىدىغان جەلپكار نۇقتىغا ئايلاندى.

رىسالەت مۇھەممەت تەرجىمىسى



ئىككى

ھېكايە

# يا ئۇچارمەن، يا چۈشەرمەن

## ياسىنجان سادىق

ئىشخانا ئىشىكى يەڭگىل چېكىلدى. «كىرىڭ» دېگىچە، بېشىغا شاپاق دوپپا، ئۇچىسىغا كاستۇم - بۇرۇلكا كەيگەن، ئوبدان تاقالمىغان گىلاستۇكى ئىشتان باغلىغان يېرىدىن ئېشىپ بىر غېرىچ ساڭگىلاپ تۇرغان ئوتتۇرا بوي، خامسېمىز بىر گەۋدە ئىشخانىغا ئۇسسۇپلا كىرىپ بولدى.

— سالامۇلەيكۇم، ئۆزلىرى مۇخبىر ئۇكام بولاملا، — ئۇ، قولۇمنى ئامبۇردەك قىسقىنىچە قويۇۋەتمەي يەڭگىل سىلكىدى، — بەللى، مۇخبىر ئۇكا، خەۋەر دېگەننى ئىشىكنى ئىچىدىن چىڭ تاقاپ قويۇپ ئولتۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇۋېلىپلا يازىدىغان گەپكەن - دە. دېمىسىمۇ سىلەرگە سىرتقا چىقىپ مۇخبىرلىق قىلىش بىلەن قىلماسلىق ئوخشاشلا گەپ. يازىدىغان خەۋەرىڭلار ساپلا پۆكۈنى يېزا ئىسلاھاتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن مۇنچە مو يەرگە قىغ قويۇپ بولدى. مۇنچە مو يەرنى ئوسا قىلدى، مەھسۇلاتى ئۆتكەن يىلدىكىدىن مۇنچە مىڭ جىڭ ئېشىپ، ئۇدا مۇنچە يىل مول ھوسۇل ئالدى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بويىچە مۇنچە قېتىم مۇكاپاتلاندى، دېگەندەك «ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ» لەر. بەئەينى بىر قېلىپتىن چىققان كېسەكتەك. . .

— ئولتۇرسىلا، ئاكا.

تېخىچە قىسىلىپ تۇرغان قولۇمنى بىزارلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ چىقاردىم، گېپىنى سىپايىلىق بىلەن بۆلدۈم. ئۇ، دىۋانغا موككىدە چۈشتى - دە، نامىسىز بارمىقىغا سېلىۋالغان ئۈزۈككە (ئالتۇنمىكىن دەپ قالدىم) ھەۋەس بىلەن قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر خالتا ئاق ئۇننىڭ باھاسى 66 كويغا چىقىپتۇ. ئاياغ بازىرىدا ئانىسىنىڭ توپلىيى 30 كوي، نەۋرىسىنىڭ 39 كوي. دوخمۇش - دوخمۇشتا نى - نى يىگىتلەر لالما ئىتلار بىلەن ئېلىپەتلىشىپ مەلەخ مەست ياتقان. بوتۇلكا يىغىپ ساتىدىغانلار ئۇلارنى قاچان قولىدىكى يېرىمدىن ئاز قالغان ھارىقىنى ئىچىۋېتىپ، بوتۇلكىسىنى تاشلىۋېتەركىن، دەپ بەز مارىغان مۈشۈكتەك قارىشىپ تۇرغان. تاماكاڭ يوقمۇ ئۇكا؟ چەكتۈرە بىرنى. ئىلگىرىغۇ ئەسسالام دەپ بوسۇغا ئاتلىغان مېھماندىن ساھىبخان بولغۇچى ئاتىنىڭ قېنىدەك دەملىگەن بىر پىيالە چېيىغا ياڭاقتەك ناۋات ياكى ئىككى چاقماق قەنت سېلىپ ھاردۇق سورايتتى. ھازىر كىملەرنى دوراشتىكىن تاڭ، بىرەر تال تاماكا تۇتۇپ قويۇپ، بىرەر تەخسە كەمپىت

ئەپكېلىپ قويۇپلا بولدى قىلىدىغان قائىدىنى چىقىرىشىۋاپتۇ. بولدىلا، تاماكاڭ بولمىسا ئاۋارە بولما، مېنىڭكىنى چېكەيلى، - ئۇ، يانچۇقىدىن چەت ئەلنىڭ تاماكىسىدىن بىر قاپ چىقاردى - دە، ماڭا بىر تال تۇتۇپ، بىر تالنى لېۋىگە قىستۇردى، دەرھال سەرەڭگە ياقتىم. ئۇ كۆچەپ بىرنى شوردى - دە، بىر هازا قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى. كۆز جىيەكلىرىگە لىق تولغان ياشنى يېڭى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، - شەھەرگە كىرمەي دېسەڭ، يېزىدىن ئىزدىگەن نەرسەڭنى تاپالماي موھتاجلىق، شەھەرگە كىرسەڭ يولۇڭنى ئوڭشاپ ماڭالماي ئاۋارىچىلىق. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ئۇكا قارا قۇمنى، زورۋاقتى بىلەن ئېشەك هارۋاڭنى قېتىۋالساڭ، شەھەرگە قوزا چۈش بىلەن ئاران كىرگىلى بولىدۇ. ئارىلىقى يىراق، يولى توپىلاڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوناي - دوكاڭ. مانا ماڭا شەھەرگە كىرگىلى قاق بىر سائەت بولدى. سەنمۇ بەلكىم چۈشلۈك تامىقىڭنى يەپ بولۇپ ئىشخاناڭغا چىققانسەن. سۆر هاڭگىنى هارۋىغا زور ۋاقتى بىلەن قاتقانىدىم. ۋاي نېمە كارامەت بۇ، شەھەرنىڭ ئالتە ئاغزىنىڭ ھەممىسىگە كوشۇك سېلىپ قويغاندەك توساقلارنى قۇرۇۋېتىپتۇ. ئېشەك هارۋىسىنى ھەيدەپ چوڭ يول بىلەن شەھەرگە كىرمەيسەن، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى، دەيدۇ. ئەمما هارۋا قويىدىغانغا كىڭىز ئورنىدەك يەر يوق. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ئۇكا، هارۋا بېقىپ بېرىدىغان دەڭنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ ئىچىدە. قانداق قىلىمەن؟ دېسەڭ، ئايلىنىپ ماڭ، دەپ ئارقا كوچىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاي - ۋاي، ئۇچەيدەك تاركوچا، ھېسىپكە تىقىلغان گۇرۇچتەك ئادەم، ئۇلاق، هارۋا. . . تۇغۇلۇپ قۇلاق ئاڭلىمىغان تىل - هاقارەت. شەھەرلىكلەر: ئېشىكىڭ سىيىپ قويدى، دەپ تىللىسا، سەھرالىقلار: بىر - بىرىنى يولۇمنى توسىۋالدىڭ، دەپ تىللايدۇ. پىلىسىراتتىن ئۆتكەندەك مىڭبىر جاپادا شەھەرگە كىرىسەن. لېكىن «ئۇھ» دەپ بولغۇچە، قاتناش باشقۇرۇش ئەترىتى دەمدۇ، هارۋا باشقۇرۇش پونكىتى دەمدۇ، ئىشقىلىپ يىغىرغا ئولاشقان چىۋىندەك بىر توپ ئادەم گۇرۇردە قېشىڭغا يىغىلىدۇ. بەس - بەستە تالونلارنى يېزىپ، پۇل تاپشۇر، دەيدۇ. بازار باشقۇرۇش پۇلى، تازىلىق پۇلى، ئېشەك هارۋىسىنىڭ شەھەر يولىنى توسىۋېلىپ قاتناشنى قالايمىقان قىلغانلىق جەرىمانىسى، هارۋىنى توختىتىپ قويغانلىق يەر پۇلى، ئېشەكنىڭ تېزەكلىگەنلىك جەرىمانىسى. . . ئىشقىلىپ قەدەمدە بىر پۇل، جەرىمانە. سودا - سېتىقىمنى قىلىپ بولغىچە ئېشەك بىلەن هارۋامنىڭ پۇلىسىدىن جىقراق جەرىمانە تۆلەيدىغان چېغىم بار. شۇنىڭ بىلەن: «تۇتىشە، سېتىپ پۇلىنى ئۇلىشىۋال» دېدىم - دە، ئېشەك بىلەن هارۋامنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ پېشىمنى قاققىنىمچە يېنىپ كەلدىم. ئاڭلىسام، چەت ئەلدە مۇھىمتىنى بۇلغىدى، دەپ ماشىنىلاردىن تۇتۇن پۇلى ئالارمىش. شەھەر ئىچىدە خالىغانچە قاتنىغىلى قويماسمىش. ئەمما ئات - ئېشەك هارۋىسى بىلەن ماڭسا كارى يوقمىش. قانداق تەڭشەلمىگەن جاھان بۇ.

- شۇنچە ئۇزاق يەردىن ئېشەك هارۋىسى بىلەن كىرگىچە ئاپتوبۇس بىلەن كىرسىلە بولمامدۇ، ئاكا.

- ئاپتوبۇس بىلەن دەمسەن؟ - ئۇ مەسخىرىلىك كۈلدى، - ھەي مۇخبىر بالا، ھەي مۇخبىر بالا، سەنزە، يۇرتىمىزنىڭ ئەڭ يىراق يېزا - قىشلاقلىرىدىكى دېھقانلارمۇ شەھەرگە ئاپتوبۇس بىلەن كىرىدىغان بولدى، ئېشەك هارۋىسى بىلەن شەھەرگە كىرىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى، يول ئازابىدىن قۇتۇلدى، ئالدىن بېيىغان دېھقانلار زامانىۋى قاتناش قوراللىرىنى سېتىۋېلىپ، كەسپىي ترانسپورت ئائىلىلىرىدىن بولۇپ قالدى، دېگەندەك خەۋەرنى ئۆزۈڭ يېزىپ، ئۆزۈڭ ئىشىنىپ يۈرۈپسەن - دە. راست، قاراقۇمدا ئاپتوبۇس قاتنىغان، شۇ ئاپتوبۇسنىمۇ مەن قاتناتقان، - ئۇ، مەغرۇرلۇق بىلەن مەيدىسىنى كېرىپ قويدى، - بىراق ئاپتوبۇس ئاران ئۈچ ئاي قاتناپتۇ، توختىتىۋەتتىم. كۆزۈمنىڭ تېگىگە قارىما، ئۇكام. سەۋەبىنى هازىر دەيمەن. ئاپتوبۇس شەھەر بىلەن قاراقۇم ئارىلىقىدا ئۈچ كۈن قاتنىۋېدى، شەھەردىن ئالتە كادىر چىقىپتۇ. بىرسى بىر نېمە دەيدۇ، يەنە بىرسى بىر نېمە دەيدۇ، ئاخىرى: بىخەتەرلىك تاسمىسى يوقكەن، تورمۇز چىرىقى يانمايدىكەن، تىجارەت گۇۋاھنامىسى بېجىرمەپسەن، ستراخۋانىيە قىلدۇرماپسەن، يەككە ترانسپورت شىركىتىگە ئەزا بولماپسەن. . . دەپ يۈرۈپ ئىككى مىڭكويغا يېقىتىپ پۇلنى بىر ئالدى. ئاندىن ئاپتوبۇسنىڭ ئورۇندۇقىنى ۋە بوش يەردە ئۆرە تۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئادەم سانىنى تەخمىنى بوداپ، ئاپتوبۇس بىر قېتىم قاتنىسا قانچە پۇل كىرا يىغىلىدىغانلىقىنى ھېسابلاشتى. مەن ھەر كۈنى ئاشۇلار تەخمىن ھېسابلىغان ئادەم سانى بويىچە يەككە ترانسپورت شىركىتىگە نەق پۇل تاپشۇرىدىكەنمەن، ئۇلارقولۇمغا ھۆججەت يېزىپ بېرىدىكەن. ئاي ئاخىرىدا ئومۇمىي چۈشكەن

كىراپۇلىنىڭ بەش پىرسەنتىنى باشقۇرۇش ھەققىگە تۇتۇپ قېلىپ، قالغىنىنى قولۇمغا بېرىدىكەن، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدىم. بىراق ئاپتوبۇسقا چىققان بىچارە دېھقانلار: «بارى شۇكەن، قالغىنىنى خۇدايىم بېرەر» دەپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرىشىدۇ. گاھىلىرى: دەپتەرلىرىگە يېزىپ قويسىلا، كۈزلۈككە كېۋەز ساتقاندا ئۈلگۈجە بېرەي، دەيدۇ. بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدىم. لېكىن يەككە ترانسپورت شىركىتىدىكى كىرا پۇلىنى يىغىۋالىدىغانلار: «كىرا پۇلىنى يوشۇرۇپ، تولۇق ئەپكەلمەيسەن، مۇشۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولساڭ ئاپتوبۇسىڭغا يول بەرمەيمىز» دەپ خاپا بولۇشتى. نىسى تېزىملىكىنى كۆرسەتسەم، ئىشەنمىدى. ئاخىرى ئاپتوبۇسنىمۇ تۇختىتىپ قويدۇم. نەچچە تۈمەن كوينى تۇتۇپ ياتىدۇ ئۇ بىر دۆۋە ئەسكى تۆمۈر. ۋاي شۇ سېلىق - ھەقلەرنىڭ دەردىنى نېمە دېگۈلۈك. مەركەزگە قالايمىقان باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ياساق، ھەقلەرنى ئازايتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. تۆۋەنمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر نەچچە تۈرىنى كەچۈرۈپ قىلغانمۇ بولدى. لېكىن يېڭىدىن پەيدا بولغانلىرىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئادەم يوق. خىمىيە ئوغۇت سېلىپ تېرىغان بۇغداي ئادەمگە زىيان قىلارمىش. يېقىنقى 15 ـ 20 يىل ئىچىدە جىڭ ئوغۇلبالا تۇغۇلمىدى. ئۆي - جاي ئىنشاھاتىنى رەسمىي يولغا قويسا، خەقلەر ئۆزى سالغان شەخسىي ئۆيىگىمۇ ئىجارە تۆلەرمىش، دېيىشىدۇ. بىر كۈنى مەھەللىمىزدىكى پوقاق مەزىن: «زىلچا - گىلەمنى يەرگە سالماي تامغا ئېسىپ قويسا زاكاتى كېلىدۇ» دەيدۇ. خۇدايىم ساقلىسۇن. سېكرېتار (سېكرېتار ـ شۇجى، دېمەكچى. مۇھەررىردىن) ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، تامغا ئاسقان گىلەمگىمۇ سېلىق يىغىشتىن يانمايدۇ. ئەدناسى ھازىر يەرنىڭ چالمىسىنى ئەزمەي تۈزلىگەننىڭ جەرىمانىسى، ئېتىزغا قىرنىڭ بېلىدىن ئاشۇرۇپ سۇ تۇتقان جەرىمانە، باغقا سۇ قويغان جەرىمانە، كۆلگە سۇ باشلىغان جەرىمانە، كېۋەزلىكنىڭ قىرىغا باشقا زىرائەت تېرىغان جەرىمانە، كېۋەزلىكتە كېپىنەك تۇتمىغان جەرىمانە، چاشقان تۇتمىغان جەرىمانە، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ياردەم بەرگىلى چىققان كادىرلارنى كۈتۈۋېلىش ھەققى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەم بەرگىلى چىققانلارنى كۈتۈۋېلىش، بېقىش ھەققى... ئىشقىلىپ بۇنداق جەرىمانە ـ ھەقلەر بەك تولا. دېھقاننىڭ بىر يىل ئالغان ھوسۇلى جەرىمانە بىلەن ھەققە چىقىشمايدۇ. مەنغۇ قارا قۇمدا نامىم بار ئالدىن بېيىغان دېھقان. 100 مو بىنام يېرىم، 100 مو مۇنبەت ھۆددە يېرىم، 200 تۇياقتىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك چارۋام، 15 مو يەردە بېغىم بار. يېزىغا ھەر قانداق جايدىن كاتتىباشلار چىقسا، يېزا باشلىقلىرى ئۇدۇل مېنىڭ ئۆيۈمگە باشلايدۇ. پاخلان سويىمەن، ھاراق قۇيىمەن. ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ھالال بىلەن ھارامنى ئارىلاشتۇرۇپ يەپ - ئىچىپ، مېنى بىر مۇنچە ماختاپ قويۇپ كېتىشىدۇ. شۇڭا، مەن ھېلىقى 100 مو بىنام يېرىمگە سۇ ھەققىدىن باشقا ھېچقانداق ھەق - سېلىق تاپشۇرمايمەن. ھېلىقى 100 مو ھۆددە يېرىمگىمۇ خالىغان زىرائەتنى تېرىيالايمەن. باشقا دېھقانلارنىڭ بۇغدايلىقىنى كېۋەز ئۆيمىتىغا تۇغرا كەپقالدى دەپ، سەي - ئوتياش، قوغۇن چۈنكىنى قوناق ئۆيمىتىغا تۇغرا كەلدى دەپ بۇزۇۋېتىپ، جەرىمانە ئالغىنى بىلەن، مەندىن ئالمايدۇ. ھاشار ـ ئەمگەك كەلسە، ھاشار ـ گۈڭنى يەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ، مو بېشىغا چاچقىنى بىلەن، ماڭا ئۇنداق قىلمايدۇ. شۇڭا يۇرتتىكى ئەمەت راۋاپنىڭ:

بىر مولۇققا بىر ھاشا،
10 مولۇققا ئون ھاشا،
100 مولۇققا نېمە ھاشا،
1000 مولۇققا تاماشا.

دەپ قوشاق ئوقۇغىنى راست. سېلىق، ھاشار، ھەق، جەرىمانە دېگەنلەر بەك يامان، ئۇكا. كونىلار: سىيەلمەس كېسەللى بولۇپ قالغان ئاتنى زەرگەرنىڭ قەبرىسىنى ئايلاندۇرسا سىيىۋېتىدۇ، سەۋەبى، زەرگەر كىشىلەرنىڭ ئالتۇنىنى زىرە - ئۈزۈك سوقۇپ بېرىش جەريانىدا ئوغرىلىۋېلىپ، كىشى ھەققىگە بوغۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇ ئالەمگە بارغاندا ھېسابىنى بېرىپ بولالماي ئازاب تارتىدۇ، گەرچە ئات تىلسىز ھايۋان بولسىمۇ، گۆردىكى ئازابىنى سېزەلەيدۇ، شۇڭلاشقا قورقۇنچتا سىيىۋېتىدۇ، دېيىشىدۇ. مەن دەيمەن: سىيەلمەس كېسەللى بولۇپ قالغان ھەر قانداق ئاتنى سىيدۇرۇش ئۈچۈن زەرگەرنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ يۈرگىچە سېلىق، ھەق، جەرىمانە يىغىدىغانلارنىڭ قېشىدىن ئۆتكۈزسىلا ئات قورقۇنچتىن سىيىۋېتەرمىكىن، دەيمەن. مېنى ھەقچان ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوق گەپنى قىلىپ ۋاقتىمنى ئالدى دەپ ئويلاپ قالغانسەن. بوپتۇ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەي: ھەممە گەپنى بايام دېدىم، شەھەرگە كىرمەي ئولتۇرغىلى بولمايدىكەن. ئېشەك ھارۋىسى بىلەن شەھەرگە كىرسەڭ، شەھەر ئىچىدە خاتىرجەم ماڭغىلى بولمىغان. ئاپتوبۇسنىڭ دەردى تېخى يامان. شۇڭا ئايروپىلاندىن بىرنى ئالاي دېگەنتىم. ئايروپىلان دېگەن نەرسە ئاسماندا

ئۇچقاندىكىن، ھېلىقىدەك كىشىلەر ئۇ ھەق، بۇ جەرىمانە دەپ تۇرۇۋالماس. شۇڭا، ئاپتوبۇسۇمغا خېرىدار ئىزدەپ كېزىتكە بىر ئېلان بەرگەن بولساڭ، ئاپتوبۇسنى سېتىۋېتىپ ئايروپىلاندىن بىرنى ئالاي دەيمەن. قارايسەنغۇ؟ كىچىككىنەك ئايروپىلاندىن بىرنى سېتىۋالغۇچىلىكىم بار مېنىڭ. يا ئۇچارمەن، يا چۈشەرمەن.

ئۇ، دىۋاندا كېرىلىپ ئولتۇراتتى.

كىرلەشكەن شاپاق دوپپىسىغا، قامىتىگە خېلىلا سۇلەت بېغىشلاپ تۇرغان كاستۇم - بۇرۇلكىسىغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدىم. ئوبدان تاقالمىغان گالىستۇكىنىڭ بىر ئۇچى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىدىن بىر غېرىچ ساڭگىلاپ تۇراتتى.

---

ئاپتور: يەكەن دەريا باشقارمىسىنىڭ خادىمى.

# ھۈنەر

## مەھمۇت سىدىق

- ھە، بىر باشتىن سۆزلىمەمدىمەن، گېپىمگە قوشۇق سالماي ئولتۇرساڭلىچۇ. بۈگۈنكى جېدەلنىمۇ سۆزلەمدىم. ماقۇل، بىر باشتىن سۆزلەپ بېرەي. ئالدى بىلەن سودىگەرچىلىكىمنى، ئۇنى تاشلاپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىر ئاشپىشىم قول باغلاپ تۇرۇپ ئۆگەنمەكچى بولغان ھۈنىرىمنى سۆزلەپ بېرەي. ئۆز ئادەم بولغاندىكىن، بۇ گەپلىرىمنى سىلىگە سۆزلەپ بەرمىسەم كىمگە سۆزلەرمەن. ھە، ماقۇل، گەپنى قىسقا قىلىپ ھېلىقى ئىشنىڭ ئۆزىدىن باشلامدىم. شۇنداق قىلاي، سىلىمۇ قۇلىقىڭلىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭلا.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر پارچە گىلەمنى 400 كويغا ئالدىم. گىلەمنى سالا - سۇلىھ قىلىپ ئېلىشىپ بەرگەن ئابلەت تېخى مېنى چەتكە تارتىپ قۇلىقىمغا:

- بىركىمگە دېمىسىلە، ئەتە - ئۆگۈن بۇ گىلەمنى ساتسىلا 50 - 60 كوي پايدا تاپىدىلا، - دەپ ھىجايغىلى تۇردى. ئۇنىڭغا ئىچكى كوي بەردىم.

بىر پارچە گىلەم دېگەندە 30 - 40 كوي قالسىمۇ سېتىۋېتىپ، دەسمايىسىنى تېزراق ئايلاندۇراي دەپ ئويلىدىم. نېمىشقا دېسەڭلا، ماۋۇ سىل كېسىلى ئوغلىمىزغا قىش كىرگەنىڭياقى بار - يوق ئىككى قوينى ئۆلتۈرۈپ بېرىپ، ئەمدىلا ئۇچۇشقا تەمشەلگەن ساردەك، قوللىرىنى كېرىپ ماڭالىغۇدەك بولغانتى. ئاشۇ 30 - 40 كويغا يەنە بىرەر پاخلان ئېلىپ سويۇپ بەرسەم، ئازراق قۇۋۋەت بولسا، كېتىۋېتىپ تاملارغا، دەل - دەرەخلەرگە سوقۇلۇپ لەيلەپ يۈرمەي راۋۇرۇس بىر مېڭىپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن دۈشەنبە كۈنى مەسچىتتىن كېلىپلا يول تەرمىچى تېرىپ كىرىپ گىلەمنىڭ ئۇك يۈزىنى، تەتۈر يۈزىنى نەچچە نۆۋەت ئىسرىقلىدىم. ئەلھەم نەشرىنى يەتتە نۆۋەت ئوقۇدۇم. ئاندىن: «يا، بىسمىللا» دەپ بوسۇغىدىن ئۇك پۇتۇمنى ئالدىم. قارىسام سىلە ئۆيىڭلىنىڭ ئالدىغا كالاڭلىنى باغلاپ قويۇپسىلەر، ئاچچىقىم تازا كەلدى، ئىچىمدە سىلىنى نەچچە مىڭنى تىللىدىم. ئۇنىڭدىن ئىتىڭلىنى باغلاپ قويغان بولساڭلىمۇ ئۇخېلى ئايىغى يېنىك مەخلۇقتى. كەينىمگە ياناي دېسەم تېخى، ماڭدىم. 50 قەدەم ئالار - ئالماي مەسچىت قارىسى كۆرمىگەن تەلى تاز بارات گەدەن ھىجىيىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاچچىقىمدا يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىۋاتسام ئالدىمغا كېلىپ تېخى ناس سورايدۇ. ئېڭىكىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالاي دېدىمىيۇ، يەنە ئىت پوق يېمەستە جېدەل قىلماي دەپ گەپمۇ قىلماي مېڭىۋەردىم. ھە، شۇ، سىلە دېگەندەك مېنى ئەتىگەندىن باشلاپ نەس باستى. بىر چاغدا ماشىنا توختايدىغان جايغا كەلدىم. ئالتە مونى تۆلەپ دۈشەنبە بازارغا كەلدىم. ھارۋىدا بارساڭلا بولمامتى، دېدىڭلىما، بولۇشىغۇ بولاتتى، لېكىن قايسى كۈنى ئېشەك كۆچەپ قاپتىكەن، قوناقتەك پىتتىن ئىككىنى بەرسەممۇ يەنە ھېچ ھالى يوق. شۇڭا ماشىنا بىلەن باردىم. بازارغا كېلىپ گىلەمنى قويۇپ: «ئۇھ» دەپ تۇرۇشۇمغا ئېڭىكىگە ئۆتۈكۈمنىڭ قونجىدىكىچىلىك سېرىق تۈك پەيدا بولغان بىر بالا يوغان بىر داڭقان شەپكىنى بېشىدا ئاران كۆتەرگىنىچە ئالدىمغا كېلىپ، ئىتنىڭ تىلىدەك قەغەزدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويدى - دە، بەش مونى ئېلىپ كەتتى. يەنە بىر ئاز ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا بىر خانىم بالا بېشىمدا قالاپ تۇرىدۇ. سىلىنىڭ كېلىنچەككىلا ئوخشايدىكەن، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى. دىككىدە ئورنىمدىن تۇرۇپ سالام قىلاي دەۋاتسام، تازا مۇزلۇق بىر نېمىكەن، جاقىلداپ سۆزلەپلا كەتتى، قولۇمدىن سۆرىگەندەك قىلىپ بازارنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئاپىرىپ قويدى. قارىسام ئۈچ - تۆتەيلەن 10 - 20 پارچىدىن گىلەمنى يېيىشىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇ مۇزلۇق بىر نېمە قولۇمغا يەنە بىر پارچە قەغەزنى تۇتقۇزۇپ:

- پۇل تۆلىسىلە، - دەۋاتىدۇ.

- بايام ئاۋۇ يەردە تۆلىگەن، ئاشۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇراي، - دېسەم

- گىلەمنى باجلاتماپتىلا، - دەيدۇ.

- باياتىدىن گىلەمنى تاقىلاتمىغان، پۇل تۆلىگەن، - دېدىم.

تاكاللاشتۇق. تېخى بىر نەچچەيلەن: «سەھرانىڭ ئايىغىدىن كەلگەن ئادەم قائىدە ئۇقمايدىكەن» دېيىشتى. ئاخىرى بۇ پۇلنىمۇ تۆلىدىم.

بىر نەچچەيلەن گىلەمنى تۇتۇپ بېقىپ ئاستا كېتىپ قېلىشتى. قورسىقىم ئاچىسىمۇ چىداپ ئولتۇردۇم. گىلەم سېتىلمىدى. كەچتە ئەمدى قايتاي دەپ ماشىنىغا چىقتىم. بىر پېشكەل قېرى باكتا پەنەر يېغى ئېلىپ مېڭىپتىكەن، گىلەمنى ئۇنىڭ ئاستىغا تۇتۇپ تۇرۇپتىمەن. ئۆيگە كېلىپ قالسام، ئۇنىڭ خېلى جىق يېرى ياغلاش تۇرىدۇ. ئاچچىقىمدا ئېگىكىمگە نەچچىنى سالدىم. ماۋۇ خوتۇن تۇتۇۋالدى. جىم ئولتۇرۇڭلا، گەپكە قوشۇق سالماي.

ئۇ نېمىنى سوپۇنلاپ يۇساقمۇ يېغى چىقماي رېڭى چىقىلى تۇردى. ئوقۇغان ئادەم دېگەن يەنىلا ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىكەن. يەنە شۇ ئوغلۇم ئورنىدىن ئاران تۇرۇپ لەيلەپ يۈرۈپ ئۇنىڭ يېغىنى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن گىلەمنى چارشەنبە بازار، پەيشەنبە بازار، ئازنە بازارلارغا ئاپىرىۋەردىم. نەچچە قېتىم ئىسرىقلىدىم. ھەر بازارغا ئاپارغاندا ئۆيدىكى قوناقتىن بىر چارەك ئالغاچ بېرىپ، ئالدى بىلەن قوناقنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا گىلەمنى باجلىتىپ، كىرالىتىپ ئەكەلدىم. سىلە مىلىسىلە ئاداش، ئاشۇ نامراتلارنى يۆلەشكە چىققان بالىغا ئىلتىماس يېزىپ يۈرۈپ 400 كوي قەرز ئېلىپ ئەتىسىلا بۇ كاساپەت گىلەمنى ئالغانتىم. «بورىچى ھالۋىچى بولسا، كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ» دېگەندەك، قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلىمەن دەپ يا ئوخشىتالمىدىم، يا بىرەر كىمگە ئۇنى ئىز پۇلىسىغىمۇ ساتالمىدىم. يەكشەنبە كۈنى گىلەمنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى ماڭا ساتقان ئادەمنى مىڭ تەستە تېپىپ، دەيدىغاننىڭ ھەممىسىنى دەپ، شۇنچە يالۋۇرسام ماڭا قاراپمۇ قويماي:

- ماۋۇ ئېگەكلىرىڭدىكى نېمە، سىلى ئەر كىشىغۇ، - دېمەسمۇ، شۇنچە گەپلىرىمنىڭ بىرىمۇ بۇ جوھۇتنى ئېرىتەلمىگەنلىكىگە ئاچچىقىم كېلىپ ياقىسىدىن ئالدىم، ئادەم يىغىلدى. ساقچىغا كىردۇق. ئۇ جوھۇت:

- گىلەمنى ئاستىغا سېلىپ ساپتۇ، - دەپ تۇرۇۋالدى. بولغان ئىشلارنى دېدىم. قەسەم دېگەن سوجاڭنىڭ ئالدىدا ئاقمايدىكەن. يا ھېلىقى قەغەزلەرنى ئالغاچ كىرمەپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن گىلەمنى 20 كوي زىيىنىغا ئۇ جوھۇتقا قايتۇرۇپ بەردىم. ئۆيگە كېلىپ سىلىدىن 20 كوي ئۆتنە ئېلىپ 400 كوينى ساق قىلدىم - دە، ھېلىقى يۆلەشكە چىققان بالىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بەردىم. بۈگۈن ئويلىسام بىر ئىشنى چالا قىپتىمەن، پۇلنى قەرز ئالغاندا نەچچە ئادەمنى كېپىللىككە تارتىپ ئالغانتىم، ھەرگەندە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق يەردە بېرىپتىمەن. كېيىن ماڭا ئۇسسىمەس - ھە.

* * *

ئاشۇ سودىنىڭ ئاچچىقىدا نەچچە كۈنگىچە بىركىم بىلەنمۇ گەپ - سۆز قىلىشمىدىم. ئولتۇرسام - قوپسام بىئارام بولۇپ يۈردۈم. ماۋۇ ساقالمۇ نەچچە قېتىم نەملەشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناسنى شۇمۇۋېرىپ ئۆيدە يېتىۋەرسىمۇ ئادەمنىڭ يۈز - كۆزى خام قاپاقنىڭ لېشىغا ئوخشاپ قالىدىكەن. ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنىنى، خوتۇننىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئاز - تولا يول كۆرۈپ، ئىش ئۆگىنەي دېگەن نىيەتكە كەلدىم. دېمىسىمۇ، سىلە - بىزدەك ئېلىپتەك تۈز، قويدەك يۇۋاش ئادەملەر بىرەر ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىكەنمىز.

قايسى كۈنى بىر خورازنى ئۆلتۈرۈپ پولۇ ئەتتۇق، ھېلىقى ئىنقىلاب ۋاقتىدا دۇمبا يەپ يۈرگەن قاسىم ئېشەكنى، ھە، ياق، خۇدايىم تووۋا، قاسىم ھاجىمنى ئۆيگە چاقىرىپ مېھمان قىلدۇق. ئۆزى چىقتىمۇ دېدىڭلىما. ياقەي، سىلىنىڭ ئېشەك ھارۋاڭلىغا كۆرپىنى ئىككى قات سېلىپ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئاچىقتۇق. ھاجىمنىڭ قورسىقى تويۇپ، تۆتنى كېكىرىپ بولغاندا ئاندىن پەگاغا چۈشۈپ قول باغلاپ تۇرۇپ مەقسىتىمنى ئېيتتىم. سىلە بىلىسىلە ئاداش، ئاشۇ ئىنقىلاب ۋاقتىدا خەقلەر ئۇ ئادەمنى مۇشتلاپ، پۇت - قولىنى چېقىۋەتكەندە، مەن ئۇ ئادەمنى ئۆيگە ئەپكىرىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، باشقىلار بىلەن تۇتۇشۇپمۇ قالغان. بۇ ئادەم خېلىغىچە بىز ئۇماچ ئەتسەك، قازاننى قىرىپ يەپ جېنىنى باققانتى. ھازىر مال - دۇنياغا تىقىلىپ كەتسىمۇ، ھەر ھالدا بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالمىغاندۇ، دەپ ئويلاپ كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى سۆزلىسەم، غىڭ قىلماي ھىجىيىپ ئولتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسسىقىدىن، سوغۇقىدىن ئازراق گەپ قىلىۋىدىم، ئاندىن زۇۋانغا كەلدى:

- ئۇ ئىشلارنىغۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم، سىلى خېلى ياشىنىپمۇ قاپلا، ئەمما تەرسا - سەپرا مىجەزلىرىنى ھازىرمۇ تاشلىماپتىلا، شۇڭا سىلى بىلەن بىر ئىش قىلغىلى بولمامدىكىن، دەيمەن، - دېمەسمۇ، ئاچچىقىم تازا كەلدى. يەنە بىر نېمە دەي دەپ تۇرسام، ماۋۇ خوتۇن قولۇمنى چىمداپ ئۆزۈۋالغىلى قويتى. ئاخىرى ھاجىم:

- ماقۇل، مەندە پۇل تېپىشتا چوڭ بىرەر ھۈنەرمۇ يوق. شۇنداقتىمۇ بىر مەزگىل بىللە ئىش قىلىپ باقايلى، يول كۆرۈپ قالسىلا ئەجەپ ئەمەس، - دېدى.

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كىردىم. خام قايماق بىلەن ناشتا قىلىۋېتىپتىكەن، يېنىغا چاقىردى. راستىنى دېسەم سەل

خۇدۇكسىرىدىم. ماۋۇ بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزگۇ ئادەمنىڭ ئېغىلىغىمۇ تەڭ كەلمەيدىكەن، ئاداش. ناشتا قىلىپ بولۇپ بازارغا چىقتۇق. ھاجىم تۆت بالىغا ھەر يوغان تاغارلارنى كۆتەرتكۈزۈپ كەينىگە سېلىپ چىقتى. مەن بۇ ئادەم نېمە قىلىدىغاندۇ، دەپ ئويلىدىم. مېڭىپ - مېڭىپ ئاشلىق بازىرىغا كىردۇق. قارىسام، ھاجىم قوناق ئالغىلى تۇردى. ئېقى بولامدۇ، سېرىقى بولامدۇ، بىر باشتىن سۈپۈرۈپ ئېلىۋەردى. ھە شۇنداق، خېمىنىمۇ ئالدى، مەنمۇ ھاجىمدىن گەزانىراق سودىلىشىپ ئېلىۋەردىم. بەك يامان ئادەمكەن ئۇ. ئارقىسىغا ئەگەشتۇرۇپ كەلگەن بالىنىڭ ئۈچىنى بىر كونا تامنىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىكەن. بىزگە قوناق ساتقانلار قونىقىنى ئاشۇ يەرگە ئاپىرىپ تاغارغا قاچىلىشىپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن پۇلى قولىغا تېگىدىكەن. مەن بۇ ئادەم بىر كىمدىن قورقۇپ ئاشۇنداق قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ سورىۋىدىم، ھاجىم كۈلۈپ قويۇپ:

- ئادەم دېگەننىڭ كۆزى يامان، بەزىلىرىنىڭ ئاغزى يامان. سودا دېگەندە، بىرەر توخۇ ئالساڭمۇ قوينۇڭغا تىقىپ ئۆيۈڭگە ئاپىرىۋالساڭ، ئاندىن ئۇنىڭدىن پايدا ئالغىلى بولىدۇ، - دەيدۇ.

يەنە سۈپۈرتۈپ ئېلىۋەردىم. بىر ۋاقىتتا ھاجىمدىن:

- يەنە ئالامدۇق، - دېسەم:

- ساق ئۈچ تونىنا ئېلىپ، بۇگۈنلا ئاپىرىدىغان يەرگە ئاپىرالىساق، بۇ ئىشتىن خېلى پايدا بار. شۇڭا باھا تالاشماي ئېلىۋەرسىلە، - دەۋاتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن يەنە ئېلىۋەردىم. چۈش بولغاندا يېنىمدا بىر نېمە ئىسرايىلنىڭ نەرىسىدەك بىرنەرە تارتقانتى، چۆچۈپ كەتتىم. قارىسام، يوغان بىر ماشىنىنىڭ ئۈستىگە قادالغان ئۈچ زۇۋۇك تەڭ ۋارقىرىشىپ ناخشا توۋلىغىلى تۇردى. بۇ ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۇزۇن قىزىل لاتا تارتىلىپ ئۈستىگە بىر نېمە يېزىلىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن زۇۋۇكتىن بىر ئادەم سۆزلەشكە باشلىدى. زەن سالسام: «يۇقىرىغا بىرتۇتاش سېتىۋالىدىغان ئاشلىقنىڭ پىلانى ئورۇندىلىپ بولغۇچە ئەركىن بازاردا ئاشلىق ئېلىپ - سېتىشقا رۇخسەت يوق. خالىغانچە ئاشلىق يۆتكەشكە بولمايدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا جەرىمانە ئېلىنىدۇ، ئاشلىق مۇسادىرە قىلىنىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ. ماققىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭغىچە يەنە يوغان ئىككى ماشىنا كېلىپ ئاشلىقنى سۈپۈرۈپ ئېلىۋەرگىلى تۇردى. ئاغزىم كامارەدەك ئېچىلىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. بىر ۋاقىتتا بىرسى بېقىنىمغا نوقۇۋاتىدۇ، قارىسام ھاجىم ئېلىپ كەلگەن بالىلارنىڭ بىرىكەن.

- ھاجىم سىلىنى چاقىرىۋاتىدۇ، - دېدى.

شۇئان ئېسىمگە كېلىپ دىككىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھېلىقى كونا تاملىققا كەلدىم. ھاجىم مېنى كۆرۈپ سۆزلەپلا كەتتى:

- نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغانلا، گاچىدەك لاليىپ ئولتۇرغىچە مايەرگە كەلسىلە بولمامدۇ، - دەۋاتىدۇ.

- سەتلەيدىغانغا مەن سىلىنىڭ بالىلىرى ئەمەس، بوشراق ۋارقىرىسىلا، - دەپ قويۇپ ناسنى سېلىپ تەتۇرقاراپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭغىچە باياتىدىن دەپتەرگە بىر نېمىنى يېزىپ ئولتۇرغان بالا بىز سېتىۋالغان قوناقنى ھېسابلاپ چىقىپتىكەن. ھاجىم ماڭا:

- ئۈچ توننىغا 10 چارەك قوناق كاملايدىكەن، سىلىنىڭ ئۆيدىن چىقارمۇ؟ - دەۋاتىدۇ.

- قوشنىلارنىڭكىدىن چىقار، ئەمما ئاۋۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىدىلىمۇ، - دېسەم

- بۈگۈن بىر ئامال قىلىپ ئۈچ توننا قوناقنى ئاپىرىدىغان يەرگە ئاپارمىساق بۇنچە قوناقنى سىلى بىلەن مەن يەمدىمەن. ئەمدى بۇ يەردە ساتساق ئىنز پۇلىنىمۇ تاپالمايمىز، -دەۋاتىدۇ.

گەپ قىلمىدىم. ھاجىم ئات ھارۋىسىنى بىر بالا بىلەن قوشۇپ بەردى. 10 چارەك قوناقنى تەييارلاپ ئەكىردۇق. ئۇنىڭغىچە ھاجىم بازاردىن ئالغان قوناقلارنى ئارقا يول بىلەن ئۆيىگە ئەكەلدۈرۈپ بولۇپتۇ. خېلىدىن كېيىن ھاجىم بىر بالىغا:

- يولنى ئۇقۇشۇپ كەل، - دەپ چىقارتتى.

بالا بىر سائەتتىن كېيىن:

- يولنى توساپتۇ، بىر تال داننىمۇ ئۆتكۈزمەيتىمىش، - دەپ كىردى.

ھاجىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھويلا ئىچىدە ئۇلاڭ - تەتۈر ماڭغىلى تۇردى ۋە بىر ئازدىن كېيىن يوتىسىغا بىرنى شاپىلاقلاپ قويدى - دە، پالاقشىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

* * *

قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆينىڭ ئالدىدا بىر نېمە «گۈر - گۈر» قىلغىلى تۇردى. ھېلىقى بالىلار بىلەن يۈگۈرۈشۈپ چىقتىم. قارىسام، ئاشلىق بازىرىغا ئالدىدا قىزىل لاتا تارتىپ ۋارقىراۋاتقان ماشىنا تۇرمامدۇ، مەنمۇ ھاجىمغا بۇ ئىشنى قىلىشىپ بەرگەچكە، چېكەمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. لېكىن بىكار ئەنسىرەپتىمەن، تېخى ھاجىم ئاشۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ بالىلارغا قوناقنى ماشىنىغا بېسىشقا بۇيرۇۋاتامدۇ، يۈرىكىم ئىزىغا چۈشۈپ مەنمۇ خېلى پالاقشىدىم. قوناقنى بىردەمدە ماشىنىغا بېسىپ بولدۇق. ھاجىم ئالدىمغا كېلىپ:

- ۋەدە بويىچە ئىش قىلمىساق بولماس، قېنى، ماشىنىغا چىقسىلا، - دېدى.

ساي يولىدا بىرى ئۈستۈمگەتۈگمەنتېشى ئارتىپ قويغاندەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن. بىر ئازدىن كېيىن ماشىنىنى بەش - ئالتە كادىر توستى ۋە قول چىراغنى ياندۇرۇپ ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى

قىزىل لاتىغا قاراپلا ماڭدۇرۇۋەتتى. ماڭدۇق، ماڭدۇق، بىر چاغدا ئۆمرۈمدە قەدەم باسمىغان بىر يەرگە كەلدۇق. ئۇ يەردە بەش - ئالتە ئادەم بىزنى ساقلاپ تۇرۇشقانىكەن. ھاجىم شەھەر كۆرگەچكە، باشقىچە تىلنىمۇ بىلىدىكەن. ئۇلار بىلەن بىردەم كالدىرلىشىپ، ئاندىن بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلدى

- دە، بىزنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ماشىنىنى بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئۇنى يەنە گۇركىرىتىپ چىقىپ، بىزگە قوناقنى باشقا بىر ماشىنىغا بېسىشنى بۇيرۇدى. ئىش تۈگەپ شۇ ماشىنىدا قايتىپ ماڭدۇق. قوناق باسقان ماشىنىمۇ باشقا تەرەپكە كېتىپ قالدى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ھاجىم شوپۇرغا خېلى كۆپ پۇل بەردى. شوپۇر ھاجىمغا تازىم قىلىپ بولۇپ، ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى. ھاجىم ماڭىمۇ ئىش ھەققىمگە 30 كوي بەردى. تېخى: «ئەتىگەندە جامىئەگە بىللە بارىلى» دەپ تۇتقانتى، رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ چىقتىم. بولغان ئىشلار شۇ. كونىلار: «ئۆتۈككە چەم كېرەك، ئادەمگە پەم» دەپتىكەن ئاداش. ئۆتۈكنىڭ چەمى بولمىسا ئېگىز - پەس يوللاردا ئوبدان ماڭغىلى بولمىغاندەك، ئادەمدە پەم بولمىسا، تۈزۈك بىرەر ئىش قىلغىلى بولمايدىكەن.

- ماۋۇ بۈگۈنكى جېدەلنى بىر سۆزلەڭلا.

- قانداق جېدەل بولماقچىدى، بىر پارچەگىلەمنى ئالتە بازارغا ئاپىرىپ يۇرۇپ ئىسمىم «يەككە تىجارەتچى» دېگەن كاتەكچىگە چۈشۈپتۇ. بۈگۈن كېتىۋاتسام بىر بالا:

- يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى كۈندىن يولغا ئىشلىدى، سىلى كەلمىدىلە، - دەۋاتىدۇ.

مەنمۇ:

- بىزنىڭ ئۆيدىمۇ جىق ئىشلار بولۇپ كەتتى، سىلىمۇ چىقمىدىلا، - دەپتىمەن.

شۇ گەپ بىلەن غىژ - غىژلاشتۇق. كېيىن سىلە تۆپىگەكېلىپ قالدىڭلا.

- ھاجىمنىڭ ئۆيىگە يەنە كىرەمسىلە؟

- ياق.

- نېمىشقا ئەمدى. ھۈنەر ئۆگەنمەمسىلە؟

- مەن ئەتىيازدا ئۆزۈم تېرىغان بىر تۈپ قوناقنىڭ تۈۋىگە 50 - 60 قېتىم ئىگىشىپ پەرۋىش قىلىپ، كۈزدە بىر باش قوناق ئالىدىغان ھۈنەردىن باشقىسىنى ھەرگىزمۇ قاملاشتۇرالمايدىكەنمەن، ئاداش.

- بۇ دېگىنىڭلىمۇ راست. خوش ئاداش، ئازراق ئارام ئالايلى. باش توخۇمۇ چىللاپتۇ، ھېلى مەسچىتتە كۆرۈشەرمىز.

- خوش، خۇدايىمغا ئامانەت.

1990 - يىل 10 - فېۋرال، چىرا

---

ئاپتور: چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)

## تەپەككۇردىن چاقنىغان شولىلار

ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا

ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئۆتكۈنگەن ۋاقتى ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەڭ يېقىنلاشقان ۋاقتىدۇر.

* * *

بىر ئۇلۇغ ئىدىيىنىڭ بارلىققا كېلىشى - ئىنسانىيەتنىڭ بىر قەدەم ئالغا سىلجىشىدۇر.

* * *

ھايات - مەڭگۇ تەبىر بەرگىلى بولمايدىغان، ئەمما ئىنسانىيەت تەبىر بېرىشكە ئالدىرايدىغان سىرلىق ئوقۇمدۇر.

* * *

ئادەمنىڭ بىلىمى كۆپەيگەنسېرى تەبىئەت دۇنياسى شۇنچە مۆجىزىلىك كۆرۈنىدۇ.

* * *

سۈكۈت قىلىش - قوشۇلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى غەلىبىنى كۈتۈشتۇر.

* * *

ئۆزىگە قارىغۇلارچە ئىشىنىدىغان ئادەم - خاتالىقنى ئەڭ كۆپ سادىر قىلىدىغان ئادەمدۇر.

* * *

تالانت ئىگىسى - ئۆزگىچە پىكىر قىلىدىغان ئادەم بولماستىن يېڭى يول ئاچىدىغان ئادەمدۇر.

* * *


ئىنساننىڭ ھاياتى تېراگدىيىدۇر. ئۇ، بۆشۈك بىلەن باشلىنىپ، قەبرە بىلەن ئاياغلىشىپ، روھ ئارقىلىق خۇلاسىلىنىدۇ.

* * *

تاكامۇللاشقان ئادەم بولمايدۇ، ئەمما مەلۇم بىر ساھەدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم بولىدۇ.

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئۇچىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)



# سەن ئۆزۈڭگە ئىتىلغان بىر ئوق

(داستان)

تەلئەت قادىرى

ئەڭ زور غەلىبە ئۆزىنى يېڭىشتۇر.

- پابلىئوس. سىبروس

1

سەن-
ئىلاھىي جىلۋە،
مەزمۇنى ئۆڭگەن.
سەن-
زېمىندىكى بىرىنچى هايۋان،
ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ يېگەن.
سەن-
پىلانېتا ئاتىلغان تەڭرى،
بىراق، بۇنىڭغا
ئىشەنمەيسەن ئۆزۈڭ هەمدە باشقىلار.
ئېچىلمىغاچ سەزگۈ قاپقىقىڭ
تولۇق چۈشەس تېخىچەدىلغا
نۇرى ئىمانىڭ.
كىچىككىنەئىدىيە - شولا
لەيلەپ يۈرەر تومۇرلىرىڭدا،
سىنى ئادەم قىپ.
بولمىسا -
مەۋجۇتلۇقىدا ئۆز ئالىمىڭنىڭ
ئۆچۈپ قالىسەن بەزىدە هەتتا
ئۆزۈڭ چاققان چېقىنلىرىڭدا.
ئەخمەقلىقىڭ
روناق تېپىپ زەئىپ تېنىڭدە،
روهىڭ ئارا ئوينايدۇ ساما.
ۋۇجۇدتىكى نامسىز پاتقاقتا
لۆمشۈپ يۈرگەن سەنمۇ ياكى مەن؟
قايسىمىزلا بولمايلى هامان،
تەڭرىم قىلغاي ئامان ۋە ئېسەن!

2

قورقۇپ تۇرسەن،
بىلىندۇ هەر كۈنى شۇنداق،
تومۇردا قان بىلىنمەستىن سوۋۇۋاتقاندەك.
ئايان ئۆزۈڭگە:
سوۋۇغان قان
ئەركىنلىكنىڭ نامسىز دۈشمىنى.
سەندەك بەخت ئىزدىگۈچىگە -
بەختسىزلىكنىڭ بەخت كۈلكىسى.
مۇزدەك قان،
مۇزدەك روه،
مۇزدەك تەن،
مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاسىي هەمراهسى.
ئىلتىجا:
روهىڭنى نۇرلاندۇر روهىڭ نۇرىدا،
تېنىڭنى پاكلىغىن تېنىڭ سۈيىدە.
قەلبىڭنى يالقۇنلات قەلبىڭ ئوتىدا،
چاقنايسەن شۇندىلا ئۆزۈڭ ئۈستىدە.

3

سەن ئۆزۈڭنى سۆيمىگەن ئىنسان،
سۆيۈشىنمۇ بىلمەيسەن يەنە.
داداڭنىڭكى سۈيدۈكىدىنمۇ
رەنجىپ يۈرسەن هەتتا بەزىدە.
ئىلاھ ساڭا بوپتىمىش نامەرد،
تەقدىر ساڭا تەتۈر قارىغان.
هايات پەقەت بەرمەپتۇ پۇرسەت،

رىسقىڭگىمۇقارا سانىغان.
ئۆزۈڭچەيوق قىلچە قىممىتىڭ،
دەيسەن: كەلمەس ھېچ ئىش قولۇمدىن،
مەن جاھاندا چەكسىز بىچارە،
تىنەپ قالغان ھايات يولۇمدىن.

بۇ سەندىكى زەئىپ بىر قاراش،
خاراب قىلغان مەزمۇت روھىڭنى.
بۇ سەندىكى ئۆتكۈر بىر ۋىرۇس،
ئاجىزلاشتۇرغان كۈچلۈك تېنىڭنى.
سەن ئۆزۈڭنى سۆيەلمەي تۇرۇپ،
سۆيەلەيتتىڭ ئۆزگىنى قانداق.
سەن قەدىرسىز بولساڭ ھاياتمۇ
سېنىڭ ئۈچۈن بولىدۇ شۇنداق.
چۈشەنمىسەڭ مۇھىملىقىڭنى،
باشقىلارنى قىلىسەن خۇشال.
بولغاندىمۇ بىر تال چۈمۈلە،
ياشاپ باقساڭ ئۇنىڭ ئەكسىچە،
قىلالمايدۇ دۇنيادا ھېچكىم
ھە دېسىلا روھىڭنى قامال.
نېمە بولسۇن سۆيۈشنى ئۆگەن،
بۇ دۇنيادا ئاۋۋال ئۆزۈڭنى.
شۇ چاغدىلا راۋا كۆرىدۇ،
تاغ - دەريالار كۆرسە يۈزۈڭنى.
پەلسەپە يا فورمىلامۇنداق:
قۇياش سۆيۈش ئۈچۈن باشقىنى،
بولۇشى كېرەك ئۇ ئاۋۋال قۇياش.
بولمىسىچۇئەمەس بۇ مۇمكىن،
بولغاندا ئۇ نۇرسىز قارا تاش.
دېمەك،
سەن ئۆزۈڭنى قەدىرلە - سۆيگىن،
سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ مەبۇد، بىل.
مەۋجۇتلۇقىم ئەلا دەپ قارا،
سەن ئۆزۈڭگە چوقۇن - سەجدە قىل.
سەن -
ئىجادكارى ئاشۇ «ئۆزۈڭ» نىڭ،
لېكىن، يەنە -
بىر رەھىمسىز ئىستىبلاچىسەن،
قوشۇن تارتقان ئۆزۈڭ ئۈستىگە.

4

خۇپپيانە ئويلايسەن شۇنداق،
ھەممە ئىشىم ئاسان بولسا دەپ.
مەغلۇبىيەت - ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچرىمىسام ئەبەدىلئەبەد.
يولۇقمىسام قارشى پىكىرگە،
قالمىسام قار، يامغۇر - بوراندا.
خۇدا ئۆزى قىلسا سالامەت،
ئەندىشەم كۆپ ئەجەپ دۇنيادا.
دېڭىزنىمۇ كۆرگۈم يوق مېنىڭ،
تىك تاغلارغا ۋە چىقىپ باققىم.
يوقتۇر سەپەر قىلغۇم خەتەرلىك،
قۇملار ئارا كۆمۈلۈپ قالغىم.
ئۇچرىغىم يوق بالا - قازاغا،
بېرەلمەيمەن قىسمەتكە بەرداش.
تەڭرىم سەندىن تىلەيدىغىنىم،
جىمجىتلىققا قىلغايسەن قولداش.

بۇ سەندىكى ئۆلگۈر ئىدىيە،
ئاخىر سېنى قىلىدۇ بەربات.
چۈنكى، بىلسەڭ سەن ئويلىغاندەك
يۇۋاش بايتال ئەمەس بۇ ھايات.
سەن ئۇلارنى خالىمىساڭمۇ،
يولۇقىسەن ھامان بىر كۈنى.
سېنىڭ، مېنىڭ باسقان يولىمىز،
كۆت يا كۆتمە،
ئەگرى ۋە بۈگرى.
بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەنسەن،
بولسۇن سەندە تېرىقچىلىك روھ.
چۈنكى، ئادەم زېمىن ئۈستىگە
ھايات ئۈچۈن بەتلەنگەن بىر ئوق.

5

تەلەيلىكتۇر خەقلەر نېمانچە،
ئامەت دېگەن چۆرگىلەر ئۇنى.
كاتتا ھوقۇق، ئېسىل ماشىنا،
يانچۇقىدا ۋە نۇرغۇن پۇلى.
شۇنچە ئەركىن ياشايدۇ ئۇلار،
خۇدانىڭ ئۆز بالىسىدەكلا.
مەن نېمانچە كاج - شور پېشانە،
گويا جۇۋازكالىسىدەكلا.
قولۇم قىسقا، تىلىممۇ شۇنداق،
كۈچۈككىمۇ يەتمەيدۇ جېنىم.
تەڭرى شۇنداق ياراتقانمىكىن،
پۈتۈن ئەمەس رىسقىم ۋە نېنىم.
تۇرۇپ بۇ خىل بىتەلەيلىكىنىڭ
ئويلاپ قالىمەن سەۋەبى نەدە؟
ئانام بىلەن دادامدىمۇ، يا -
مېنى بىنا قىلغان تەڭرىدە؟
تەڭرى ساڭا گۇناھكار ئەمەس،
داداڭنىڭكى سۇيدۇكى بىلەن
ئاناڭنىڭكى بالىياتقۇسىدا
بولىدىكەن ئامەت نېمىدەپ.
سېنىڭدىغۇ بىلسەڭ ھەممە گەپ.
سەن ئۆزۈڭنىڭ جىنايەتچىسى،
ئۆزۈڭ تۈزۈك ياشىيالماستىن،
ئاتا - ئاناڭ تۇگۇل تەڭرىنى
سەن گۇناھكار قىلىسەن نېمىدەپ.
سەن ئۆزۈڭنىڭ ھەق ھۆكۈمدارى،
سەن ئۆزۈڭنىڭ ئادىل سوتچىسى،

سەن ئۆزۈڭنى رەھىمسىز سوتلا،
سەن ئۆزۈڭگە ئۇرۇش ئېلان قىل.
چۈنكى، بىلسەڭ تېگى - تەكتىدىن
سەن ئۆزۈڭگە ئەبەدىي رەقىب.
قىلغىن ئۇنداق يارىماس «سەن» نى
ئۆمۈرۋايەت تۇتقۇن ۋە تەقىپ.
كۆمۈۋەتكىن ئاشۇ «ئۆزۈڭ» نى
روھىڭدىكى قەبرىستانلىقتا.
غالىب كەلسەڭ ئۆزۈڭ ئۈستىدىن،
ئېرىشىسەن نۇرلۇق ھاياتقا.

6

سەن سۆيگەن شېئىردىن
ھەممە ئادەم بىزار بولماقتا.
كۆزلىرىدىن غەزەپ چاچرىتىپ
سېنى ھەدەپ قاغىماقتا.
ئۆزۈڭمۇ بار بۇنىڭ ئىچىدە.
سەن ئۆزۈڭمۇ بىلمەي سۆيىسەن،
ياپىمىلاردا خارلانغان،
رېستوراندا ھاقارەتلەنگەن،
مەيخانىدا دەپسەندە بولغان،
شائىرلىقنى -
ئىگە - چاقىسىز نامرات كەسىپنى.
بۇ جاھاندا -
شېئىردىن ئىبارەت گۈزەل سىماھنى
بىردىنبىر قوغلاپ يۈرگەن سەن يېتىم جانۋار.
بىراق، ھېلىقى «شائىر» دېگەن نام،
قولاققابەك سەت ئىشتىلىدۇ.
شائىر!
چوقۇم ھەر بىر ئىنسان قەلبىدە
ئېسىلىپ ئۆلىدۇ...
سەن قوغلايسەن ھارماي ھېلىقى سىماھنى،
ھاياتنىڭ تار، ئەگرى - بۈگرى كوچىلىرىدا.
مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ،
ئېرىشكىنىڭ خورلۇق - ھاقارەت.
بىر ئۆمۈر بۇ خورلۇقتىن ۋاز كېچەلمەيسەن،
شان - شەرەپتىن ۋاز كەچمىگەندەك.
كۆلىسەن غەلىبە - مەغلۇب ئارىلاش.
شائىر!
پۈتۈڭدا تىكەن،
كۆزۈڭدە قۇياش.
ئۈستۈڭدە كېپەن،
قەبرىڭگە تۇتاش.

نېمىسى ئۇ قويغىنىڭ قەسەمنى بۇزۇپ!
ئالدىرىما،
سېنىڭ ئۈچۈن بەختىمۇ بۇ يا بەختسىزلىك،
تاش ئابىدە بېرىدۇ جەزمەن جاۋاب.
تېپىۋالغىن ئەسلى روھىڭنى،
بۇ بىچارە ياۋايى توپقا قاراپ.

7

- كىم بىلمەيدۇ سېنىڭ ئەسلىڭنى،
سەن دېگەن بىر يارىماس ئىنسان.
ئۆتۈپ كەتكەن قورقۇنچاق يەنە،
قاچاندۇر قېنىڭ بۇزۇلغان.
بۇلغانغانتى ۋىجدانىڭ شۇ چاغ،
كەتكەنىدى يۈزۈڭ تۆكۈلۈپ.
سەن ئىشىنىپ يەنە نېمەڭگە،
يۈرىسەن بۇنداق مەغرۇر كۆرۈنۈپ.
سەن روھىڭغا ئاسىي- مۇناپىق،
ئەخلاقىڭمۇ ئازغان - چاكىنا.
ئۆتمۈش دېگەن دەھشەت، ئۇنىڭغا -
سەن بېپەرۋا، ئاددىي قارىما.
لەپىلدەيدۇ مىنۇت - سېكۇنت،
ئارقاڭدا ئۇ قارا بايراقتەك.
بىرەلمەيسەن ئۆتمۈشكە بەرداش،
كەچكۈزدىكى گىياھ، ياپراقتەك.

قورقۇپ كەتمە بۇ قاراشلاردىن،
تۈگەشتۈرمە ئۆزۈڭنى زىنھار.
ئانچە - مۇنچە داغ - چېكىتلەردىن
خالىي بولغان ئۆتمۈش نەدە بار.
مەن ئەۋلىيا دېگەن ئىنسانمۇ
كەتكۈزىدۇ بىلمەي بەزىدە.
ئازمايدىغان كىم بار دۇنيادا،
دېمەك، ئادەم ئازغۇچى بەندە.
ئازراق ئېۋەن - سەۋەنلىكنى دەپ
بۇنچىۋالا تۈگىشىپ يۈرمە.
ئۆتمۈش دېگەن بىر چۈش، ئۇنتۇما!
لېكىن ئۇنى قايتىلاپ كۆرمە.
ئۆتمۈش - ئەينەك، پەقەت ئۇنىڭدىن -
بۈگۈنكى شۇ «سەن» نى تېپىۋال.
شۇ يارامسىز «ئۆزۈڭ» ئىچىدىن
ئەمدى «رېئال سەن» نى تېپىۋال.
ئۆتمۈش دېگەن بولغاندا دۈشمەن،
سەن دەھشەتتە ئېتىل بولۇپ ئوق.
سەن ئۇنىڭدىن قورقما، ئەكسىچە -
قورقساڭ پەقەت كەلگۈسىڭدىن قورق.
سۈكۈت قىلغىن، ئويلانغىن بىر پەس،
پۇشايمان ۋە ئازاب ئورنىغا.
تۇتۇپ بەرگىن روھىڭنى مەغرۇر،
نەپرەت توپىنىڭ ھۇجۇملىرىغا.
ئۆتمۈش بىلەن دېمەك بۈگۈننىڭ
چېگراسىغا سەن قېلىن تام سوق.
شۇ چاغدا بۇ دۇنيادا سەندىن
ئەقىللىك ۋە دانا ئادەم يوق.

8

سەن؟

ئېتىقادىڭنى چوقۇم بىرسى بۇلىغان،
تۇيغۇڭنى ھېلىقى ئايالنىڭ تېنى ئوغرىلىغان،
پىكرىڭنى كىمدۇر تالان - تاراج قىلغان،
ئاجىزغىنا جېنىڭنى ئاللا.
سەن شۇنداق مونوپول تەننىڭ ئىگىسى،
بۇ ئىستىبدادا -
ساڭا ھېچ نەرسە قالمىغان.
يارىلانغان قۇش
خۇشلاشقاندەك كۆكتە پەرۋازدىن،
سۆرەپ يۈرگىنىدەك يەردە تېنىنى،
سەندىكى روھىدىن ئاجراپ كەتكەن تەن.
نىجادلىق تىلەپ
سەن ئىلاھنى ئىزدەيسەن ھامان،
شۇ مەھكۇم ئېتىقاد بىلەن،
شۇ ئالدانغان ھېسسىيات بىلەن.
بۇنداق جاننى قىلماس مەقبۇل ھېچقاچان ئاللا،
ئۇيىنىمۇ كۆرمەس ھەم راۋا.

سەن ئاللانى قويۇپ بىر چەتكە،
ئىزدەپ كۆرگىن ئاۋۋال ئۆزۈڭنى.
سەن ئۆزۈڭنى يېڭەلىسەڭلا،
خۇدانىمۇ دوست تۇتالايسەن.
بىلسەڭ،
سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ بىر ئىلاھ،
ئۆز روھىڭنى ئازادقىلغۇچى.
سەن ئۆزۈڭگە نۇرانە قۇياش،
ھەممىنىلا نۇرلاندۇرغۇچى.

9

ئوغلۇم -
ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر نىجاد يۇلتۇزۇم.
ئۇمۇر خارابەمنىڭ خىسلەتلىك تېشى.
ھايات دەرىخىمنىڭ ئوق يىلتىزى.
ئۇ بولىدۇ باشقىچە ئىنسان،
خۇيلىرىنى دورىمىغان ئاتىنىڭ.
ئۇ مېنىڭدىن تامغان يېڭى بىر نەسىل،
رەڭگىدىن تا جىسمىغە قەدەر،
چەكسىز ئۆزگىچە.
تەۋەككۇل مىجەز،
تومۇردىكى قېنى ئىسسىق - دولقۇنلۇق،
قورقۇپ يۈرمەس كۆلەڭگىسىدىن.
گويا ئۇنىڭ ئۆزىلا
ئۆتكۈر بىر قاراش،
رېئال تەپەككۇر.
قارىچۇقىدا ئۈمىد، يالقۇنلۇق،
يەلكىسىدە مۇقەددەس قەرز.
ئوغلۇم!
ئىگە - چاقىسىز ئۈمىدلىرىمنىڭ
ئىگە - چاقىسى بۇ دۇنيادىكى.

ئەخمەق ئىنسان يۈگرەيدۇ ھامان،
ئەخمەقلىقنىڭ چېكىگە قاراپ.
ئۇلار ئۈچۈن قىممەتلىك دەستۇر،
ئۆز - ئۆزىنى ئالداپلا ياشاش.
قاماپ تاشلاپ تۇيغۇ - روھىنى،
شۇ مەنىۋى زىندانلىرىغا،
سەرسان غايە - ئارزۇلىرىنى
باغلاپ قويار ئەۋلادلىرىغا.
«چېگرا» سىدىن بۈگۈنكى بۇ ماكانىنىڭ
ئۆتۈۋالغاچ تۈنۈگۈنگە لىككىدە،
ئايلىنىدۇ يۈزى يورۇق ئەجدادقا.
سەنمۇ -
شۇنداقلارنىڭ پەقەت بىرسىلا.
ئۆز ئوغلۇڭغا -
نەسەبىڭگە يۈز كېلەلمىگەن.
لېكىن، چۈشەنسەڭ
ئۇمۇ يۈز كېلەلمەيدۇ ساڭا.
ئەخمەق - نادان خەلقتە
ئەجداد بىلەن ئەۋلاد
بىر - بىرىگە قارا يۈز بولار،
كۆپىنچە!

10

سەن -
دۇنيادىكى ئەگرى - بۈگرى ئىز،
ئاللىبۇرۇنلا
قالايمىقان، مەنىسىز چۈشتەك
ئاندا - ساندا ساقلىنىپ قالغان.
سەن -
دۇنيادىكى بىر تىرىك ئىنسان،
رويخەتتىن ئاللىبۇرۇن ئۆچۈرۈلگەن.
ياشىغانسەن بولۇپ ھەر قاچان
قارا نوپۇس - كۆچمەن.
سەن -
ئۆتمۈشۈڭدىن قالغان ئىسكىلىت،
مۇزېيدا ئەمەس،
ئۆزۈڭدىلا ساقلىنىپ قالغان.
شۇنداقتىمۇ،
سەن دېگەن بىر زۆرۈر ئوقۇشلۇق،
تېخىچە يېزىلمىغان.
چۈنكى -
بۇ يېگانە رەھىمسىز جەڭدە
سەن پەقەتلا بولدۇڭ بىر تال ئوق،
ئۆز - ئۆزۈڭگە قاراپ ئېتىلغان.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسىنىڭ خادىمى، ئالىي لېكتور

(M1)



# شائىر

# ۋە

# پەيغەمبەر

تايماس تاھىر

ئىنسانىيەت بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپلا مەيلى تەبىئىي، مەيلى ئىجتىمائىي جەھەتتىن بولسۇن ھامان خىلمۇ خىل توسالغۇلارغا ئۇچراپ كەلدى. بىراق ئۇلار ھەتتا قاراڭغۇ زىندانغا قامىلىپ قۇياش نۇرىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان چاغدىمۇ ئۇلارنىڭ بىرلا نەرسىسىنى، يەنى پىكىر - خىيالىنى ھېچقانداق نەرسە چەكلىمىگە ئۇچرىتالىغىنى يوق. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەركىن، ئەڭ بىمالال قىلالايدىغىنى - خالىغانچە خىيال قىلىش. دەل شۇنداق بولغاچقا، بۇ دۇنيادا خىيالدىن خالىي ھېچكىم يوق. ھەتتا ساراڭلارمۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ خىيالىي دۇنياسى ئىچىدە ياشايدۇ. يەنە كېلىپ تېخى ساقلار چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان بۇ دۇنيادا ئۇلار ھېچقايسى تەرەپتىن ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. خوش، ئۇنداقتا ساقلار ۋە ساراڭلار ئۈچۈن جىسمانىي شەكىل جەھەتتىن پەرقسىز بولغان ئاشۇ خىيالغا ماھىيەت جەھەتتىنمۇ ئورتاقلىق تېپىش مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە مۇمكىن.

گەرچە ئىنسانىيەتنىڭ پىكىر - خىيالى ئۆزى ياشاۋاتقان مۇشۇ چەكسىز كائىناتتەك كەڭلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شائىر بىلەن پەيغەمبەرنىڭ خىيالى بىر نۇقتىدا ئورتاقلىققا ئىگە، ئۇ بولسىمۇ رەزىللىكتىن خالىي بىر گۈزەل دۇنيا يارىتىش. تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغاندا، پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنى ھەر خىل گۇناھ - كەبىرلەردىن توسۇپ، ساۋاپلىق يولغا باشلىغۇچى، خىيال - تەسەۋۋۇرىدىكى جەننەتتەك بىر گۈزەل دۇنيا يارىتىش ئۈچۈن كۆرەشكۈچى بولسا، شائىرمۇ ئۆز خەلقىنى ھەر خىل ئىللەتلەردىن خالىي قىلىپ، نادانلىق - قالاقلىق پاتقىقىدىن تارتىپ چىقىرىپ، خۇددى پەيغەمبەرلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى جەننەتتەك بىر گۈزەل دۇنيا يارىتىش ئۈچۈن ئىنتىلگۈچى. پەيغەمبەر ئاشۇ گۈزەل دۇنياسى ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلغۇچى؛ شائىرمۇ ئەمەلىي ھەرىكەت قىلغۇچى. ئوخشىمايدىغىنى: پەيغەمبەرنىڭ ھەرىكىتى ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى دىنىي تەرغىباتتىن ئىبارەت بولسا، شائىرنىڭ ھەرىكىتى ئازاب ۋە راھەتنى ئۆزىدىن باشقا بىر ئاللاغىلا ئايان بولغان ئاق قەغەز ئۈستىدىكى ئىجادىيەتتىدىن ئىبارەت، خالاس. ناۋادا پەيغەمبەرلەرنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ گۈزەل خىياللىرىنى قىسمەن رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، مەلۇم دەرىجىدە بىر گۈزەل دۇنيايارىتى دېسەك، شائىرلارمۇ ئاشۇ ئورتاق گۈزەل خىياللىرىنى ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرگە سىڭدۈرۈپ، مەنىۋى جەھەتتىن بىر گۈزەل دۇنيا ياراتتى. گەرچە بۇ ئىككى «دۇنيا» «يارىتىلىش» جەھەتتىن، شەكىل جەھەتتىن ۋە باشقا جەھەتلەردىن سېلىشتۇرغاندا خېلى كۆپ پەرقلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەت

جەھەتتىن، يەنى كىشىلەرنى رەزىللىكتىن توسۇپ، گۈزەللىككە ئىنتىلدۈرۈش جەھەتتىن يەنىلا ئورتاقلىققا ئىگە.

شائىر بىلەن پەيغەمبەرنىڭ يەنە بىر ئورتاقلىقى ـ پەيغەمبەر خۇدانىڭ ئەلچىسى بولسا، شائىر روھنىڭ ئەلچىسى بولغانلىقىدا. گەرچە بىزنىڭ قارىسىغىلا ئېتىقاد قىلىشقا كۆنۈپ كېتىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشنىمۇ ئەيمىنىدىغان بولۇپ كەتكەن قاتمال ئېڭىمىزغا ھازىرچە سىغمىسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت دۇنيا ۋە ئۆزىنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئۆزىمىز ئۇلۇغلاۋاتقان ئاشۇ خۇدا ھەققىدە ئويلاپ كۆرۈشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى خۇدا ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي قارىسىغىلا ئىبادەت قىلغۇچىنى ئەمەس، بەلكى ھەممە ئىشتا كاللا يۈگۈرتۈپ، ئىشنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چۈشىنىپ، بىلىپ قىلغۇچىنى ياقتۇرىدۇ. ئۇنداقتا ئىنسانلارنىڭ خۇداغا ئېتىقاد قىلىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ سەۋەب شۇكى، رېئاللىقتىن مەڭگۈ رازى بولۇپ ئۆتمەيدىغان ۋە مەڭگۈ مۇكەممەللىك قوغلىشىدىغان بىز ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا، خۇدا پۈتكۈل گۈزەللىك ـ ئېزگۈلۈكنىڭ، پۈتكۈل قۇدرەت ـ مۇكەممەللىكنىڭ ۋە پۈتكۈل ئۇلۇغلۇق ـ بۈيۈكلۈكنىڭ سىمۋولى. دېمەك، ئۇمۇ روھنىڭ مەھسۇلى. ئۇنداقتا پەيغەمبەر ۋە شائىردىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئەلچى مۇشۇ نۇقتىدا ئورتاقلىققا ئىگە ئەمەسمۇ؟ تېخىمۇ مۇھىمى ـ مەيلى پەيغەمبەر، مەيلى شائىر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز قەۋمى ـ ئۆز خەلقى ئۈچۈن ياشايدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋمى ـ ئۆز خەلقى ئۇلارنى نى ـ نى ئېغىر كۈنلەرگە دۇچار قىلىپ ھەتتا دارغا ئاسقان تەقدىردىمۇ ئۇلار يەنىلا شۇ قەۋم ـ شۇ خەلقنى سۆيىدۇ. ئىيسا پەيغەمبەرنى ئۆز قەۋمى كىرستقا مىخلاۋاتقاندا ئۇنىڭ: «ئى، تەڭرىم ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنى كەچۈرگىن!...» دەپ ئىلتىجا قىلىشى دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. مانابۇ ـ پەيغەمبەرلىك، مانا بۇ، شائىرلىق!

شائىر بىلەن پەيغەمبەرنى سېلىشتۇرۇپ ئۇلاردىكى ئورتاقلىق ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈش، ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى دەپ ئاتالغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمىگەن بىزنىڭ دەۋرىمىزدە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن ئاسانلىقچە ئۆتىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى بىز شائىرلارنى كۈندە كۆرۈپ تۇرغىنىمىز بىلەن، پەيغەمبەرلەرنى ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭمۇ كۆرگىنى يوق. خام سۈت ئەمگەن ئادەم بالىسى ئەلمىساقتىن بۇيان ھامان ئۆزى چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرنى سىرلىق بىلىپ، شۇنىڭغا ئىنتىلىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىدىن قانچە يىراق بولسا، شۇنچە سىرلىق بىلىپ ئۇلۇغلىدى. ئەكسىچە ئۆز ئىلكىدە بار بولغان، ئۆزىگە يېقىن ھەممە ئۆزىگە ھەممىدىنمۇ بەكرەك ئەسقاتىدىغان نەرسىلەرگە بولسا، ھامان ئېتىبارسىز قاراپ كەلدى. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ زاماندىشلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا شائىر مەيلى قانچىلىك بىلىملىك، قانچىلىك تالانتلىق بولسۇن، ئۇ دېگەن خۇددى سىز بىلەن ماڭا ئوخشاش ئاددىي بىر ئىنسان. ئەمما پەيغەمبەر بولسا، ئىنسانلار ئارىسىغا ئەرشتىن چۈشىدىغان ياكى بۇ دۇنيادىن ياندىغاندا ئەرشكە چىقىپ كېتىدىغان، ئىنسانلار توگۇل، پەرىشتە ـ مالائىكىلەرمۇ ئۇلۇغلايدىغان خۇدانىڭ دوستى.

پەيغەمبەرنىڭ خۇدانىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى دىنمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما مەيلى ئىيسا پەيغەمبەر بولسۇن، مەيلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسۇن، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ ئىنساندۇر. چۈنكى ئۇلار ئىنسان پۇشتىدىن بولۇپ، ئىيسانى بۈۋى مەريەم ئانا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئامىنە تۇغقان. ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ كىرستقا مىخلىنىشى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەر بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇپ چىققان ھەر بىر كىشىگە ئايانكى، ئۇ، تۇغۇلغان مىلادى 571 ـ يىلىدىن باشلاپ تاكى ۋاپات قىلغان 632 ـ يىلىغا قەدەر ئىنسانلار ئارىسىدا خۇددى ئىنسانلارغا ئوخشاش ئاش ـ تاماق يەپ، كىيىم ـ كېچەك كىيىپ ۋە توي قىلىپ ياشىغان. ئالەمدىن ياندىغاندىن كېيىنمۇ ئەرشتە ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ئارىسىدا ـ مۇشۇ زېمىندا ياتقان. دېمەك، ئۇلارنىڭمۇ ئىنسان ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. گەپ بىزنىڭ ئىلمىيلىكتىن تولىمۇ يىراق بولغان، كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ، ھېسسىياتقا ئاساسەن قارىسىغىلا ھۆكۈم قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئېڭىمىزدا.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يۇقىرىدىكى بايانلاردىن ھەرگىزمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش، تۆۋەنلەشتۈرۈش مەناسى چىقمايدۇ. گەرچە پەيغەمبەرلەرنىڭ جىسمانىيىتى ئىنسانغا تەئەللۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىۋىيىتى ـ روھىي دۇنياسى ئىنسانلىق كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. خۇددى بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا بىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىككى تەرەپتىن ـ باقىيلىق بىلەن پانىيلىقتىن ئىزدەپ كېلىنگىنىگە ئوخشاش، ئىنسان ئاتالغۇسى ئۇقۇم جەھەتتىن بىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ خاراكتېرى چوڭ جەھەتتىن تەبىئىي ھالدا ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، ئىنسان ـ بۇدۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىك، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئالىي مەخلۇقات. ئەقىل ـ پاراسەتتە يەر يۈزىدە ئۇنىڭغا تەڭداش تېپىلمايدۇ. بۇ نۇقتىنى ئىلىم ـ پەننىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى سۆزسىز ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ؛ يەنە بىرى، ئىنسان ـ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ نادان، ئەڭ دۆت، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى ۋە يارىماس مەخلۇقات. بۇ نۇقتىنىمۇئىنسانلارنىڭ تۈنۈگۈنكى ۋە بۈگۈنكى

ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ناۋادا، بىرەر بالا ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان مېھرىبان ئانىسىنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى تىلغاپ، تومۇرلىرىنى تېشىپ قېنىنى تارتىپ سېتىپ خەجلىسە، كىممۇ ئۇنى نادانلىق، دۆتلۈكتە ئەيىبلەپ، يارىماس دەپ تىللىمىسۇن؟ بىر يۇرت - شۇ يۇرتتىكى خەلقنىڭ، بىر ۋەتەن شۇ ۋەتەندىكى مىللەتلەرنىڭ ئانىسى بولغىنىغا ئوخشاش، پۈتكۈل تەبىئەتمۇ بىز ئىنسانلارنىڭ شۇنداقلا بارلىق جانلىقلارنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى. بۇنى بىز ئىنسانلار ھەممىدىنمۇ بەك چۈشىنىپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ سۆيۈملۈك ئانىمىزنى يەنە ھەممىدىنمۇ بەك قاقشىتىۋاتمايمىزمۇ؟ بۇ نۇقتىدا بىز ئىنسانلار ھەتتا ئاڭسىز ھايۋانلارغىمۇ يەتمەيمىز. ھايۋانلار، ھەتتا يىرتقۇچ دەپ نام ئالغان بۆرىلەرمۇ بىر جاڭگالغا سىغىدۇ، تېخى توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئۆم ياشايدۇ. ئەمما ئادەملەر شۇنچە كەڭ يەر شارىغا سىغماي، بىر - بىرىمىز بىلەن ئۇرۇشۇۋاتمايمىزمۇ؟ ماقۇل، ئۇرۇشۇۋاتقانلارنىغۇ باشقا دۆلەت، باشقا مىللەت دەپ تۇرايلى، ئۇنداقتا بىر مىللەت، بىر دۆلەت، بىردىن ھەتتا بىر يۇرت تۇرۇپمۇ ئۆز ئارا ئۇرا كولىشىپ، بىر - بىرىگە زاۋاللىق تىلىشىدىغانلار ئازمۇ؟! بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟!

تارىختىن بېرى بۇ سوئال سان - ساناقسىز كىشىلەرنى ئويلاندۇرۇپ كەلدى. شۇنداقلا ئويلاپ قويۇپ، كېيىن كارى بولمىغانلار ئۆز پېتى قېلىۋەردى. ئويلاۋېرىپ ئاخىرى بىر نەرسىنى ھېس قىلغان ۋە شۇ يالقۇنلۇق ھېسسىيات يۈرىكىدە خۇددى پارتلاش ئالدىدىكى ماگمىدەك تىنىمسىز پورۇخلاپ قايىنىغانلار شائىرغا ئايلاندى. ئويلاۋېرىپ ماھىيەتكە يەتكەن ھەمدە قايسى يول بىلەن ماڭغاندا رەزىللىك پاتقىقىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، گۈزەللىك ساھىلىغا يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلەر پەيغەمبەرگە ئايلاندى. پەيغەمبەر بىلەن شائىرنىڭ يەنە بىر ئورتاقلىقى: ئۆز قەۋمى، ئۆز خەلقى ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قايغۇرۇش. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قايغۇرۇش قانداقتۇر ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇپ قۇرۇقتىن - قۇرۇق قايغۇرۇپ قويۇشلا بولماستىن، بەلكى ئۆز ئىلكىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى، ھەتتا گېزى كەلسە قىممەتلىك ھاياتىنىمۇ تەقدىم قىلىش دېمەكتۇر. بۇ نۇقتىدا ئىنسانىيەت ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەرنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي، ئاران بىرەر مىللەت، بىرەر يۇرت خەلقى ئېتىراپ قىلىدىغان شائىرلارنى مىسال ئالساقمۇ، پېتوفى، بايرونلاردىن تاكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ل. مۇتەللىپلەرگىچە ئەنە شۇنداق قىلمىدىمۇ؟! ئادەملەر ئاتا بىلەن ئانىنى نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغلايدۇ؟ چۈنكى ئاتا بىلەن ئانا ئاۋۋال ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ. پەرزەنتلىرى كۈلسە كۈلۈپ، يىغلىسا يىغلايدۇ. بىر ئائىلىدىكى بىر نەچچە، كۆپ بولغاندىمۇ ئون نەچچە پەرزەنت ئۈچۈن قايغۇرغان ئاتا - ئانا شۇنچە ئۇلۇغلانغان يەردە ئۆز قەۋمى، ئۆز خەلقى ھەمدە پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن قايغۇرغانلار قانچىلىك قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك؟

دەرۋەقە پەيغەمبەرلەر ۋە شائىرلارنىڭ نامى ھەقىقەتەن قەدىرلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق، بۇ قەدىرلىنىش پەقەت ئۇلار ئالەمدىن ئۆتۈپ، جىسمى تۈگەپ، ئىسمى قالغاندىن كېيىنلا بولىۋاتىدۇ. ئىيسا پەيغەمبەر خرىستىيان دىنىنى تەرغىب قىلىپ، ئىنسانلارنى ئۆز ئارا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلغىنى ئۈچۈن كرېستقا مىخلانغان بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تەرغىب قىلىپ، ئىنسانلارنى گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىن توسۇپ، ساۋاپلىق، ياخشىلىق يولىغا باشلىغىنى ئۈچۈن، ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان ئەمەسمىدى؟! خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، شائىرلارنىڭمۇ نامى قەدىرلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ تارىختىن بۇيان ھايات چېغىدا ئىنسان كۆرمىگەن ئېچىنىشلىق ئېغىر ئازابلارغا دۇچار بولۇپ ئۆتمەكتە. مانا بۇلار ئىنسانىيەتنىڭ بىر بەختسىزلىكى. ئېنىقكى، بۇ بەختسىزلىك ھېلىھەم داۋاملاشماقتا، بەلكى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقماقتا. چۈنكى بىز ھازىر شائىر چىققىنى بىلەن پەيغەمبەر چىقمايدىغان بىر دەۋردە ياشىماقتىمىز. ئەجەبا، ئىلىم - پەن شۇنچە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزگە پەيغەمبەر شۇنچە زۆرۈرمىدى؟ بۇ يەردە نوقۇل ھالدا سوئالغا جاۋاب بېرىش ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى دەل ئاشۇ «تەرەققىي قىلىش» تا. چۈنكى ئاشۇ «تەرەققىي قىلىش» نەتىجىسىدە، پەيغەمبەر چىقمايدىغان دەۋرنىڭ خاسلىقى سۈپىتىدە ئاۋۋال مىليونېرلار چىقىشتى. ئەمدىلىكتە بولسا مىليونېرلارمۇ بىر ياقتا قېلىپ، مىلياردېرلار چىقىۋاتىدۇ. بىر ياقتا مىلياردېرلار پۇلىنىڭ كۆپلۈكىدىن نېمە قىلارىنى بىلمىسە، يەنە بىر ياقتا يوقسۇللار پۇلىنىڭ يوقلۇقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەيدۇ. بۇمۇ پەيغەمبەر چىقمايدىغان بۈگۈنكى دەۋرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. ناۋادا ئاشۇ ئىككى «بىلمەسلىك» ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، بىر - بىرىنى تولۇقلىسا، ئۇ ھالدا جەزمەنكى ئارىدىن يېڭى بىر «بىلىش» تۇغۇلۇپ يوقسۇللارمۇ، مىلياردېرلارمۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى بىلىۋالغان بولار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھازىر ئىنسانلار چوقۇنۇۋاتقان پۇل دېگەن بۇ نەرسىنىڭ ئەسلىدە باشقا بىرەر سىرلىق نەرسە بولماستىن، بەلكى دەل ئىنسانلار ئۆزلىرى ياساپ چىققان رەڭلىك قەغەزدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەسلىكى بىلىنىپ قالغان بولار ئىدى.

ۋەھالەنكى، بۇ نۇقتىنى شائىرلارمۇ، پەيغەمبەرلەرمۇ ئاللىبۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن. ئۇنداق بولمىغاندا، ئەنگلىيىنىڭ بۈيۈك شائىرى بايرون

ئېلكىدىكى بارلىق مال - دۇنياسىنى سەرپ قىلىپ قوشۇن تەشكىللەپ، مىللىي ھۆرلۈكى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان باشقا بىر دۆلەتتىكى باشقا بىر مىللەت كىشىلىرىگە ياردەم بەرگەن ھەم ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنىمۇ ئاشۇ ئىش ئۈچۈن تەقدىم قىلغان بولارمىدى؟! دۇنيادىكى 100 مەشھۇر شەخسنىڭ تۇنجىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنچە تەڭداشسىز ئىمتىيازغا ئىگە تۇرۇپ، بۇ ئالەمدىن يانغان چېغىدا ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا پەقەتلا بىر قىلىچ، بىر ھاسا ۋە بىر تۆگىدىن باشقا مىراس قىلىپ قالدۇرغىدەك ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگەن بولارمىدى؟! بەلكىم بىر گۈزەل دۇنيا يارىتىش خىيالى پەيغەمبەرگە ئوخشاش بولغان شائىرلارغا مال - دۇنيانى دوست تۇتماسلىقنى مىراس قالدۇرغان بولسا كېرەك، بولمىسا بۈگۈنكى شائىرلىرىمىز كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تىنىم تاپماي شۇنچىلا تىرىشىپ ئىشلەپمۇ يەنىلا نامراتلىق ئىلكىدە ياشىمىغان بولار ئىدى. ھېچ بولمىغاندا، ئەجرىگە تۇشلۇق نەپكە ئېرىشەلمەيدىغان، باشقىلار بىر كۈن كۆچىنى سېتىپ ئوتتۇرا ھېسابتا 20 - 30 سومغا ئېرىشسە، ئاز دېگەندىمۇ بىر نەچچە كېچە - كۈندۈز يۈرىكىنى ئېكەگدەپ پۈتكۈزگەن بىر پارچە شېئىرىغا ئېلان قىلىنىپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئاران 10 سوم ئەتراپىدا قەلەم ھەققى ئالالايدىغان بۇ كەسىپتىن ۋاز كېچىپ، باشقا ئىشلارنىمۇ قىلىپ باققان بولار ئىدى. ناۋادا شائىرلارنىڭمۇ بىلمەيدىغىنى بار دېيىلسە، ئۇ پەقەتلا سۆيگۈ - ساداقەت، ئەدلى - ئادالەتنىڭ قىممىتىنى باشقىلاردەك پۇل بىلەن ئۆلچەشنى بىلمەيدۇ، خالاس.

بىزدىن پەيغەمبەر بىلەن پەيلاسوپ چىقمىغىنى بىلەن «شائىر» كۆپ چىقىدىغان مىللەت. بىر ھېسابتا بىز پۈتۈن بىر مىللەت بويىچىلا ھەممىمىز «پەيلاسوپ». بىزدىن پەيغەمبەر چىقماسلىقنىڭ سەۋەبىمۇ دەل ئەنە شۇنىڭدا. ناۋادا بىزدىن بىرەر پەيغەمبەر چىقىپ قالسا سۆيۈنەرمىدۇق؟ ياق، مېنىڭچە سۆيۈنمەيتتۇق. چۈنكى بىز «پەيلاسوپ مىللەت» ئەمەسمۇ؟ بىز ھەممىمىزلا «پەيلاسوپ» بولغىنىمىز ئۈچۈن، ھېچقايسىمىز بىر - بىرىمىزنى ياراتمايمىز. گويا بىز بىر - بىرىمىزنى ئەيىبلەش ئۈچۈنلا تۇغۇلغاندەك، سىز مېنى، مەن سىزنى ھارماي ئەيىبلىشىمىز، كولىشىمىز. ئۆزىمىزنىڭ يولىنى تېپىپ ماڭالمايۋاتقىنىمىزدىن خەۋىرىمىز يوق، بىر - بىرىمىزگە يول كۆرسىتىپ ئاۋارە بولۇپ كېتىمىز. ۋە ھالەنكى، دۇنيادىكى ئەڭ ئاسان ئىش - باشقىلارنى ئەيىبلەش، خەققە يول كۆرسىتىش. بىراق بۇ دۇنيادا شۇنداقمۇ بىر قانۇنىيەت باركى، پىكىر قىلىش، ئەجىر سىڭدۈرۈشتىن قېچىپ، ئەپلەپ - سەپلەپ ھەمىشە ئاسان كېچىككە كىرىۋالىدىغانلار ئەكسىچە ھامان قېيىن كۈنگە قالىدۇ. «مېڭىشتىن ئېرىنسەڭ، كېيىن يۈگرەيسەن» دېگەن ئەقلىيە دەل شۇنىڭغا قارىتىلغان. بۇ دۇنيادا ھەر بىر ئادەم ۋە ھەر بىر مىللەتنىڭ ئالدىدا مۇقەررەر ھالدا بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان بىر جەريان، بىر يول بولىدۇ. بۇ خۇددى بىر بالا يېقىلماي تۇرۇپ مېڭىشنى، ماڭماي تۇرۇپ يۈگرەشنى ئۆگىنەلمىگەنگە ئوخشايدۇ. يۈگرەشتىن ئىلگىرىكى مېڭىشنىڭ ۋە مېڭىشتىن ئىلگىرىكى يىقىلىشنىڭ كارايىتى چاغلىق، يامىنى مېڭىشتىن ئېرىنىپ غالتەككە چىقىۋېلىش، يىقىلىشتىن ئەنسىرەپ جىم يېتىۋېلىش. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «مېڭىش» ۋە «يىقىلىش» دېگەن ئىبارىلەر نوقۇل ھالدا مېڭىش ۋە يىقىلىپ چۈشۈشكىلا قارىتىلغان بولماستىن، ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ پۈتۈن ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى ھەرىكەت، كۆرەش، ئوڭۇشسىزلىق ۋە تەجرىبە - ساۋاقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ھەممىگە ئايان. ناۋادا كىيىك بۆرە بىلەن ئۇۋچىدىن قورقمىسا شۇنچە تېز يۈگرەلەرمىدى؟ ناۋادا قورساق ئاچمىسا ئادەم يەر تېرىپ ئاۋارە بولارمىدى؟! ئېنىقكى، تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى بولغان ۋە ئاشۇ تەبىئەت قوينىدا ياشاۋاتقان ئىنسان بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان باغلانغان تەبىئىي قانۇنىيەتلەردىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. بىز بايا تىلغا ئالغان مېڭىش ياكى كۆرەش، يىقىلىش ياكى ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ تەبىئىي نەرسىلەر. ئۇلارسىز ئىنسان ھاياتىنىڭ ھېچقانداق قىزىقى بولمايدۇ. چۈنكى ئىنساننى ئىنسان تۇغقىنى بىلەن، بەختنى بەخت تۇغمايدۇ، بەلكى بەخت - بەختسىزلىكتىن تۇغۇلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت - ئوڭۇشسىزلىقتىن كېلىدۇ. «مەغلۇبىيەت - غالىبىيەتنىڭ ئانىسى» دېگەن ئەنە شۇ. دېمەك، ئىنسان تەبىئىيلىككە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يېقىن تۇرۇشى، ئۆز رايىنىڭ كەينىگە ئازراق كىرىپ، تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە كۆپرەك ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

ئەسلى تېمىغا قايتساق، يۇقىرىقى يازمىلاردا گەرچە پەيغەمبەر بىلەن شائىردىكى ئورتاقلىقلار ھەققىدە دەسلەپكى كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر بىلەن شائىر تامامەن پەرقسىز دېگەن مەنا كېلىپ چىقمايدۇ. ناۋادا راستتىنلا پەرقسىز بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىرى پەيغەمبەر، يەنە بىرى شائىر دەپ ئاتالماستىن، بىرلا ئىبارە بىلەن ئاتالغان بولار ئىدى. ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئورتاق بولمىغان تەرەپلىرى قايسى؟ بىزنىڭ بۇ يەردە نوقۇل ھالدا ھەم ماھىيەت، ھەم شەكىل جەھەتتىكى بارلىق پەرقلەرنى قارا - قويۇق ئىزدەپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئەلۋەتتە. ھەر قانداق شەكىل ماھىيەت تەرەپتىن بەلگىلىنىپ، ئاشۇ ماھىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولغىنى ئۈچۈن، بىزنىڭمۇ پەقەت ماھىيەتلىك مۇھىم پەرقلەر ئۈستىدىلا گەپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قانائەت -

شائىر بىلەن پەيغەمبەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم پەرق. پەيغەمبەر - خۇدانىڭ بەرگەن بارلىق نازۇ - نېمەتلىرىگە شۈكرى - قانائەت قىلغۇچى. بۇ نۇقتىدا ئۇ خۇداغا يېقىن. شائىر - مەڭگۈ قانائەت قىلماستىن تىنىمسىز ئىزدەنگۈچى. بۇ نۇقتىدا ئۇ ئىنسانغا يېقىن. ئىنسان تەبىئىيىتىدىكى بىر ئورتاقلىق - قانائەت قىلماسلىق. ئىنسان بۇ دۇنيادىكى مەڭگۈ قانائەت قىلىپ ئۆتمەيدىغان بىردىنبىر مەخلۇق. ئۇ، يوقسۇل چېغىدا باي بولۇشنى تىلەيدۇ، باي بولغاندا قانائەت قىلامدۇ؟ ياق، تېخىمۇ باي بولۇشنى تىلەيدۇ. بىرەر يۇرتنى سېتىۋالغۇدەك پۇل تاپسا، بىرەر دۆلەتنى سېتىۋالغۇدەك پۇل تېپىشنى ئويلايدۇ. ھەتتا ئۇ پۈتۈن يەرشارىغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ يەنە ئاي شارىغا، مارسقا، پۈتۈن كائىناتقا ئىگە بولۇشنى ئويلايدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى تەكلىماكاندىكى كىشىلەر خۇداغا شەرت قويۇپ، پۈتۈن ئائىلە بىساتلىرىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرسە ئاندىن قانائەت ھاسىل قىلىپ ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىمىش. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بوسۇغىسىدىن تاكى ئىتلىرىنىڭ يالاقلىرىغىچە ئالتۇنغائايلاندۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلار يەنىلا قانائەت ھاسىل قىلماستىن، باشتىكى ۋەدىسىدىن يېنىۋالغاچقا، خۇدانىڭ غەزىپى كېلىپ، قۇم ياغدۇرۇپ كۆمۈپ تاشلىغانىمىش. گەرچە بۇ بىر رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن بۇ رىۋايەتتىن قەدىمكى ئىنسانلارنىڭمۇ شۈكرى - قانائەتنى بىلمەيدىغان تەبىئىيىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەلكىم بۇ ئىنسان پەيدا بولغان چاغدىلا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ پەيدا بولغان تۇغما تەبىئىيتى بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا ئادەم ئاتا جەننەتتە ياشاشقا يارىتىلغان تۇرۇقلۇق، جەننەتتىكى نازۇ - نېمەتكە قانائەت قىلماستىن، بۇ پانىي دۇنياغا چۈشەرمىدى؟ ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەۋلادلىرى قەدىمدىن تا ھازىرغىچە جەننەتنى ئارزۇ قىلىشىپ كەلدى. بىر ھېسابتا، ھەممىدىنمۇ قىممەتلىك دەپ تەرىپلىنىدىغان ئىنسان ھاياتى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئەھمىيەتسىز جەريان. چۈنكى ئۇ دەريانىڭ بۇ قېتىدىكى چاغدا ئۇ قاتقا ئۆتۈشكە، ئۇ قاتتىكى چاغدا بۇ قاتقا ئۆتۈشكە سەرپ قىلىپ تۈگىتىلىدۇ. بەلكى بۇ ھال تاكى ئىنسان ئۆمرى ئاخىرلاشقىچە تەكرارلىنىۋېرىدۇ.

بۇ دۇنيادىكى مەيلى جانلىق، مەيلى جانسىز، مەيلى چوڭ ۋە مەيلى كىچىك بولسۇن، مەۋجۇتلا بولغان پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئىچىدە بىر ئاللادىن باشقا ھەممىلا نەرسىنىڭ ئۆزىگەخاس ياخشى ھەم يامان تەرىپى بولغىنىغا ئوخشاش، شائىر بىلەن پەيغەمبەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر پەرقنى ھاسىل قىلغۇچى قانائەتمۇ ئىككى ياقلىملىققا ئىگە. ئۇنىڭ ئىجابىي تەرىپى شۇكى، ئۇ ئىنساننى تاماخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، تەكەببۇرلۇق ۋە تەلۋىلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردىن ساقلايدۇ. ئىنساننى قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا جاھىللىق بىلەن ئېسىلىۋېلىپ، بىھۇدە ھالاك بولۇشتىن توسايدۇ. ئېنىقكى، ناۋادا خىرۇئىن چەككۈچىلەر دوستلۇق مېھرى، مۇھەببەت ۋەسلى ۋە بايلىق مەئىشىتى بەخش ئەتكەن ھالال لەززەتلەرگە قانائەت قىلغان بولسا، خىرۇئىندىن ھارام لەززەت ئىزدەپ ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەت يولىغا باشلىمىغان بولار ئىدى. قانائەتنىڭ سەلبىي تەرىپى شۇكى، ئۇ، ئىنساننى بىخوتلاشتۇرۇپ، ھايۋانىيلىققا كۆندۈرىدۇ، «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەيدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئالغا ئىنتىلىشتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش دۇنياۋى رىقابەتتە شاللىنىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلەر ئۈچۈن، شۈكرى - قانائەت قىلىش - ئۆز رازىلىقى بىلەن شاللىنىپ بېرىپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىشقا قاراپ مېڭىشنىڭ ئىپتىداسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شائىرلىرىمىزنىڭ شۈكرى - قانائەتنى غەزەپ بىلەن سۆكۈشى - دەل مۇشۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، خالاس.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ھېسابلىغاندا ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرسىز ياشاۋاتقانلىقىغا 1360 يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندىكى دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ تۈگىتىش ھەقىقەتەن قىيىن. مەيلى ئىنسانىيەتتىكى ئەقىدىسىزلىك، ياتلىشىشتىن كېلىپ چىققان بەختسىزلىكلەر بولسۇن، مەيلى ياتلىشىش ۋە رىقابەت نەتىجىسىدە ئېرىشكەن ئىلىم - پەن تەرەققىياتى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرسىز زاماندا بارلىققا كەلدى. بەلكىم خۇدانىڭ ئەلچىسى بولغان پەيغەمبەرلەر خۇدادىن بېشارەت بولغان بارلىق ياخشى - يامانىنى ئىنسانلارغا بىلدۈرۈپ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئىنسان روھىنىڭ ئەلچىسى بولغان شائىرلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تېخى ئادا قىلىپ بولالمىدى ۋە ئادا قىلىپ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى خۇدا يېگانە بولغىنى بىلەن، ئىنسان روھى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەت پەيغەمبەرسىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيانى شائىرسىز تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. ناۋادا راستىنلا شائىرلار بولمىسا، جەمئىيەت قانداق بولۇپ قالار؟ ئېنىقكى، گەرچە كىشىلەر يەنىلا ئاچ - يالىڭاچ قالماي بۇرۇنقىدەك ياشاۋەرگىنى بىلەن، ئۇلار گويا گاس - گاچىلارغا ئايلىنىپ، روھىي بۇرۇقتۇرمىلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. چۈنكى شائىر - ئۆز خەلقىنىڭ تىلى، كۆزى ۋە قۇلىقى. دۇنيادىكى ھەممە تىل ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن سۆزلىسە، شائىرنىڭ تىلى ئۆز خەلقى ئۈچۈن سۆزلەيدۇ؛ دۇنيادا ھەممە كۆز ھەممىدىنمۇ پۇلنى بەكرەك

كۆرسە، شائىرنىڭ كۆزى ئەڭ ئاۋۋال ئۆز خەلقىنى كۆرىدۇ؛ ھەتتىۋا قۇلاق ئۆزىگە پايدىلىق گەپلەرنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئاڭلىسا، شائىرنىڭ قۇلىقى ئۆز خەلقىگە كەلگەن خەۋپنى ھەممىدىن بۇرۇن ئاڭلايدۇ. قىسقىسى، ھەقىقىي شائىر - ئۆز خەلقىنىڭ قالقىنى، خەلققە كەلگەن ھەر قانداق خەتەر ئاۋۋال شائىرغا كېلىدۇ.


بىراق، «سۇدا ئۈزگەننىڭ ھەممىسى تاھىر ئەمەس، شېئىر يازغاننىڭ ھەممىسى شائىر ئەمەس». دېگەندەك، بىزدە شېئىر يازىدىغانلار، شائىر ئاتالغانلارخېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي شائىرلار ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس. راستىنى ئېيتقاندا، شېئىر يېزىۋاتقانلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلا ھەقىقىي شائىرلار بولسا، قالغانلىرى شۆھرەت تاماسىدا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان زامانىۋى مەدداھلاردۇر. گەرچە ئۇلارنىڭ قاپىيىلىك مەدھىينامىلىرى ھوقۇقدارلارغا، ھەتتا بەزىدە ئاۋامغا يېقىپ قالسىمۇ، لېكىن ئۇلار شېئىرنى پەقەت شېئىر يېزىش ئۈچۈنلا يازغاچقا، تىلى بىلەن دىلى بىردەك ئەمەس. مۇنداقلارنى شائىر دېگەندىن كۆرە «يېڭى زاماننىڭ چەلپەكچىلىرى» دېگەن تۈزۈك. بىر ھېسابتا بەلكىم بۇمۇ بۇزۇلغان دەۋردىن يۇققان كېسەل بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر شۇنداق بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈردۇقكى، گېزىت - ژۇرناللاردا، رادىئو - كانايلاردا «بازارلار ئاۋات، مال باھاسى مۇقىم» دەپ توختىماي توۋلىنىۋاتقاندا، بازارلاردا بىر نان تېپىلمىدى، تېپىلغان تەقدىردىمۇ بازار باشقۇرۇش بۆلۈمچىلىرىنىڭ: «قاراڭغۇ بازار قىلدىڭ» دەپ تۇتۇپ سولاپ قويۇشىدىن قورقۇپ، كىشىلەر ناننى قوينىغا تىقىپ تەر ۋە توڭرىغا ئارىلاشتۇرۇپ سېتىشقا مەجبۇر بولدى. «ۋەزىيەت كىچىك ياخشى ئەمەس، چوڭ ياخشى» دېگەن سۆزلەر «ئەڭ ئالىي يولىيورۇق» قىلىنىپ يادلاپ يۈرۈلگەن چاغلاردا، ئەر بىلەن خوتۇن، ئاتا - ئانا بىلەن بالا - چاقا ئوتتۇرىسىدا رەھىمسىز كۈرەش قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەتتا بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر - بىرىگە ئەشەددىي دۈشمەن بولۇشۇپ، ئۆز ئارا چەك - چېگرا ئاجرىتىشتى. گەرچە ئەنە شۇنداق ساناپ تۈگەتكۈسىز بىمەنە ھەرىكەتلەر ئومۇملاشقان دەۋر ئاخىرلىشىپ، بىز ھازىر باشقا بىر دەۋردە ياشاۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن كىممۇ ئاشۇ دەۋرنىڭ ئاسارەتلىرىدىن يۈزدە - يۈز قۇتۇلدۇق دېيەلەيدۇ؟ مۇقەررەركى، دەۋر بىر خىل كېسەللىك بىلەن يۇقۇملانسا، شۇ دەۋردە ياشىغۇچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاشۇ كېسەللىكنىڭ باكتېرىيىلىرى ئازدۇر - كۆپتۇر تېپىلماي قالمايدۇ. گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، ھەتتا ھازىرمۇ دېھقانلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا كۆز يۇمۇپ، ھەر خىل سەھنىلەردە: «دېھقان ئاكام باي بولدى، قازان - چۆمۈچى ماي بولدى» دەپ نومۇس قىلماي توۋلاۋاتامىزمۇ؟ ۋەھالەنكى، دېھقانلارنىڭ زادى نېمىگە قانچىلىك باي بولغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بەكمۇ ئايان. ناۋادا يۇقىرىدىن ئۇلارنى باي بولدى دېيىش ۋەزىيىتى چۈشۈپ، بىز شۇنداق دېمىسەك بولمايدىغان ئىش بولسا، دېھقانلار باي بولدى، ئەمما ئۇلار ئاشلىق، پاختا ۋە پۇلغا ئەمەس، بەلكى جەرىمانە، سېلىق ۋە قەرزگە باي بولدى! بۇلارنى شېئىر يېزىش ئۈچۈنلا شېئىر يېزىۋاتقان زامانىۋى مەدداھلار كۆرمىگىنى بىلەن، «دېھقاننىڭ باغرىدا ئۆسكەن» ھەقىقىي شائىرلىرىمىز كۆردى ۋە «دېھقان بولماق تەس» قاتارلىق رېئاللىنى قىممىتى يۇقىرى بىر بۆلۈك ئوتلۇق شېئىرلارنى يېزىپ، «توخۇلارنىڭ ئېقىپ دۇئاسى، تۇخۇملارنىڭ ئاشتى باھاسى، ئۈستى گۆشىنىڭ نەرقى - ناۋاسى، دېھقاننىڭلا يوقمۇ خۇداسى؟ !» دەپ، مىللەت نوپۇسىنىڭ ئەڭ كۆپىنى تەشكىل قىلغۇچى دېھقانلار ئۈچۈن ھەققانىي سادا ياڭراتتى.

شائىر ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەمەس. گەرچە شائىرمۇ پەيغەمبەرگە ئوخشاش مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تولۇپ - تاشقان بىر گۈزەل دۇنيا يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلسىمۇ، لېكىن خۇدانىڭ پەيغەمبەر يەتكۈزگەن ۋەھيىسىگە ئىشەنگەن ئىنسان، روھلارنىڭ شائىر يەتكۈزگەن ۋەھيىسىگە ئىشەنمىگىنى ئۈچۈن، ئۇ ياڭراتقان ھەققانىي سادالار كۆپىنچە ھاللاردا سادا پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. بىراق بۇ«بۇ سادالارنىڭ زادىلا رولى يوق» دېگەنلىك ئەمەس. بىر سازدىن چىققان سادا يىراققا ئاڭلانمىغىنى بىلەن، بىر مۇنچە سازلارنىڭ تەڭكەش قىلىنىشىدىن چىققان سادا ھەيۋەتلىك ئۇركېستىر، ھاسىل قىلىپ سەھنىلەرنى تىترەتكىنىگە ئوخشاش، شائىرلار تەنھا ياڭراتقان ھەققانىي سادالارمۇ يىغىلىپ - يىغىلىپ ھامان بىر كۈنى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بىراق ئۇنىڭ تەسىر ئوبيېكتى روھ بولغىنى ئۈچۈن، مۇنداق تەسىر جىمجىت، ئۈنسىز ۋە ئاستا بولىدۇ. ئۇ گويا مۇز ئاستىدا تىنىمسىز ئاقىدىغان ئۈنسىز ئېقىنغا ئوخشايدۇكى، گەرچە ئۈستىنى بىر قەۋەت مۇدھىش مۇز قاپلىۋالغان بولسىمۇ، ئانا يەر باغرىنى سۆيۈپ مەڭگۈ ئېقىشتىن توختىمايدۇ ۋە ئانا يەرگە ئۈن - تىنسىز ھالدا يېشىللىق بەخش ئېتىدۇ.

ئاخىرىدا، ماقالەمنى ماقالىنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە ياڭ جىڭگۇاڭنىڭ بىر جۈملە سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن: «مۇبادا چوكا مۇز ساتىدىغان موماي قورسىقىنى بېقىپ، يازغۇچى (شائىر) جاپالىق ئىشلەپمۇ ئائىلىسىنى باقالمىسا، بىچارىسى ئالدى بىلەن يازغۇچى (شائىر) بولماستىن، ئۇنىڭ دۆلىتى ۋە مىللىتىدۇر. بۇ خىل ئىمكانىيەت بارمۇ - يوق؟ جاھاننىڭ ئىشلىرىغا بىر نېمە دېمەك تەس. ھەر قانداق ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. شۇنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىنكى، مۇبادا ئۇ خىل بىچارىلىك راستىنلا روي بەرسە، دۆلەت بىلەن مىللەتنىڭ مەھشەر كۈنىمۇ ئۇزاققا قالمايدۇ» (ئۇيغۇرچە: «تەرمىلەر» ژۇرنىلى 1996 - يىل 2 - سان 32 - بەتكە قاراڭ).

(M1)

1996 - يىل مارت - ئاپرېل، مەكىت



# تارىخ تۇيغۇسىنىڭ بەدىئىي سۈرىتى

## - يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانى توغرىسىدا

(ئوبزور)

ئابدۇقادىر جالالىددىن

1

بىزنىڭ شەھەر ئەسلىدە ئىنسانلاردا بولىدىغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق نىسبىتىنىڭ تىمتاسلىقىدا گۈللەنگەن، قان ۋە تەشۋىشتىن خالىي ئوتۇپىيىلىك شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ ئاسمىنىمۇ سېخىي خىسلەتلەرگە باي بىپايان مەنزىرە ئىدى. بۇ شەھەردە قۇياش، يۇلتۇز، ئاي، قۇم زەررىچىلىرى ۋە جان نۇقتىلىرى كۆزگە كۆرۈنمەس ئىلاھىي يىپ بىلەن چېگىلگەندەك، كۆڭۈللەرنىڭ ئەركىن دەۋرەشلىرى ئۆزىنىڭ مەڭگۈ خورىمايدىغان تەبىئىي كۈچى بىلەن ئادالەت ۋادىسىنى ئوپئوقچە يايغان، ئەگەر ئۇنىڭدا پىغان ياكى كۆز يېشى بار دېيىلسە، بۇ پەقەت ھاياتلىقنىڭ ئۆز ئىنتىلىشلىرىگە يارىشا مۇۋاپىق سىقىلىشلىرىدىن چىقاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ مەنبەسىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەچكە، بۇ سائادەت تۇزلىرىنى رازىلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرەتتى. ئەگەر مەن دوزاخنى ئۆز ئارزۇيۇم بويىچە ياسىسام، ئۇنىڭ ئوتى قانچە دەھشەتلىك بولمىسۇن، مەن ئۇنى جەننەت دەپ ئاتايمەن. لېكىن، باشقىلار قۇرۇپ بەرگەن جەننەت چىنارىمنى قۇرۇتىۋېتىدۇ.

مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندى «قۇم باسقان شەھەر» نى كۆرسەتتى. مەن ئۇ بەرگەن قۇمدىن بىر تال ئالدىم - دە، قۇم بەرگەن روھىي رادىئولوگىيىنى بويلاپ ھۆكۈمرانلار، بەندىلەر، ھەتتا خۇدانىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقتىم. تارىخ ئۆزىنىڭ قوپال، قانلىق ئىككى قولى بىلەن سىزىپ بەرگەن دائىرىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، دەل پاسىلغا كەلگەندە توختاپ قالدىم. ھەر قانداق زىلزىلە باشتا كىچىككىنە بىر خىيالدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەن مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ خىيالىنى دەڭسەشكە باشلىدىم.

قۇم ئۇششاق نەرسە، يالغۇز تۇرغاندا قاتتىق، توپلاشقاندا يۇمشاق نەرسە، ئۇ ئاستا - ئاستا، ئاز - ئازدىن كۆچىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك ھالىتىنى سۈرئەتتىكى ئاستىلىقتا سىڭدۈرۈۋەتكەن.

«قۇم باسقان شەھەر» تارىخنىڭ كۆتۈپخانىسى، ئۇ، تارىخ ئەسلىيەتلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكى شولىسى، ئۇنىڭدىن بىز يازغۇچىنىڭ ئارزۇ تارىخىنى، مىللەتنىڭ كوللېكتىپ تەجرىبىسىنى، بايلىق پەلسەپىسىنىڭ سىمۋوللاشقان

گەۋدىلىرىنى، زوراۋانلىقتا شېئىردىكى شېرىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئېيسا روھىنى، مەنىسىزلىككە قارشى ئەپچىل يۇمۇرلارنى كۆرىمىز، بۇلار ھەرگىزمۇ توزان باسقان ئۆتمۈشنىڭ نوقۇل ئۆزىلا بولۇپ قالمىغان، ئاپتور ئۇلارغا ئۆز قەلبىنىڭ جۇلاسىنى سىڭدۈرۈپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىگە تاشلىغان. گويا مىللەت تارىخى ئاپتورنىڭ خىيالەتلىك كۆزىدىن دومىلاپ چۈشكەندەك.

2

ئانا تېما مەسىلىسى مىللىي ۋىجداننى ئۆز شەخسىيىتىگە ئايلاندۇرالىغان ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا خىرە - شىرە مەۋجۇت بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە نەزەرىيىۋى نۇقتىدىن تۇزۇك تىلغا ئېلىنمىدى. نەزەرىيىۋى تەپەككۇر بىزدىكى ئەڭ پاجىئەلىك ئاجىز ھالقا بولۇپ، بۇنىڭ يىلتىزى ئۇزاق تارىخىي يىللار بىلەن تۇتىشىدۇ. بىز تارىختىن بېرى كۆپ تەرەپلىمە كۈچ بىلەن تەسىرلەشكەن مۇرەككەپ ھالەتلەردە ياشاپ كەلدۇق. بىزدىكى تارىخىي پاجىئەلەر ۋە ئۇتۇقلار مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىسى، مىجەزى ۋە ئېتىقادى بىلەن ئىچكى مۇناسىۋەتكە ئىگە. بۇ ئامىللار تاشقى ئامىللارنىڭ كونكرېت خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىرىكىپ، تارىخىي نۇقتىلارنىڭ ھەر بىر دەۋرگە خاس مەزمۇنى ۋە ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەپسۇسكى، بىز ئۇلار ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم، ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، نەزەرىيىۋى يەكۈن چىقارغان ئەسەرلەرنى تېخى ئۇچراتمىدۇق. پەلسەپە نامراتلىقى بۈگۈنكى كىشىلىرىمىزدە ئۆتمۈشتىكى ھەر قانداق دەۋرگە قارىغاندا، ئەڭ تېپىك باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى.

مېنىڭچە، ئانا تېما ھەر بىر مىللەت ئۈچۈن ئايرىم بولىدۇ. خۇددى مېكسىكا شائىرى ئوكتاۋىئوپاز: ھەر قانداق مىللەت ئۈچۈن «ھازىر» دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت، بىراق «ھازىر» نىڭ مەنىسى ھەر قايسى مىللەت ئۈچۈن ئوخشىمايدۇ، دېگىنىدەك، ئانا تېما ھەر بىر مىللەت ئۈچۈن ئۆزىگە خاس مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە لايىق مەسىلىسى بولىدۇ، بۇ مەسىلە مىللەتنىڭ مەلۇم بىر كونكرېت دەۋردىكى مەنپەئىتىنىڭ قانداق ئەكس ئېتىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. خۇددى بۈگۈنكى شارائىتتا پەلەستىن خەلقى دۈچ كەلگەن مەسىلە بىلەن تاجىكىستان خەلقى دۈچ كەلگەن مەسىلە بىر - بىرىگە ئوخشىمىغاندەك. دېمەك ئانا تېما مىللىي تەقدىرنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى كونكرېت مەزمۇنى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ، مىللەت تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئانا تېما مىللىي، دەۋرىي

تۈس ئېلىش بىلەن بىرگە، بۇ دائىرىدىن ھالقىپ ئىنسانىي تۈس ئېلىشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى دۇنياۋى قايىنامدىن خالىي تۇرىدىغان مىللەت ياكى تارىخ بولغان ئەمەس.

بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە لايىق مەسىلىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ، تەن ۋە روھىيەت خىللىرى بويىچە روناق تېپىش، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ھەقىقىي مەنىسىنى قولغا كەلتۈرۈش. بۇ مەسىلە بۈگۈنكى مىللىي ئىدېئولوگىيىمىزنىڭ ھەر قانداق تارماقلىرىدا ئەكس ئېتىشى كېرەك بولۇپلا قالماستىن بەلكى جىددىي تەقەززالىق كەيپىياتىغىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەگەر ھەر بىر قەۋم ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئىمكانىيەتلىرىنى تاپالمىسا، ماددىي مەنپەئەتنى گەۋدىلەندۈرۈۋاتقان پەن - تېخنىكا ئاخىرى بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى كۈچكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. تېخنىكا جەمئىيەتتە ماددىي ھەشەمەت پەيدا قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ قورالدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلسىمۇ، بىراق مىللەتلەر، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تۈپ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلالمىدى. مانا بۇ، زامانىمىز كىشىلىرىگە ئورتاق بولغان پەن كىرىزىسى. چۈنكى تېخى ئۇ، دۇنيادىكى بەختسىز ئادەملەرنىڭ كۆز يېشىنى توختىتىپ بولالمىدى؛ ئۇ، غالىبلارنىڭ قولىدىكى قامچا بولۇپ كەلدى. پەننىڭ سەلتەنەتى ئورتاق قانائەتنى قولغا كەلتۈرۈش نىشانى ئۈستىگە قۇرۇلغاندا، ئۇ، كىرىزىستىن ساقىيىدۇ. ئەمما، بۇ پەقەتلا شائىرلار تەلمۈرۈپ كېلىۋاتقان گۈزەل چۆچەكتۇر، خالاس.

ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ھەقىقىي مەنىسىنى تېپىش تەبىئەتنىڭ ئىرادىسىگە ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان ھوقۇق، بۇنداق ھوقۇقنىڭ ھەققانىيەتتىن پۈتكەن پۇتلىرى بار، ئۇنىڭ بىلەن ماڭغاندا، پەقەت ئادالەت دۈشمەنلىرىلا ۋايسايدۇ، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلىملىرى ئەنە شۇ ئىرادىنىڭ مۇئەييەنلەشكەن قىسمىنى جاكارلايدۇ، ئۇنىڭ مەۋھۇم، يوشۇرۇن قىسمىنى پەقەت سەنئەتلا ئىنسانىي زىللىقىنى يوقىتىپ قويمىغان كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرەلەيدۇ.

ئانا تېما بىر مىللەت ياكى بىر دەۋر ئۈچۈن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تەقەززالىقتۇر. بۇنى ھېچكىم ئېيتىپ بەرمەيدۇ، ئاقىللار ئۆزى تاپىدۇ، ئوقۇرمەنلەر ئۇلارنىڭ قەلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن، قەلەم ئىزلىرىدا كۆرۈنگەن نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا بارلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ.

مېنىڭچە، ئانا تېما مەسىلىسى بۈگۈنكى زامان پروزىمىزدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە مەلۇم مەنىدە ئەكس ئەتكەنىدى. بىراق، ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى بۈگۈنگە ۋە ئەتىگە

تەئەللۇق زامان - ماكان ئىزلىرىنى ئۆتمۈشنىڭ زامان چېكى بىلەن نۇقتىلاپ قويغان - دە، دەلىل ياكى پاكىت دەپ قارالغان تارىخىي زامان ھادىسىلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بولدى قىلغان، نەتىجىدە ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىدىن كۆرە ئاخبارات قىممىتى ئۈستۈن چىققان.

مەيلى بۇلاردەك يىرىك تارىخىي ئوچېركلار بولسۇن، ياكى ئەدىبنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى تەبىئەتكە ئايلانغان، تارىخىي ماكان - زاماندىن ھالقىغان ئىدىيال گەۋدە بولسۇن، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تارىخنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان روھىي مەنبەنى تولۇقلايدىغانلىقى شەكسىز. بىراق بىز ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ مەزمۇن قىممىتى، ئىجتىمائىي قىممىتى ئۈستىدە سۆز ئېچىش بىلەن بىرگە، ئەدەبىياتنىڭ ئىستېتىك قىممىتىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بىز ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى مەھسۇلاتلىرىنى تارىخىي ئىجتىمائىي قىممەت نۇقتىسىدىن ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇشقا ھەقلىقمىز. ئۇ، دۆۋىلىنىپ ياتقان ئۆتمۈش خاتىرىسىدىكى بىر قىسىم ئۆرنەكلەرنى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزدە رېئال تارىخىي روھ ھاسىل قىلدى. مېنىڭچە، ئۆتكۈر ئەپەندى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەلەپنى ئۆزىگە قويمىدى، دەپ قىياس قىلساق بولىدۇ.

مەتىمىن ھوشۇر ئەپەندى ئەدەبىياتىمىزدا ئەنە شۇ يوسۇندا شەكىللىنىۋاتقان ئانا تېمىنى ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراش ۋە بەدىئىي قىممەت نۇقتىسىدىن تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى بىزگە ئايان قىلدى. مەن «قۇم باسقان شەھەر» نى ئوقۇغاندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر تارىخ تۇيغۇسىغا چۆمدۈم. سۇپۇرگە ئاققان سەپەر دەرياسىدا ئېقىپ كېتىۋېتىپ، قايسى دېڭىزغا قۇيۇلىدىغانلىقىمنى خىيال قىلدىم. ئۇ ھەقىقەتەن «سەپىرىنىڭ تىزگىنىنى كۆڭۈل ئىختىيارىغا تاپشۇرغان» جاھانكەزدى ئىدى، بىراق ئۇنى يىراق بىر يەردە نۇر چېچىپ تۇرغان ۋىجدان ئۆزىنىڭ ھۇرلەرگە مەنسۇپ ئاۋازى بىلەن پات - پات چاقىرىپ تۇراتتى. مەن ئۆزىنىڭ ئاقكۆڭۈللۈكى، پىداكارلىقى ۋە تەۋەككۇلچىلىكىنى چۈشىنىدىغان ئادەم تاپالمىغان بەختسىز دونكىخوت تۇغۇلۇۋېتىپتۇ، دېدىم. ئارقىدىنلا مېنى بىر خىل ۋەھىمە چۇلغىۋالدى، ئارىمىزدا دونكىخوتنى چۈشىنىدىغانلار يوق ھېسابتا، مەن سۇپۇرگىنى ئاشۇنداق سۈپەتلىسەم كىشىلەر مېنى چۈشىنەرمۇ؟

روماننىڭ 2 -، 3 - قىسىملىرى كۆز قارىشىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئاخىرى سۇپۇرگىنى ساتىرىك سىمۋول دەپ چۈشەندىم. ئۇ بىر ئەركىن سەيياھ ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئېشىكىنىڭ، ئەتراپىتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ، قۇشلارنىڭ، پايانسىز چۆلنىڭ، ئالۋۇنسىمان مەھەللە - كەنتلەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىدۇ: ئۇ بىر پەيلاسوپ ئىدى. بىراق ئۇنىڭ كىتابلىرى كۇتۇپخانىدا ئەمەس، تەبىئەتتە ئىدى. ئۇ، كۆز ئالدىدىكى دۇنيانىڭ كۆزگە كۆرۈنگەندەك بولۇشىدىن گۇمان قىلاتتى. ئۇ، تەلىماتلىرىنى پۈتۈپ ئاۋارە بولمايتتى ياكى باشقىلارغا ۋەز قىلىپ سۆزلىمەيتتى. ئۇ، ئۆزى ياشىغان دۇنيادىن تېگىشلىك ئەقلىنى قوبۇل قىلاتتىيۇ، دەرھال ئۇنىڭ مۇھاسىرىسىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئۆزى ئۇلۇغ تۇرۇپمۇ ئۇنى سەزمەيتتى. ئۇ گويا سوقرات بىلەن شاھ مەشرەپ ئىدى. ئۇ تاكى بىغەملەر شەھىرىنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلغىچە ئەركىن ياشىدى، ئەركىن ھاياتىدىن ئەركىن پىكىرلەرنى ياندۇردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خۇددى ئەركىنلىكتىن ئىبارەت مەنىۋى مەئىشەتنىڭ ھەيكىلى ئىدى. ئۇنىڭ ۋەتىنى - بىغەملەر شەھىرىنى ياۋلار دەپسەندە قىلىۋېدى، ئۇنىڭ دۇنياسىدىكى پادىشاھ بولمىغان، ئەسكەر بولمىغان، بەگ - دوتەيلەر بولمىغان، سېپىلى بولمىغان غايىۋى دۆلەت بەربات بولدى. ئۇ، قولدىن كەتكەن ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىداكار جەڭچىگە ئايلاندى. ئۇمۇ خۇددى سوقرات ئۆز تەلىماتىنى ئىسپاتلاش يۈزىسىدىن ئۆلۈمگە رازى بولغاندەك، ئەركىنلىك پەلسەپىسى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىدى.

سۇپۇرگە ئۆزىنى ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتى. ئۇ، ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى ئۆگزىدە يېتىپ ئارام ئېلىۋاتقاچ كۆكتىكى يۇلتۇزلار ۋە ئەركە شامالLardin ئىلھام ئېلىپ شۇنداق دەپ پىچىرلىغانىدى. ئۇ، بۇ جەھەتتە ھېمىڭۋاينىڭ «دېڭىز ۋە بوۋاي» دىگەن ئەسىرىدىكى بوۋاينى ئەسلەتتى. بىراق بۇ ئەسەردىكى بوۋاي ئۆزىنىڭ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. بەلكىم غەربلىكلەر دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، تەبىئەتكە خىلاپ يۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندۇ. سۇپۇرگە يۇقىرىقىدەك ئويلىغاچقا، تەبىئەت بىلەن بولغان گارمونىيىنى ساقلايمەن دەپ جىم تۇرغاندۇ. پەلسەپە ئىنقىلابى ئەنە شۇ ئىككى پىكىر ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلماقتا.

بىز سۇپۇرگىنى ساتىرىك سىمۋول دېدۇق. بۇ مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، سۇپۇرگىنىڭ ھاياتقا تۇتقان مۇئامىلىسى، ھايات ئادالەتسىز، بىراق ئۇ بۇنداق ھاياتقا چاقچاق قىلاتتى؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ غايىۋى دۆلىتى بەربات بولغاندا ئۇ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىددىي ھالەتكە ئۆتتى، مانا بۇ ھال قارا يۇمۇر ئىدى. يۇمۇر چېكىدىن ئاشقاندا، كىشىنى

كۈلدۈرمەي ئەكسىچە ئويغا سالىدىغان ھېكمەتلىك پاسقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

سۈپۈرگىدە شەرق دانىشمەنلىرىنىڭ سىماسى ئىپادىلەنگەن. شەرق دانىشمەنلىرى خەلق ئارىسىدىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ئوردىلار پەقەت مىزاندىن ئاداشقىنىنى چۈشەنگەندىلا ئۇلارغا قاراپ پال ئاچىدۇ. شەرق تارىخى دانىشمەنلەرنىڭ گېپىنى كېچىكىپ چۈشىنىشكە ئادەتلەنگەن. قاراڭ، يانتاق ئاقساقال سۈپۈرگىنىڭ مەسلىھەتىنى كېچىكىپ چۈشەندىغۇ!

سۈپۈرگە ھېلىمۇ ئاشۇنداق ھالەتتە ئارىمىزدا مەۋجۇت. تارىخ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، بەلكى ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان رېئال روھ؛ بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندى بۇ روھنى دەلىل ياكى ئىسپات دەپ قارىمىغان، بەلكى جاھان ئۆزگىرىشلىرىگە كېپىل بولغۇچى ھەرىكەت دەپ قارىغان.

بىز «قۇم باسقان شەھەر» رومانىدىكى تارىخ تۇيغۇسىنى قانداق چۈشەنسەك بولار؟

ئىتالىيە پەيلاسوپى كىروچى تارىخ بىلەن يىلنامىنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ: «ئالدىمىزدىكى ئىشلار تارىختۇر، كەينىمىزدىكى ئىشلار يىلنامىدۇر» دەپ قارايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭچە ئاۋۋال تارىخ، ئاندىن يىلنامە مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ئېيتىۋاتقان تارىخ دەل كەلگۈسىنى ئىجاد قىلىۋاتقان ئىدىيە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئالايلى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر رېئال تارىخىي شەخس، ئەمما بۈگۈننىڭ ئۆزىدە كېرەك بولىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روھى بولمىسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روھىدىكىلەرنىڭ تارىخى ئۆلگەن بولىدۇ. بۇلارنى «قۇم باسقان شەھەر» گە تەدبىقلىغاندا، سۈپۈرگە، يانتاق ئاقساقال، ئۈچ ئاكا - ئۇكا، قۇياش شەھىرى - بىغەملەر شەھىرى، چۆل يىگىت قاتارلىقلار تىرىك نامايەندىلەر سۈپىتىدە كۆزىمىزگە تاشلىنىدىغان كونكرېت شەخسلەر ياكى جايلارغا ئايلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئاپتورنىڭ تارىخ چۈشەنچىسىنىڭ سىمۋوللاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. بىراق مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندى كۆتۈرۈپ چىققان تارىخ پاكىتلار تىزىملىكى بىلەن قاتماللاشتۇرۇلغان مۇردا تارىخ بولماستىن، ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇرىدا جانلاندۇرۇلغان، قىسمەت، ئىبرەت، ھېكمەت، ئىستەكلەر كۆكرەك قازىنىدا تاۋلاش جەريانىدا ئىجاد قىلىنغان، زامان چەكلىرى شېئىرىي كەڭلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان چۆچەكلەر ئارقىلىق يوقىتىلغان، ئاپتورنىڭ زارىقىشلىرى مۇپەسسەل تارىخ چايقىلىشلىرى سۈپىتىگە كىرگۈزۈلگەن تارىخ ئىدى. شۇڭلاشقا، ئەسەردىن ئۆتمۈش دەۋرىمىزنىڭ تارىخىي سۈرەتلىرىنى ئىزدىسەك، بۇ ئورۇنسىزلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن يازغۇچىنىڭ بۈگۈنكى مىللىي تارىخ كىرىزىسىدىن شۈركۈنۈپ تۇرۇپ قوبۇل قىلغان ئىدىيە چىنلىقىنى ئىزدىسەك مۇۋاپىق بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئاپتور تارىخنى نېمە ئۈچۈن چۆچەكلەشتۈرىدۇ، بۇ قانداق زۆرۈرىيەتتىن كېلىپ چىققان؟ چۈنكى مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندى يىلنامە تارىخچىسى ئەمەس، ئۇ بىر يازغۇچى، شۇنداق ئىكەن، ئۇنى تارىخنى يازدى دېگەندە ئۇنىڭ يازغانلىرى ئومۇمىي ساۋات خاراكتېرىدىكى تارىخ ئەمەس، بەلكى بۈگۈنگە دارىتمىلانغان تارىخ ئەپسانىسى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈشمۇ بۈگۈنگە مەنسۇپتۇر. ئۇ ھامان چەكسىز ھازىرقى زامان ھالىتىدە ياشايدۇ ۋە پىكىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ يازغانلىرى مەڭگۈلۈك ۋەقە بولۇپ، جەمئىيەت ھاياتىدا كېيىن كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەرمۇ ئاشۇ ئەپسانىۋى ۋەقەنىڭ ئېستىلىستىك ۋارىيانتى بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

رومانىنىڭ 2 - قىسمى بىر خىل يىمىرىلىش ۋە ياتلىشىش قىسمىسىدۇر، 3 - قىسمى بولسا، يىلتىزغا قايتىش مارشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا سۈپۈرگىنىڭ روھىي سىماسى قايتىپ كېلىپ، بىزنى خاتىرجەم قىلىدۇ. بۇلغانمىغان - پاك ئەجداد بىلەن ئەۋلادلار تارىخنى يېڭىدىن باشلاشقا كىرىشىدۇ. ئاپتور شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك تۈپەيلى ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئارزۇسىنى تەرك ئەتكەن ۋە قېرىنداشلىق رىشتىدىن ۋاز كەچكەن ئاكا - ئۇكىلارنىڭ گادايلىق تەقدىرىنى بىزگە تاپشۇرۇش ئارقىلىق، يېڭى تارىخ ئۈچۈن جىددىي كېرەك بولىدىغان ئىماننى غۇۋا ئېيتىپ بېرىدۇ.

### 3

سىمۋول ئەدەبىياتنىڭ مەجازى ۋاستىلىرىنى بېيىتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە فورمىلاغا ئايلىنىپ قالدى. سەنئەتتە ھەمىشە سىمۋول كېرەك بولىۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭدا مەلۇم بىر شەيئىي باشقا نەرسىلەرگە ۋەكىللىك قىلماستىن، ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. نەرسىلەرنى ئۆز - ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇشمۇ كاتتا سەنئەت. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە ئوقۇرمەنلىرى ئەسەرگە سىمۋوللۇق تۈس بېرىشكە بەكلا ئامراق. بىزدە شېئىرىيىتىمىزنى كاردىن چىقىرىۋاتقان نۇقتىلىق ئامىللارنىڭ بىرى سىمۋول كىرىزىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

مەن مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ بۇ رومانىنى سىمۋول خاراكتېرلىك تەپەككۇر ئەندىزىسىدە يېزىلغان دەپ قارىدىم. چۈنكى ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئىندىۋىدۇئال ئادەمنىڭ قانات يېيىشى بولماستىن، كوللېكتىپ ئادەمنىڭ ئوبيېكتلاشتۇرۇلۇشىدىن

ئىبارەت بولغان. بىز ئۇلاردىن شەخسىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى ناھايىتى ئاز ئۇچرىتىمىز، بۇ، رومانىنىڭ مەسەللىك خۇسۇسىيەتكە قاراپ يۈزلىنىشىدىكى بىر سەۋەب. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، پېرسوناژلار يەككە قاتلاملىق خاراكتېرگە ئىگە قىلىنىپ، ئۇلاردىكى زىددىيەت ئۆزىنىڭ خاراكتېرىدىكى بىر قانچە قارىمۇ قارشى ئامىللار ئوتتۇرىسىدا كۆرسىتىلمەستىن، ئەكسىچە قارىمۇ قارشى پېرسوناژلار ئارا كۆرسىتىلىدۇ. ئادەتتە مەسەللەردە ئاشكارىلانغان خاراكتېر يەككە قاتلاملىق بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر مەسەلدە يولۋاس تەسۋىرلەنگەن دېسەك، ئۇ بىرلا خاراكتېر ياكى پەزىلەتكە ۋەكىللىك قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر قانچە زىددىيەتلىك خاراكتېر ئامىللىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. روماندا ئۆمەر بىلەن بارات باشتىن ئاخىر ۋاپاسىزلىق، ئاچكۆزلۈكنىڭ مىسالى بولۇپ كۆزگە چېلىقىدۇ. سەپەر ساددىلىق، ساپلىق ۋە ھالاللىقنىڭ مىسالى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. روشەنكى، روماندىكى كۆپلىگەن پېرسوناژلار ئاپتورنىڭ ئەخلاقىي سىما جەھەتتىكى تەقسىماتىنى بۆلۈشۈپ ئېلىپ سەھنىگە چىقىدۇ. بۇلار تامامەن مەسەلچە ئالاھىدىلىك؛ ئەلۋەتتە، مەسەل سىمۋوللاش يولى بىلەن ھاياتىي كۈچ تاپىدۇ.

كىشىلەر ئارىسىدىكى توتېم ۋە چوقۇنۇش شەكىللىرىدىن قارىغاندا، سىمۋول تۇرمۇشتىكى ئومۇمىي مەسىلە. بۇرۇن ئۆتكەن داھىيلار، قەھرىمانلار، ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر كېيىنكىلەر تەرىپىدىن تارىخىي سىمۋولغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. بەلكىم ناپالېئون: «تارىخ كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن كەلتۈرۈپ چىقارغان تەمسىلدۇر، خالاس» دېگەن ئىبارىنى مۇشۇ مەنىدە ئېيتقان بولسا كېرەك.

شەيئىيلەرنى تەمسىللەش شېئىردىن بىشارەتتۇر. بىز ئۇنىڭدىن ھەم شەيئىيگە ئائىت، ھەم شائىرنىڭ روھىغا ئائىت ئىككى چىنلىققا ئېرىشىمىز. شۇڭا، ھاياتىي كۈچ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شېئىر پاكىتتىن بەكرەك چىن بولىدۇ. مەتتىمىن ھوشۇر ئەپەندى تارىخىي دەلىلدىن بەكرەك چىن بولغان شېئىرىي دۇنيانى يايغانكى، ھەقىقىي تارىخنىڭ قۇياشى ئۇنىڭ ئۇپۇقىدىن كۆتۈرۈلىدۇ.

مەن «قۇم باسقان شەھەر» نى يۇقىرىقى بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەسەلچە پروزا دەپ ئاتاشنى لايىق تاپتىم. مۇشۇ ئەسىردە فرانسىيىدە يېڭى مەسەلچىلىك پروزا ئېقىمى بارلىققا كېلىپ يوكىنار، مېشىل. تورنېر قاتارلىق يازغۇچىلار بۇرۇنقى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە قىسسە - ئېپوسلاردىن پايدىلىنىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈلگىسىنى كۆرسەتكەنىدى. «ھازىرقى دۇنيادا مەۋجۇت بولۇۋاتقان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۆتمۈشتىمۇ مەۋجۇت ئىدى» - دەيدۇ يوكىنار - «ھازىرقى زاماننىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇن كىرىزىسلەرنىڭ نېگىزى يەنىلا ئالدىنقى بىر قانچە ئەسىردىن كېلىپ چىققان».

مەن بۇ قېتىم ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ خاس مىللىي تىپىنىڭ بىخىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئەلۋەتتە، بۇنداق تىپنىڭ بىراقلا ۋايىغا يېتىشىنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەسەردىكى خاراكتېرلەر، تەبىئىي ۋە تەدىنىي مۇھىتلار، سيۇژېت راۋاجىنىڭ ئۇلىنىشى، پېرسوناژلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ئۇيغۇرلارغا خاس مەدەنىي مۇھىت ۋە پىكىر شەكلىنىڭ كارتىنىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇسلۇب جەھەتتىن مۇستەقىل ئۇيغۇر رومانى بولۇش شەرتىنى ھازىرلىغان.

يازغۇچىمىزنىڭ ئىزدىنىش ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقى بىزگە مەلۇم. ئۇ بىر قاتار پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىنى ئەسەردە يارىتىلغان مەنىۋى مۇھىت دولقۇنلىرىغا چېچىۋەتكەچكە، كىشىگە تەبىئىي ئۆزلىشىدۇ. ئەسەرگە سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، بەدىئىي قايناقلىقتىن كۆرە تارىخىي تەسىراتتىن كەلگەن مۇئەييەن ئۇقۇمنىڭ ئاپتور ئېڭىغا بەكرەك قوماندانلىق قىلغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەپسانىۋى تەپەككۇرى ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى بوشلۇق بىلەن قانائەتلەنگەن، تارىخ ئېڭىمۇ يالاڭ تەركىبلىك پىكىرگە ئايلىنىپ قالغان. مەدەنىيەت، دىن، جەمئىيەت ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت كۆپ تەركىبلىك ئويلىنىش ئەمەلگە ئاشمىغان. مېنىڭچە، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەتتىن دېرەك بېرىدىغان فولكلور زاپىسىمىز سەنئەتكارنىڭ ئويلىنىشى ئۈچۈن ھەر قانداق ئىمكانىيەتنى بېرىدۇ. بىز ياشاۋاتقان بۇ تۇپراقتا يەرلىك مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىن باشقا ھىندى - ياۋروپا مەدەنىيىتى، ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسى بار، ئېتىقاد ۋە تەپەككۇر شەكلىمىز مۇ بىر قانچە خىل دىنىنىڭ مۇپەسسەل تەسىرىگە ئىگە. ھەر بىر دىن بىر خىل تەپەككۇر نۇسخىسى سۈپىتىدە تەپەككۇرىمىزنى تۈز يۆنىلىشلىك، يانتۇ يۆنىلىشلىك، شاخسىمان يۆنىلىشلىك زامان بىلەن تەمىنلەيدۇ.

سەنئەتكارلار جەۋھىرىنى ئىزدەپ چەكسىز يېشىنىدىغان كىشىلەردۇر. نەتىجە ئۇلار ئۈچۈن قاسراققا ئوخشايدۇ، كامالەت ئىزدەۋاتقان يازغۇچىنىڭ ئاشۇ قاسراقنىڭ جۇلاسىغا ئۇزاق تىكىلىپ قاراشقا ۋاقتى يەتمەيدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى

(M1)



# ئۆيلىنىش ۋە ئىزدىنىش

## ئىنسان ھەققىدە قايتا ئويلىنىش

ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى

مەۋجۇت گەۋدىمىزنى تەشكىل قىلغۇچى بىر ھۈجەيرە، ياق! ئەڭ، ئەڭ كىچىك بىرلىك بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، ئەقەللىيسى زامان ئېتىبارى بىلەن «ئىنسان» لىق دەۋاسى قىلىۋاتقان بىر جانلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىنسان ھەققىدە قايتا ئويلىنىش بارىسىدە، «بىزدىكى مەۋجۇت ئىنسان چۈشەنچىسى». «ئىنسان ۋە رېئاللىق»، «ئىنسان ۋە مەدەنىيەت» دېگەن تېمىلاردا ھېس قىلغانلىرىمنى قىسقا مۇلاھىزە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويغۇم كەلدى.

### 1. بىزدىكى مەۋجۇت ئىنسان چۈشەنچىسى

بىزدىكى مەۋجۇت ئىنسان چۈشەنچىسى — زامانىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ تونۇشىدىكى ئىنسان ھەققىدە يۈرگۈزۈلگەن مۇھاكىمە بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقە جەريانىدىكى ئىپادىسىگە قارىتىلىدۇ.

بىزدىكى ئىنسان چۈشەنچىسى ئەجدادلىرىمىزدىكى ئىنسان چۈشەنچىسىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ.

بىزدىكى ئىنسان چۈشەنچىسى مەلۇم مەنىدىن ئەجدادلىرىمىزدىكى ئىنسان چۈشەنچىسىنىڭ سارقىندىسى، داۋامى بولسىمۇ، تەرەققىيات ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى تۈپەيلىدىن بۈگۈنكى دۇنيادا خىرىسقادۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇ خىرىس كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، قەدىمدە «يايلاق - قىر ئىمپېرىيىلىرى» نى قۇرغان، دېڭىز يوللىرى ئېچىلىشتىن ئاۋۋالقى دۇنيانىڭ سەركىلىرى سۈپىتىدە ئۆزىنى تونۇتقان بىر مەدەنىي مىللەتنى ئاستا - ئاستا يۇتۇپ كېتىش، ياق! مەدەنىي دۇنيانىڭ تاشقى قورغىنىدا قامال ھالەتتە تۇرۇش خەۋپىگە دۇچار قىلىۋاتىدۇ.

بىزنىڭ نەزەرىمىزدىكى ئىنسان چۈشەنچىسى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، بۈگۈنكى ئېنگىلىزلارمۇ ئادەم، بىزمۇ، ئىندىئانلارمۇ ئادەم! قىزىق يېرى، «ئوخشاش» لا ئادەم.

بىزنىڭ نەزەرىمىزدىكى ئىنسان تەربىيە بىلەن سىغىشالمايدۇ، شۇڭا ئوچۇقتىن - ئوچۇق: «قىز بالا دېگەن تالانىڭ ئادىمى، ئوقۇتۇپ كادىر قىلساقمۇ، ئېرىگە ئىشلەپ ئۆلۈپ تۈگەيدۇ» دەپ قىزلىرىمىزنىڭ بەختىگە ئولتۇرىمىز. بىزنىڭ تونۇشىمىزچە، «ئەرنىڭ ئايالنى بېقىشى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەت!». شۇل سەۋەبتىن مىللەت ئائىلىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. بىچارە مەزلۇملار تالالىق بولغاندىن تارتىپ تاكى جان تەسلىم قىلغانغا قەدەر بىر نان ۋە بىر قۇر كىيىمنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىدۇ...

ئەۋلادلىرى قىز بولسا، قورچاق ئېتىپ بېرىدۇ، ئوغۇل بولسا، ئېشەككە مىندۈرۈپ كۆيىنىتىدۇ، ئۇلار تاكى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرمىگىچە يەپ - ئىچىپ، توپىدا ئېغىناپ ھايۋاندەك كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بىزدە، باللارنى كۆپ ئوقۇتۇۋەتسە بېشى ئېلىشىپ قالىدۇ، ھۆكۈمەتكە پۇت ئاتىدۇ، دەيدىغان ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس! ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىلسا تۈگىمەيدىغان ئىپتىدائىي دېھقانچىلىققا ئوغۇللىرىنى شېرىك قىلىۋالغىلى مەكتەپلەردىن باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئالار - ئالمايلا چىقىرىۋالىدۇ. بۇنداق باللارنىڭ «كاپىر» بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ كونا موللامدا ئوقۇتىدۇ. ئىشقا كېرەك كەلگىچە «قارىي قۇرئان» بولالايدىغانلىرى كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ، بۇنىڭغىمۇ يارىمىغانلىرى ئىشقا تۇتۇق بەرمەي يانچۇقچى، ئوغرى، ھاراقكەش بولۇپ كېتىدۇ...

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سۈپەتسىز، ئەقلى كۈتە، قابىلىيەتسىز ئادەملەر كۆپ بولغاچقا، ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى ھۆرمەتلەنمەيدۇ. شۇڭا، بەزى ئىمانى ئاختا، ئاق - قارىنى پەرق قىلالمايدىغان «ماقۇلجان» لار ھوقۇق تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خام ماللارنى يىغىۋالغۇچى سودىگەر، ھايۋانىي جىنسىي تەلپىنىڭ شېرىن مېۋىسىنى كۆرگۈچى ئاتا - ئانا ھېساپلىنىۋېرىدۇ. پەرزەنت كۆرۈش بىر ئۇلۇغ ئىستەك تۈپەيلى بولماستىن، قېرىغان چاغلىرىدا تېپىنى ئارتىدىغان بىر سادىق قۇل تەربىيىلەش ئۈچۈن بولىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلاردا بىلىم ئېلىش خار ئىش بولغاچقا، لاپبازلىق، ھورۇنلۇق، قويمىچىلىق، ساتقىنلىق - مۇناپىقلىق، بىر - بىرىنى چاپۇتلاش، غەيۋەت، پىتنە - پاسات، تۆھمەت بازار تاپىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلاردا سانائەت ئېڭى شەكىللەنمىگەچكە، بىر تال يىڭنە چاغلىق مەھسۇلاتلارمۇ سىرتتىن كىرگۈزۈلىدۇ، ئۆزلىرى يىل بويى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، كانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇر ئېڭىدىكى ئىنسان - ئىقتىدارنى كەمسىتىدۇ، شۇنداقلا ئىقتىدار تەرىپىدىن مۇنەقەرز بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئېڭىدىكى ئىنسان - ئادەملەرنىڭ تەبىئىي - بىئولوگىيىلىك كۆپىيىشىنى كۆرسىتىدۇ.

1993 - يىل، ئۈرۈمچى، دۆڭكۆرۈك

## 2. ئىنسان ۋە رېئاللىق

مەلۇمكى، ئىنسان ماددا بىلەن روھنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسىدىن تەركىبلەنگەن ئاڭلىق ھايۋان بولۇپ، ھەر قانچە دۆت بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا ھەمىشە دېگۈدەك مۇھەببەت - نەپرەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلەش ئۆز نۆۋىتىدە بارلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاساسى، ئۇ، ئىنساننى كونترول قىلىش ئىقتىدارى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. دىنىي تۇس بويىچە (يەنى ئىسلام پەلسەپىسى بويىچە) ياراتقۇچى ئالەمدىكى بارلىقنى ئىنساننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى. دېمەك، ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىقتا ئىنساننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بار!

ئىنسان ئۆزىنى مەدەنىي ھاياتنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ كۆزەتكەندە، رېئاللىقنى قوبۇل قىلغۇچى.

ئىنسان ئۆزىنى مەدەنىي دۇنيانىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كۆزەتكەندە رېئاللىقنى تالان - تاراج قىلغۇچى! ۋەھالەنكى، رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماسلىق ئىنسانغا بالايى - ئاپەت ئېلىپ كەلدى.

ئىنسان پۈتكۈل ھاياتىدا رېئاللىققا يۈزلىنىدۇ، رېئاللىق بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدۇ، رېئاللىقنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ، رېئاللىققا تەسىر كۆرسىتىدۇ، كەمتۈك تەرەپلىرىنى رېئاللىق بىلەن تولۇقلايدۇ... رېئاللىقتىن چەتنەش ھەمىشە ئىنسانغا يامان ئاقىۋەتلەرنى - دۇنكىخوتچە مەغلۇبىيەتنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئىنسانىي ئاڭ رېئاللىقنى ئۆز نۆۋىتىدە تەبىئىي رېئاللىق، ئىجتىمائىي رېئاللىق دەپ ئاجراتتى. جۈملىدىن تەبىئىي رېئاللىق تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت تەرىپىدىن قىلىنغان كونتروللۇقنى ئېتىراپ قىلسا، ئىجتىمائىي رېئاللىق ئىنسانلار ئارا مۇناسىۋەتتىكى دىن، قانۇن، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت تۈپەيلى روشەن ئېستېتىك كەيپىيات پەيدا قىلدى.

ئىنسانىيەت تارىخى تەكرار - تەكرار ئىسپاتلىدىكى، ئىجتىمائىي رېئاللىقى گۈزەل ۋە قانۇنىيەتلىك بولغان خەلقلەر تەبىئىي رېئاللىقتىن پايدىلىنىش، تەبىئىي رېئاللىقنى

ئۆزگەرتىش، تەبىئىي رېئاللىقنى ئاسراپ قېلىش، تەبىئىي رېئاللىققا سىڭىپ كېتىش مەقسىتىگە يېتەلىدۇ. ئەكسىچە بولغانلىرى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قارايدىغان بولساق، ئوغۇزخان دەۋرىدە شامان ئېتىقادى مىللەت ئېڭىنى كونترول قىلغان، ئەلدە ئورتاق ئەقىدە، كۈچلۈك دىنىي قانۇن، گۈزەل، جەزبىدار ئەخلاق، ئىنچىك ئۆرپ - ئادەت كۈچى بولغاچقا، جەمئىيەت رېتىمى ناھايىتى جۇشقۇن ئىدى. شۇڭا، دۆلەت ئاتىمىز ئوغۇزخان «چېدىر» نى قەيەرگە ئېلىپ بارسا، شۇ يەر تەۋەلىكىمىز بولاتتى، بىز ئۇ دەۋرلەردە بېشى بارلارنى باش ئەگدۈرەلەيتتۇق، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرالايتتۇق. قىسقىسى، خەلقىمىز پايانسىز ھاياتلىق ماكانىغا ئېرىشكەنىدى. بىزدىن تاشقىرى، ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى، پېتىر ئىسلاھاتى روسىيەنى، گەندى روھى ھىندىلارنى قۇتقۇزدى ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قارا خانىيلار ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندىن ئېتىبارەن قانۇن، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەتنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ باردى. ئىسلام ئەخلاقى بىلەن مۇستەملىكە ئورنىدا قوبۇل قىلىنغان قانۇن ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋاملاشتى. ئۇيغۇرلار موڭغۇللارغا ئىسلام تەسىرىنى يۇقتۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ مائارىپ - تەربىيە ئىشلىرى بىر ئىزدا دېگۈدەك توختاپ قالدى، ھەتتا چېكىندى. ئەدەپ كەتكەن تەسەۋۋۇپ باش كۆتۈرۈپ، نەچچە ئەسىر ئۆتمەيلا تەركىدۇنيا- چىلىق خاھىشى يامراپ كەتتى. نەتىجە - ئاقىۋەتتە خوجىلار بۇرنىمىزغا چۇلۇق ئۆتكۈزۈۋالدى. مىللىي روھ ئۆلدى! قانۇننىڭ ئورنىنى ساختا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىگىلىدى. ئىچكى نىزا، مەدەنىيەت قۇرغاقچىلىقى بىزنى گاڭگىرىتىپ قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەقلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدۇق. بۆرىنىڭ ھۆۋلىشى بارا - بارا بىزدە يات بىر سېزىم پەيدا قىلىدىغان بولۇپ قالدى. «كۆچ - كۆچ قوشىقى» دا: «ئاق خان بىلەن قارا خان ئىتتىپاق ئىكەن باشتا... » دېگەندەك، ئەمدىلا ئورنىمىزدىن تۇرايلى دەپ تۇرۇشىمىزغا ئاق ئېيىق كېلىپ ۋەتۆەرىكىمىزنى چىقىرىۋەتتى... ئەپسانە دەۋرى چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي رېئاللىق چۈۋۈلچاق ھالەتتە تۇرىۋەردى. بۈگۈنكى كۈندە خۇددى ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «ئۇلارنىڭ ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمانمەن دېگەنلىرى يالغان، مەن ماركسىزم- چى، كوممۇنىستمەن دېگەنلىرىمۇ كاززاپلىق» بولۇپ قالدى. بىزدە بىر تەرەپتىن، ئىللەتلەرنى سۆكۈش، يەنە بىر تەرەپتىن، ئالەمچە قىتىغۇرلۇق بىلەن ئۆزىمىزنى ماختاش ئەۋج ئالدى. يارىنى تاتىلىغاندىلا، ئاغرىغان يەرگە تۇز سەپكەندىلا، مېنىڭچە، مۆلۈك ئادەملەرنى سەگەكلەشتۈرگىلى بولىدۇ. تەبىئىي رېئاللىقنىڭ تولۇقى بىلەن قولغا كېلىشى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىيىتىدە بىر كۈچلۈك ھەم تەخىرسىز بۇرۇلۇش شەكىللەندۈرەلىگەندىلا ئىشقا ئاشىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، پاكىت - پىلنى ئۇسارتىدۇ.

1994 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

### 3. ئىنسان ۋە مەدەنىيەت

ئىنسان مەدەنىيەتنىڭ ئىجادچىسى شۇنداقلا قاراۋۇلى. يىرىك مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە سانائەت بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئاستا - ئاستا قول ئەمگىكى ئىستېمالدىن قالدى. پۈتكۈل جەمئىيەت زاۋۇت، كان - كارخانا، شەھەرلەرگە مەركەزلەشتى. پايدا نىسبىتى ئۆسكەنسېرى ئاڭ ساھەسىدىمۇ گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. جۈملىدىن ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىدىكى ئەقلىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ خورىماس ئېنېرگىيىسى دېموكراتىك فرانسىيىدە ئىنسان ھوقۇقلىرى نىسبەتەن قوغدالغان بىر قەدەر مۇكەممەل قانۇننى بارلىققا كەلتۈردى. نەتىجىدە پۈتكۈل ياۋرو - ئامېرىكا يېڭى بىر ئىراغا كىردى. مەزكۇر قىتئەلەردىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەردە يولغا قويۇلغان پىكىر ئەركىنلىكى سىياسىتى ئىنسانلارنىڭ مائارىپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، دىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، سەنئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى تەكرار يېڭىلىدى، ھەم كېڭەيتتى، ھەم چوڭقۇرلاشتۇردى.

تەرەققىيات مەدەنىيەتكە يېڭى مەزمۇن قوشتى. دېموكراتىك ئەللەردە قەدىمىي پارلاق مەدەنىيەتنى قېزىش، كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراش، كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ ئېنېرگىيىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىش، بېيىتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

غەربتە، خرىستىيان دىنى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن شارائىتتا خۇدا، ئېيسا (قۇتقۇزغۇچى

خۇدا)، مارىيە (ئېيسانىڭ ئاپىسى) تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مۆمىن خىرىستىيان نەمۇنىسىگە ئايلىنىش ئەسەبىيلىكى ئۇلاردا بىر خىل ئىپادىلىگۈسىز سەممىيەتنى شەكىللەندۈردى. پاپا، باش ئېپىسكوپ، ئېپىسكوپلار جەمئىيەتنى ئۇنۇملۇك كونترول قىلدى. مارتىن لۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى تۈپەيلى دىن بىر خىل بايلىق سۈپىتىدە قەدىرلەندى، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە مەنىۋى تۈۋرۈك بولۇپ قالدى. شەرقتە ئاساسەن ئىسلام ۋە بۇددا دىنلىرى ھۆكۈم سۈردى. بۇ دىنلار سۈرلۈكلىكى بىلەن بىزنى روھىي جەھەتتىن رايىشلىقتا ئېرىشتۈردى. بولۇپمۇ بۇددا ئەقىدىسىنىڭ يىلتىزى بولغان ئازاب چۈشەنچىسى، پاكلىنىش يولى بىلەن نىرۋاناغا يېتىش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئىسلامدىكى تەخىرسىز بويسۇنۇش، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلمىنى مۇتالىئە قىلىش، يۇرتنى قازى سوراش، قەدەمدە ئىماننى بۇلغاش بەدىلىگە نەپسانىيەت ئۇرىكىنى تولدۇرۇشقا ئۇرۇنۇش شەپقەتسىزلىكى بىر تۇرغۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يىراق شەرقتە بولسا تەرىقەت دىنى، كۇڭزىچىلىق، بۇددىزم، خىرىستىيان ئەقىدىسى گىرەلەشمە ھالدا مەۋجۇت بولدى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ قەلبىگە ھوقۇقدارغا چوقۇنۇش مۆھۈرىنى باستى، ئىمتىياز يولىدا نومۇسنى قۇربان قىلىش، جىنىنى پىدا قىلىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. قانۇن ئېڭى سۇسلاپ فېئوداللىق ئەدەب - قائىدىلەر، ھەركىم ئۆز ئالدىغا قوللانغان كېنەزلەرچە تۈزۈم تا سۇن جۇڭشەن ئەپەندى قانۇنچىلار ھەرىكىتىنى قوزغىغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئومۇمىي مىللەت مەنپەئىتىگە قايغۇرۇش يوق دېيەرلىك بولغاچقا، مانجۇلارنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇشتەك ھاقارەتلىك تارىخ ئۇزۇنغا سوزۇلدى. تەبىئىي پەن تەرەققىياتى بىر ئىزدا توختاپ قالدى. سۇن جۇڭشەن دەۋرىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ سوۋغىسى سۈپىتىدە تۆمۈر يول، تاشيوللار ياسالدى، كىچىك تىپتىكى پاراخوتلار بارلىققا كەلدى، قورال - ياراق زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى، يېڭىچە ئەدەبىي تىل بىخلاندى، شۇ ئاساستا دەسلەپكى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. خۇشى، لۇشۈن، گومورو، چۇ چيۇبەي قاتارلىق بايراقلار لەپىلدىدى. . . لېكىن بىزدە بۇ مەزگىلدە خورەك پەسەيمىدى، تىرىكلىكنىڭ نىشانى قالمىدى. مىللەت ۋۇجۇدىدا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بېسىمى ئەكس ئەتتى. مىنگو دەۋرىدىن تاكى ئازادلىققا قەدەر ياغاچچى تۆمۈر خەلپە، ساۋاتسىز خوجىنىياز، ئەھمەد ئەپەندى قاتارلىقلار مىللىي ئىنقىلابنىڭ سىمۋوللۇق داھىيلىرى بولدى. ئەمەلىيەتتە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ جاھىل قوغدىغۇچىلىرى بولمىش ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەر يىرىك زېمىندارلاردىن ئىدى. ئۇلار ئىشنىڭ ئېپىنى بىلەتتى. بۇ، قانداقتۇر خەلق قوزغىلىڭى، ئىنقىلاب بولۇشىدىن كۆرە، ئەقىل - قابىلىيەت ئۇرۇشى ئىدى، شۇڭا رەقىبلەر غەلىبە قىلدى. پەقەت ئەھمەد ئەپەندىدەك ماركسىزملىق پەلسەپىگە پىششىق، بەلگىلىك سىياسىي ئاڭغا ئىگە يولباشچىلا ئىككى - ئۈچ يىل ئىنقىلاب قىلىپ، خوجىنىيازنىڭ يۈرۈشلىرىدىنمۇ زور ھەم ئىشەنچلىك غەلىبىگە مۇيەسسەر بولدى، خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغ تەلىپى ئاپتونومىيە يولى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ئەمما زامانىۋى تەربىيە ئېڭى سىڭمىگەن بىر مىللەتتە تۆمۈر خەلپە، خوجىنىيازلارنىڭ بولۇشى، ئەلۋەتتە تارىخنىڭ قەھرىمان يارىتىشى ئىدى، ئۇلار شۇ دەۋردە بولمىسا بولمايتتى. پەقەت ئۇلار ئۆزلىرىنى چۈشىنىش مۇمكىنچىلىكىدىن يىراق ئىدى.

بىتەھقىق سىياسىي ئازادلىق ئىستېمالدىكى مەدەنىيەت ھۆرلۈكىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

ئىنسان مەدەنىيەتنى ئاپىرىدە قىلىش ئىزچىللىقىنى يوقاتمايدۇ، مەدەنىيەتمۇ ئىنساننى تاكامۇللاشتۇرغاندىن سىرت، سۈپەت لاياقىتىگە، ئۇستۇن ئاڭغا، دەۋرنىڭ مۇقامىغا ماسلىشالمىغانلىقى تۈپەيلى چەتكە قاقىدۇ.

ھەر قانداق دەۋردە مەدەنىيەت بوشلۇقى ساقلىنىدۇ. مېھىر - مۇھەببەت ئىشەنچ - ۋاپا تۇغۇمىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئىنسانلار ئارا چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭرىلىككە ئېرىشىدۇ. ھەر قانداق ئىزىم ئۆز دەۋرىنىڭ بەلگىلىك تەلىپىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىجتىمائىي توپ ئورتاق خاتىرجەملىك يولى ئىزدەيدۇ. تۇراقلىق ماكان - بەلگىلەنگەن ياشاش چېگرىسى بولۇپ، پاسسىپ مىللەتلەرلا قوشنىلىرى بەلگىلەپ بەرگەن دائىرە ئىچىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. سۇبيېكتىپ چېگرا ھەر بىر ئىنسان تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەدەنىي ئاڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىنسانلار، مىللەتلەر سۇبيېكتىپ چېگرىسىنى كەڭرى ئېچىۋېتىدۇ. شۇڭىمىكىن، ئوغۇزخان «چېدىر» نى چەكلىمىسىز يۆتكىيەلەيدۇ، ھېتلېر ئاۋستىرىيە گىرازدانى تۇرۇپ، گېرمانىيىنىڭ ئىمپېراتورى بولالايدۇ، يەھۇدىيلار قەدىمىي يەتتە يەردە ئىگىلىك تىكلىيەلەيدۇ ۋە باشقىلار. بولۇپمۇ بۈگۈنكى ئېنگلىزلار سۇبيېكتىپ چېگرىسىنى ئەڭ

كەڭ ئىچىۋاتقان خەلق. شۇڭا، ئۇلار بەش قىتئەگە كېڭەيگەن ئىمپېرىيىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. مۇستەملىكە مىللەتلىرىنى مەدەنىيەت دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا غايەت زور بەدەل تۆلىگەن گېرمانلار بىلەن ياپونلار دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئەقلىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنى قايتا قۇرۇپ چىقتى. ئىلغار پەن - تېخنىكا ئۈستۈنلۈكى مىللەتنىڭ غورۇرىنى ئۆستۈردى. پارلاق مەنزىرە بىزدە پارتىيىمىزنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىرى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ پارتلاش خاراكتېرلىك قابىلىيەت يېتىشتۈرۈش، ئىقتىدارنى قەدىرلەش، تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەزگىلىدە بارلىققا كەلدى، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ئاشتى. بۇنىڭ شاراپىتىدىن ئۇيغۇرلاردىمۇ يىرىك تەبىئىي، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى بارلىققا كەلدى.

مەدەنىيەت خاسىيەتلىك قەلەم بولۇپ، ئىنساننى چۆچۈتىدۇ ھەم كېپىللىكىگە ئالىدۇ. رەڭ قاتلىمى، ئىرقچىلىق، مىللىي كەيپىيات، ئېتىقاد، ئۈستۈن ئىرادە ھاياتلىق پەلسەپىسىنى رېئاللاشتۇرىدۇ. شەپقەتسىز تاللاش مىللەتلەرنى مەدەنىيەت مۇنبىرى ئۈستىدىلا قوبۇل قىلىدۇ.

ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسان مەدەنىيەتنىڭ مىللىيەتلىكى، رايون خاراكتېرى شۇنداقلا ئومۇمىيلىقى ۋە دۇنياۋىيلىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. مىللىي گېن ساپ بولمىغان مىللەتتە ساپ كەيپىيات بولمايدۇ، ھەممە ئادەم دېگۈدەك رەڭ قارىغۇسى بولۇپ قالىدۇ. قارام ھالەت ئۇلارنى تىز پۈكتۈرىدۇ. بويسۇنۇش، باشقۇرۇلۇش، يول سوراش، تىزلىنىش ھاياتنىڭ كۈنتەرتىپىگە قويۇلىدۇ. ئۆزىنى ئەپۇ قىلىش ئۇنداق ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ھۇجەيرىسىنى زەھەرلەيدۇ، ئادەم بولماق ئۇلار ئۈچۈن شۇنچە ئاسانلىشىپ كېتىدۇكى، ھايۋان سىياق ياشاۋېرىدۇ.

ئۆزىنى تىزگىنلەش مەدەنىيەتلىك ئىنساننىڭ بىر خىل پەزىلىتى بولۇپ، قويۇق ئېستېتىك مەناغا ئىگە. بۇ خىل روھتىن مەھرۇم كىشى ئۈچۈن سەزگۇ ئەزالىرى، نورمال ئىقتىدار ئارتۇقچە بولۇپ قالىدۇ. غالچىلىق، نومۇسنى سېتىش، مۇناپىقلىقلاردىن نومۇس قىلمايدۇ. مىللىي روھ، مىللىي ئېتىقاد، مىللىي سەنئەت، مىللىي سېزىم، مىللىي ئازاب تۇيغۇسى ئۆلگەن بولىدۇ.

ئۆزىنى تىزگىنلەشتىن مەھرۇم ئىنسان ھەمىشە ئەجنەبىي مەدەنىيەتنىڭ ئۇسسۇلچىسى بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

1994 - يىل ئۆكتەبر، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە ساي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

# ئەگەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمىز دېسەك...

مەرھابا كېرەم

قولۇمغا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» چۈشۈپ قېلىۋېدى، مەن ئالدى بىلەن «م» ھەرپلىك بۆلۈكنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم. مەقسىتىم، مىللەت توغرىسىدىكى تەبىرنى تېپىش ئىدى. لۇغەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «مىللەت – ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتلار ئارقىسىدا شەكىللەنگەن ئورتاق تىل، ئورتاق زېمىن، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىلەر توپى». دېمەك، «تۆت ئورتاقلىق» نى ھازىرلىغان كىشىلەر توپىلا مىللەت دېگەن ئۇلۇغ نامغا ئېرىشەلەيدىكەن.

تۇرۇپلا ئويلىنىپ قالدىم: بىز ئۇيغۇرلار مىللەت تەبىرىدىكى تۆت شەرتنىڭ ھەممىسىگە چۈشىدىكەنمىز. بىراق بىزدە ھېسسىيات جەھەتتىكى ئورتاقلىق تولىمۇ ئاجىز. بىزدە ئورتاق تىل بولغىنى بىلەن، بۇ تىل بىر - بىرىمىزنى سۆكۈش، كەمسىتىش، پىتنە - پاسات تېرىشىمىز ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلىدۇ؛ بىزدە ئورتاق زېمىن بولغىنى بىلەن، يۇرتۋازلىق بۇ زېمىنغا كۆرۈنمەس چېگرىلارنى سىزىۋەتكەن... ئىشقىلىپ، قاچانلاردىن باشلانغانلىقى ماڭا نامەلۇم، بۇ «تۆت ئورتاقلىق» نىڭ ھەممىسىگە مىللەت تامغىسىغا قارىغاندا يۇرتۋازلىق تامغىسى ھەم چوڭ، ھەم ئېنىق قىلىپ بېسىۋېتىلگەن. ھېلىمۇ ياخشى، مىللەت بولۇشنىڭ شەرتلىرىگە «ئورتاق قەلبكە ئىگە بولۇش» دېگەن شەرتمۇ قوشۇلۇپ قالماپتۇ. بولمىسا، بىز ھەقىقىي مىللەت بولۇش شەرتىگە توشماي قالاتتىكەنمىز. ئۇ چاغدا بىز نېمىدەپ ئاتالغان بولاتتۇقكىن – تاڭ!

مەن بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇشى ئۈچۈن تۆت شەرت ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك دېيىلسە، ئۇنىڭ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى ئورتاق

قەلبكە ئىگە بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمەن، لېكىن بىز ئورتاق قەلبكە ئىگىمۇ؟!

تۆت ئۇيغۇر بىر يەردە ئولتۇرغان سورۇندا يۇرت گېپى بولماي قالمايدۇ. سورۇندىكىلەر ئۆز يۇرتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزگە يۇرتلۇق ئۇيغۇرلارنى سۆكۈشىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنلەر ئۈستىدە سېھرىگەرلىك ئويۇننى كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلار-دەك قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ.

دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنى باشقا ئەللەرگە تارقىتىش ئارقىلىق ئۆزىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆز مىللىتىنى نامايان قىلىدۇ. لېكىن بىزچۇ؟ ئوساللىقىمىزدىن دۇنيانىڭ نەرىگىلا بارساق سېسىقىمىز چىققان. ئېيتايلۇق، ئادەملىرىمىز يەنە شۇ يۇرتۋازلىقىدىن ئاللانىڭ مۇقەددەس زېمىنى دەپ ئاتالغان مەككىدىمۇ «ئاتۇش رابات»، «قەشقەر رابات»، «كۇچا رابات»، «خوتەن رابات» دېگەن راباتلارنى سېلىۋېلىشقان. يۇقىرىدىكى يۇرتلاردىن ھەج تاۋابقا بارغانلار ئۆز يۇرتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان راباتلارغا چۈشىدۇ، لېكىن باشقا يۇرتتىن بارغانلىرى (گەرچە ئۇلار ئاتۇش، قەشقەر، كۇچا، خوتەنلىكلەر بىلەن بىر مىللەت بولسىمۇ) ئۆزلىرىنىڭ راباتلىرى بولمىغاچقا، سىرتتا يېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھېلىقى مىللەتداشلىرى بولسا، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ يات يۇرتتا ئېغىر كۈنگە قالغانلىقىدىن ھوزۇرلىنىشىپ كۈلۈشىدۇ. تۇۋا، ئۇلار تېخى ئىسلامنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، ساۋاب تېپىش ئۈچۈن ھەجگە بارغانمىش!

بىزدىكى يۇرتۋازلىقنىڭ «تەرەققىياتى» شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، «ئىنساننىڭ كىچىك ۋەتىنى» دەپ ئاتالغان ئائىلىلىرىمىزمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس. بىزنىڭ ئۆيىنى ئېلىپ ئېيتسام، دادامنىڭ تېگى تۇرپانلىق، ئاپامنىڭ بولسا قەشقەرلىك. ئۇلار بەزىدە تەگىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆز ئارا يۇرتلىرىنى سۆكۈشىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر مىللەت ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ ئېلىشىپ - تېگىشكەن ئەر - خوتۇنلار ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ.

دۇنيادا مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بۇ دەۋردە بىز كەينىگە چېكىنىپ، مىللەتكە خاس خۇسۇسىيەتلىرىمىزنى يوقىتىپ قويماقتىمىز. مىللەت قەبىلىلەر توپىنىڭ بىرلىشىش تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن بولسا، بىز كەينىمىزگە يېنىپ قەبىلىلەر ھالىتىگە قايتماقتىمىز. تېخى بۇ قەبىلىلەرنىڭ نامى «يۇرت» دەپ ئاتالماقتا، خالاس!

بىر دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئىناق - ئىتتىپاق بولۇشىغا باغلىق بولغىنىدەك، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ۋە ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتۈشىمۇ ئۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ يۇرت ئۇقۇمىدىن قۇتۇلۇپ، ئورتاق مىللىي گەۋدىگە ئايلىنالىشىغا، پىتنە - پاساتلارنى قويۇپ، بىر - بىرىنىڭ ۋە مىللەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان بولۇشىغا باغلىق، دەپ قارايمەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەت، ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ئىگە قەدىمكى مىللەت ئىكەنلىكى پاكىت. بۇنى ئەجدادلىرىمىز يارىتىپ، بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ مىللەت، بۇ مەدەنىيەت، بۇ ئەنئەنىلەر شۇ ئەجدادلارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلسە، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر پاجىئە بولامدۇ؟! ئەگەر بىز ۋىجدان ئىگىسى بولساق، بۇنى چوقۇم ئويلىنىشىمىز، ھەر بىرىمىز مەردانىلىق بىلەن يۈرىكىمىزنى تۇتۇپ بېقىشىمىز، ئەڭ ئالدى بىلەن «ۋەتەن، مىللەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش» تەك ئورتاق پسىخولوگىيىلىك خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىمىزنى ھەقىقىي تونۇشىمىز لازىم.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىللىرى فاكۇلتېتى ئېنگلىز تىلى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. (M1)

بۇ سان مۇقاۋىسى 4 - بېتىنىڭ نەشر سۆزىدىكى «باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتى» دېگەننى «باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتى» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمىز.

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



## ئاممىۋى مەدەنىيەت ئۇچۇرى

# مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

### ــ مەكىت ناھىيىسىنىڭ 10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرگەنلىكى توغرىسىدا

مەكىت ناھىيىسى ئىشلەپچىقىرىشنى يىلمۇ يىل يۈكسەلدۈرۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئاساسىدا مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىدا ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. 1995 ـ يىلى بۇ ناھىيە كادىرلار مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. بۇناھىيە يۇقىرىقى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتتى.

ــ تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەملىكەت بويىچە «10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى» نىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنى ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ، پىلاندا ئورنى بولۇش، خىزمەتتە يولى بولۇش، مالىيىدە مەبلىغى بولۇشنى ئىشقائاشۇردى. مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك رەھبەرلىك كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ناھىيە رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ۋە ھەرقايسى يېزا مەدەنىيەت پونكىت (مەركىزى) لىرىگە بېرىپ، دوكلات ئاڭلاپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى داۋامىدا كۆرۈلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى.

ــ مەدەنىيەت پونكىتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت پونكىتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش پىلانى تۈزۈپ، يېزىلاردىن ئۆلچەملىك مەدەنىيەت پونكىتى پائالىيەت سورۇنىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى بەش مودىن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 350 كۋادرات مېتىردىن كەم بولماسلىقنى، ئۇچتىن ئىككى قىسىم كەنتلەردە يازلىق، قىشلىق كىنوخانىسى بولغان ئۆلچەملىك مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 1993 ـ يىلى ياتاق يېزىسى 400 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزىنى قايتا قۇرۇپ چىقتى، 900 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، 24 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى قۇردى. قۇرما، قۇمقۇسار، غازكۆل قاتارلىق يېزىلار 528 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، مەدەنىيەت پونكىتى سالدى ۋە پائالىيەت مەيدانى ياسىدى. توققۇز يېزا 1 مىليون 153 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 98 مەدەنىيەت ئۆيىنى يېڭىدىن قۇردى ياكى كېڭەيتتى. ھازىر ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، كىنو ـ تىياتىرخانا، توققۇز يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى (مەركىزى)، 133 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى، ئىدارە ـ ئورگان، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا 82 «ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئائىلىسى»، سەككىز يېزىدا

## ئاممىۋى مەدەنىيەت

كىنوخانا، 187 كىنو قويۇش ئەترىتى بار بولدى. توققۇز مەدەنىيەت پونكىتى 1994 ۋە 1995 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن «ئۆلچەمگە يەتكەن مەدەنىيەت پونكىتى (مەركىزى)» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

- مەبلەغنى كاپالەتلىك قىلىپ، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى سەرخىللاشتۇردى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1993 - يىلى يېزىلاردا ھەر يىلى بىر تۇتاش يىغىۋېلىنىدىغان بەش پىرسەنت خىراجەتنىڭ 0.5 پىرسەنتىنى مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇش خىراجىتى قىلىشنى بەلگىلىگەندى. بۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىغا بىر تۇتاش ئاجرىتىلغان خىراجەت 300 مىڭ يۈەنگە، ھازىرقى جۇغلانمىسى 3 مىليون 500مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1991 - يىلدىن بۇيان بۇ ناھىيە مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلەغ 4 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، يېزىلار سالغان مەبلەغ 355 مىڭ يۈەنگە يەتتى. نەتىجىدە مەدەنىيەت پونكىتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ، مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە تېلېۋىزور، سىنقويغۇ، فوتو ئاپپارات، ئۈنئالغۇ، ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەنتەربىيە سايمانلىرى، بەزى مەدەنىيەت پونكىتلىرىدا سىنئالغۇ، رەسىم يۇيۇش ئاپپاراتى، دىزېل ماتورلۇق گېنېراتور بار بولدى.

- ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئاممىۋى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى. مەكىت ناھىيىسى دولان مەشرىپى، دولان ئۇسسۇلى، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە، ناخشا - قوشاق، رەسىم سىزىش بىلەن داڭق چىقارغان. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشتە «تۆتنى بىرلەشتۈرۈش» يەنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەت ۋەزىپىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئاممىۋى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ھېيت - بايرام، خاتىرە كۈنلىرىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق پائالىيەتنى دائىملاشتۇرۇش، شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى كۆپ خىل بولۇش، ساغلام بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ناھىيە بويىچە دېھقانلار سەنئەت بايرىمى، يىلدا بىر قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپ، دولان مۇقامى ئورۇنداش، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، ئىلەڭگۈچ قاتارلىق پائالىيەتلەر 170 قېتىمدىن كۆپرەككە، 1994 -، 1995 - يىللىرى ئۆتكۈزۈلگەن ھۆسن خەت، گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى 10 قېتىمغا يەتتى. مەدەنىيەت پونكىتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرىمۇ ھەر خىل مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. يانتاق يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزى يىلدا بىر قېتىم دېھقانلار تەنتەربىيە مۇسابىقىسى، ھەپتىدە بىر قېتىم مەشرەپ، ئايدا بىر قېتىم گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشنى دائىملاشتۇردى. غازكۆل يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 250 قېتىم ھەر خىل مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، «تەنتەربىيە ماكانى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

- ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى 35 قارار گۈزەل سەنئەت كۇرسى ئېچىپ، 632 كىشىنى تەربىيىلىدى. بۇلار ئىجاد قىلغان ئەسەر 830 پارچىغا يەتتى. دولان ئۇسسۇلى ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قوشۇمچە دولان ئۇسسۇلى دەرسى تەسىس قىلىپ، 3100 ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىدى. يانتاق يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزى دېھقانلارنىڭ دولان ئۇسسۇلىغا ئامراق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كۇرس ئېچىپ، 5000 دىن ئارتۇق دولان ئۇسسۇلى ھەۋەسكارىنى تەربىيىلىدى. باشقا يېزا - بازارلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتلىرىمۇ ئاممىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن، ھەر يىلى بىر قانچە قارار دولان مۇقامى، فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت، ئەدەبىي ئىجادىيەت، دولان ئۇسسۇلى كۇرسى ئېچىپ، 500 گە يېقىن كىشىنى تەربىيىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى 209 غا، ئەسەرلىرى 2235 پارچىغا يەتتى. بۇنىڭ ئۈنى ئاپتونوم رايون، 15 ى ۋىلايەت بويىچە مۇكاپاتلاندى. ئىككى كىشى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، بەش كىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولدى. بىر قىسىم ئەسەرلەر دۆلىتىمىز ئىچى ۋە چەت ئەللەردە تەسىر قوزغىدى. 1992 - يىلدىن بۇيان بۇ ناھىيە رەسىم سىزىش، دولان مەشرىپىنى ئورۇنداش جەھەتلەردە خەلقئارا، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، زور شان - شەرەپكە ئېرىشتى. بەزى رەسىملەر پارىژ خەلقئارا رەسىم كۆرگەزمىسىگە قويۇلدى. بۇ ناھىيە 1996 - يىلى 320 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، «مەكىت دېھقانلار رەسىملىرى توپلىمى»، «ئۇيغۇر ەولان مۇقامى» ناملىق كىتابلارنى، «ئۇيغۇر دولان مۇقامى» ۋە «دولان خەلق ناخشىلىرى» نىڭ قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى نەشر قىلدۇردى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بۇ ناھىيىگە «دېھقان رەسساملار ماكانى» دەپ نام بەردى.

مەدەنىيەت مۇھەممەترېھىم
(«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى)

## چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارغا مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈش

### - گۇما ناھىيىسىنىڭ چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقانلىقى توغرىسىدا

مەملىكەت بويىچە «10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى» دىكى ئىلغار ئورۇن - گۇما ناھىيىسىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 186 مىڭدىن كۆپرەك ئاھالە بار. ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىدا سەنئەت ئۆمىكى، كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى، مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، 15 يېزا - بازاردا مەدەنىيەت پونكىتى، 164 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى بار. بۇ ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىدا 127 نەپەر

ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلەيدۇ. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ئورۇنلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ناھىيىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسىگە ئاساسەن ئاپتونوم رايون ۋە خوتەن ۋىلايىتى بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. 1996 - يىل 9 - ئايدا قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى بويىچە 5 - قېتىملىق مەملىكەتلىك نەق مەيدان يىغىنىدا «10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق تەجرىبىسى مۇنداق:

- ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سەنئەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈردى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار جاپالىق ئىزدىنىپ، دەۋر روھى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ ۋە تەييارلاپ، ناھىيىدىكى 15 يېزا - بازار ۋە خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ ناھىيە، شەھەرلىرىگە بېرىپ 180 قېتىم ئويۇن قويۇپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى ھەم 248 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.

- ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ناھىيىلىك مۇقامچىلار جەمئىيىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇلتۇردىن بۇيان 18 قېتىم چوڭ كۆلەمدىكى مۇقام - مەشرەپ، 300 قېتىم ناخشا - ئۇسسۇل پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى، كۆرگۈچىلەر 34 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. 18 قارار ھۆسن خەت، ئۇسسۇل، مۇزىكا، رەسىم سىزىش كۇرسى ئېچىپ 516 نەپەر ھەۋەسكارنى تەربىيىلىدى. 11 قېتىم ھۆسن خەت، فوتو سۈرەت، رەسىم كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ناھىيىدىكى ئاپتورلارنىڭ 1800 پارچىدىن كۆپرەك ئەسىرىنى كۆرگەزمە قىلدى. كۆرگۈچىلەر 150 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

- يېزا - بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى تونۇشتۇرۇلغان، مەزمۇنى ساغلام كىتابلارنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيدىغان كىتابنى 14 مىڭ پارچىدىن كۆپرەككە يەتكۈزدى. مەدەنىيەت پونكىتلىرىغا كېلىپ كىتاب، گېزىت - ژۇرنال كۆرگۈچىلەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 1000 كىشىدىن ئاشتى. خەلق سەنئەتچىلىرىدىن 165 كىشىنىڭ ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. مەدەنىيەت پونكىتلىرى ئۈچ يىلدىن بۇيان 1500 قېتىمدىن كۆپرەك توپ مۇسابىقىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، چېلىشىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى.

- ناھىيىلىك كۇتۇپخانا ئاممىنىڭ كىتاب، گېزىت - ژۇرنال كۆرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بەردى. بۇ كۇتۇپخانا كىتاب جۇغلانمىسىنى 65 مىڭ 560 پارچىغا يەتكۈزۈپ، كىتابلارنى كاتولوگ بويىچە رەتلىك باشقۇرۇپ، 345 كىشىگە كىتاب ئارىيەت ئېلىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بەردى. ۋاقىتلىق كىتاب ئارىيەت ئالغۇچىلارنى 13 مىڭ كىشىگە يەتكۈزدى. يىلىغا 4000 يۈەنلىك گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتىرى بولۇپ، ئاممىنىڭ گېزىت - ژۇرنال كۆرۈپ ئىلىم - پەن ئىگىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى.

- ناھىيىلىك كىنو فىلىم شىركىتى كىنو قويۇشنى ئاساسىي قاتلاملارغا يۈزلەندۈردى. ناھىيىلىك كىنو فىلىم شىركىتى توققۇز يېزا - بازاردىكى 88 كىنو قويۇش توچكىسى، 19 ئورۇندىكى بىلەت سېتىپ كىنو قويۇش ئورنى ۋە يېزا - بازارلاردىكى كىنو ئەترەتلىرىنى ياخشى باشقۇردى. 1995 - يىلى 420 قېتىم كىنو قويۇپ دېھقان، چارۋىچىلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا كىنو كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ۋە 234 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.

- مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى. گۇما ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى نۇقتىسىدىن ئىككىسى، ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىدىن توققۇزى، مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىزلىرىدىن 37 سى بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىر قەدەر كۆپ ناھىيىلەرنىڭ بىرى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى مەسئۇلىيەتنى كىشى بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كۆپلىگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى. شۇڭا، 1994 - يىلى ۋىلايەت بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

- نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى ساغلاملاشتۇردى. ناھىيە مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتتى. 18 قارار كۇرس ئېچىپ، مەدەنىيەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 113 نەپەر تىجارەتچىنى «نىزام» نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ تونۇشنى ئۆستۈردى. شۇ ئاساستا مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن ئادەم ئاجرىتىپ 14 قېتىم چوڭ تەكشۈرۈش، 36 قېتىم قەرەللىك ۋە قەرەلسىز تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 40 دانە شەھۋانە سۈرەتلىك قارت، ئاسما كالىندارنى بىر تەرەپ قىلدى. شۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت بازارلىرىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغدىدى.

ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن
(«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى) (M2)

ماشىنىستلار: ماشىنكىدا: ئارزۇگۈل ئېلى، كومپيۇتېردا: تۇرسۇنئاي يۇسۇپ (تەكلىپ قىلىنغان)



# ئەجدىھانىڭ پۇشتى يىلتىزىنى ئىزدىمەكتە

— «شيا — شاڭ — جۇ زامانلىرىغا دائىر ئىمارەت» نى قۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن

مۇمۇ، تيەنپېي

جۇڭگونىڭ ئاۋام خەلقى ئىچىدە، دايۇنىڭ دەريانى تىزگىنلىگەنلىكى، قەدىمكى تاڭنىڭ ئۆزگىرىش قىلغانلىقى ۋە ۋۇۋاڭنىڭ جۇغا جازا يۈرۈشى قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى بىلمەيدىغانلار ئاز. شيا - شاڭ - جۇلارنىڭ تارىخي رىۋايەتلىرى مىڭلىغان يىللاردىن بۇيان مەدداھلارنىڭ سورۇنلىرىدا بايان ۋە ئويۇن سەھنىلىرىدە ئايان قىلىنىپ كەلدى. ھالبۇكى، دايۇ ئەپسانىۋى شەخسمۇ ياكى تارىخي قەھرىمانمۇ، مەشھۇر مۇيې جېڭى قايسى يىلى بولغان دېگەندەك مەسىلىلەر توغرىسىدا ئاۋام خەلق تۈگۈل چوڭ ئالىملارمۇ ئۇزاقتىن بېرى ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيۋاتىدۇ.

جۇڭگو — يەر شارىدا مۇستەقىل پەيدا بولغان بىر قانچىلا مەدەنىي — قەدىمكى دۆلەتلەردىن بىرى. ۋەھالەنكى، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى ھۆججەتلىرىدە ئېنىقراق يېزىلغان خاتىرىلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولىدىغان مۇتلەق دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 841 - يىلى ئۆتكەن پادىشاھ جى خۇ (غەربىي جۇ پادىشاھلىرىدىن لى ۋاڭ) نىڭ زامانىدىن ئاران باشلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى بايانلار بويىچە بولغاندا، شيا دەۋرى جى خۇ زامانىدىن تەخمىنەن 1500 يىل ئىلگىرىكى چاغلاردىن باشلىنىدۇ. مۇنداق بولغاندا، دۇنياغا كوز - كوز قىلىنغان بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەتنىڭ

## تارىخ كۆزنىكىدە

خالىغانچە زىكرى قىلىنىۋاتقان بۇرۇنقى تارىخى ئۇزاق زامانلاردىن بۇياقى تومان - توزانلار ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بولمامدۇ؟ بۇ يىل (1996 - يىلى) 16 - مايدا قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلانغان «شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىغا دائىر ئىمارەت» زامانىمىزدىكىلەرنى شيا - شاڭ - جۇنىڭ ئىشەنچلىكرەك خرونولوگىيىسى بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن. كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان 87 ياشلىق مەشھۇر ئارخېئولوگ سۇ بىنچى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ: «ئەجدىھانىڭ پۇشتى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەشكە كىرىشتى» دېدى.

### «دەست تۇرالمىغان» بەش مىڭ يىل

سىماچيەن «تارىخنامە» نى يازغاندىن بۇيان، ھەر دەۋردىكى ئالىملار جۇڭگو تارىخىنىڭ خۇاڭدىدىن باشلانغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن تارىخي ماتېرىياللار يېتەرلىك بولمىغاچقا، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆتكەن ئالىملار ئۈچ دەۋرنى شۈبھىلىك نەزەرى بىلەن چاغلاپ، «تارىخنامە» دە ئۈچ خان - بەش سۇلتان توغرىسىدا يېزىلغانلاردىن گۇمانلىنىشتى. مىڭ يىللاردىن بۇيان، شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىغا بولغان خىلمۇ خىل گۇمانلار يەن - خۇاڭ پۇشتى - ئەۋلادى ئۈچۈن يەشكىلى بولمايدىغان تۈگۈن بولۇپ قالدى.

بۇنىڭدىن 2400 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن كۇڭزى: شيا زامانىدىكى ئەدەبنى سۆزلەپ بېرەلەيمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن چى بەگلىكىنى ئىسپاتلىيالمايمەن؛ يىن زامانىدىكى ئەدەبنى سۆزلەپ بېرەلەيمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن

ئۆتكەن سۆڭ بەگلىكنى ئىسپاتلىيالمايمەن؛ بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ تارىخقا دائىر ھۆججەت - ماتېرىياللارنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدۇر، يېتەرلىك بولغان بولسا، مەن نەقىل كەلتۈرۈپ ئىسپاتلىغان بولاتتىم، دەپ ھەسرەت چەككەن. ئەمەلىيەتتە، كۇڭزىنىڭ ياشىغان ۋاقتى يىن - شاڭ بەگلىكلىرى مۇنقەرز بولۇپ 700 يىل ئۆتكەن زامانغا توغرا كېلەتتى. كۇڭزىدىن 200 يىل كېيىن ياشىغان چۈي يۈەن سۈرگۈندە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، «تەڭرىگە سوئال» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى يازغانىدى. ئۇنىڭدىكى بىر قانچە ئون سوئال ئاشۇ ئۈچ زاماننىڭ ئۆتكەنلىكىدىن گۇمانلانغان سوئاللار ئىدى. ئاندىن كېيىن، چىن شىخۇاڭ كۆيدۈرگەن كىتابلارنىڭ ئوت - يانغىنى مەزكۇر تارىخنى كۆل ئاستىغا تېخىمۇ چوڭقۇر كۆمۈۋەتتى.

«4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن كېيىن، تارىخ ساھەسىدە قەدىمكىدىن گۇمانلىنىش پىكىر ئېقىمى پەيدا بولدى. گۇ شېگاڭ ۋە باشقىلار يېقىنقى زاماننىڭ ئىلىم - پەن ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، چىن ۋە ئىككى خەن دەۋرلىرىدە يېزىلغان قەدىمكى كىتابلاردىكى بۇرۇنقى زامان تارىخقا دائىر خاتىرىلەرنى ئېدىتلاپ، «پەنگۇ ئاسمان - زېمىننى ئايرىپ قىلغاندىن تارتىپ، ئۈچ خان - بەش سۇلتان زامانىسىدىن ھازىرغىچە» بولغان ئەنئەنىۋى قاراشلار تۇتۇرۇقسىز ئەپسانىلاردىن ئىبارەت. بۇرۇنقى تارىختىكى رىۋايەتلەرنىڭ «تولىسىنى كېيىنكى كىشىلەر سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئويدۇرۇپ چىقارغان» دېگەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ چاغلاردا، يېڭىچە قاراش تىكلىمەكچى بولغان خۇشى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدىن دەرس ئۆتكەندە، يىراق قەدىمكى دەۋردىن شيا - شاڭ دەۋرلىرىگىچە بولغان قىسمىنى «گۇمانلىق ھەم ئاۋارە قىلىدىغان قىسىم» دەپ سۆزلىمەيلا قويغان.

خۇددى غەرب ئالىملىرى تەۋرات - ئىنجىلنىڭ «ئالەمنىڭ بىنا بولۇشى توغرىسىدا» ساختىلاشتۇرۇلغان تارىخنى ئېچىپ تاشلىغىنىدەك، قەدىمكىدىن گۇمانلىنىش پىكىر ئېقىمىدىكىلەرمۇ تارىخنى نامەشۇناسلىقنىڭ قاشا - توساقلىرىدىن ئازاد قىلىپ، جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىقىغا بىرىنچى ئۇل تاشنى قويغان بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكىدىن گۇمانلانغۇچىلار شيا بەگلىكىنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن شەكلەندى، بۇنى ئەپسانىدىكى ھايۋان بولسا كېرەك، دەپ شۈبھىلەندى؛ ھەتتا «شەرقىي جۇ دەۋرىدىن ئىلگىرى تارىخ بولمىغان» دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەپ، جۇڭگو تارىخىنىڭ يېرىمىنى قىسقارتىۋېتىشتى.

«شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىغا دائىر ئىمارەت» نىڭ باش مۇتەخەسسىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى لى شۆچىڭنىڭ ئېيتىشىچە، غەربنىڭ خېلىلا كۆپ كىتابلىرىدا جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ كېيىنكىسى دەپ سانىلىدىكەن. ئامېرىكىنىڭ بىر ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈزۈلگەن «دۇنيا تارىخى» دا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس «بىرونزا دەۋرى بولمىغان»، ئۇلاردا ئەزەلدىن يۇڭ توقۇلمىلار ۋە سۈت بۇيۇملىرى ئىشلەنمەيتتى، جۇڭگوغا تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىمۇ غەربتىن كىرگەن، دەپ يېزىلغان. ياپونىيىلىكلەر بولسا، چورتلا: «ياۋ - شۇن - يۈ دېگەنلەر يوق گەپ» دەپ چىقتى. جۇڭگولۇقلارمۇ بەش مىڭ يىللىق تارىخ توغرىسىدا ئۆزلىرى سۆزلىگەندە ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىپ، پاكىتلارنى ئاساسلاشقا پېتىنالمايدۇ. مۇزېيخانىلىرىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك كۆرگەزمىلىرىدە، ئەتىق بۇيۇملار ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلىش تەرتىپى بويىچىلا سۆزلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ دەۋرلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىنمايدۇ. دەرسلىك كىتابلىرىمىزدا بەش مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخ تەكىتلىنىش بىلەن بىللە، ئۈچ خان - بەش سۇلتان كۆپىنچە رىۋايەتلەر قاتارىدىلا يېزىلىدۇ - دە، ئېتى ئۇلۇغ، سۇپۇرسى قۇرۇق قىلىپ سۆزلىنىدۇ. بەش مىڭ يىللىق قەدىمكى مەدەنىي دۆلەت دېگەن مەغرۇرانە تارىخ «دەست تۇرالماي» ئىغاڭشىپ قېلىۋاتىدۇ. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى يىن ۋېيجاڭ سالماقلىق ئەلپازدا: «خۇددى ئادەمنىڭ ئىسكىلىتى بولغىنىدەك، تارىخنىڭ زامانلىرى بولىدۇ. تارىخ دېگەن بۇ بوۋاينى دەست تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، زامانلارنى ئېنىقلاش لازىم» دېگەنىدى.

## قەدىمكىدىن گۇمانلىنىش كويىدىن چىقىپ كېتەيلى

مۇشۇ ئەسىرىمىزگە كىرگەندىن بۇيان، جۇڭگودا ئارخېئولوگىيە بوسۇش سۈرئىتىدە ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىچە ھەل بولماي كەلگەن ئۈچ زاماننى ئېزىتقۇلۇق گۆزەرىدىن ياندۇرۇپ چىقىشقا باشلىدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى زو خېڭ ئېيتقاندەك، شيا - شاڭ - جۇ توغرىسىدا كىشىنى قايىل قىلىدىغان دەلىل - ئىسپاتلار جۇڭگو ئارخېئولوگىيىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ۋە راۋاجلىنىشىغا باغلىق بولدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئەنياڭ ناھىيىسىدىكى شياۋتۇن كەنتىنىڭ دېھقانلىرى تېرىمىدىن قولى بوشىغان چاغدا يەردىن قېزىۋالغان ۋە دورا ئوخشايدۇ دەپ ھېسابلىغان «ئەجدىھا سۆڭىكى» جاھاننى تاڭ قالدۇرىدىغان ئىشىكنى ئېچىۋېتىدىغانلىقىنى زادى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. بۇ «ئەجدىھا سۆڭەكلىرى» قولدىن قولغا ئۆتۈپ پايتەختكە

كەلگەندە، شۇ زاماندىكى بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋاڭ يىرۇڭ، «مىيىپ قىبرىنىڭ ساياھەتنامىسى» نىڭ مۇئەللىپى لىيۇ ئې ۋە ئالىم لوجېنيۇلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇلار بۇ سۆڭەكلەرنىڭ قىممىتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بىباھا چاناق - سۆڭەكلەر ۋاڭ گوۋېي قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ قولى بىلەن، شاڭ زامانىنىڭ كېيىنكى باسقۇچ تارىخىدىن بىر گۈزەل سەھىپىنى ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن «تارىخنامە» دىكى «يىننىڭ ئەسلى بايانى» دا يېزىلغانلار ئىشەنچلىك تارىختا ئايلاندى. بۇ دەۋر بۆلگۈچ تېپىندا دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

1928 - يىلى ئامېرىكىدا ئوقۇپ كەلگەن دوكتور لى جىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئەنياڭدىكى يىن خارابىسىنى كەڭ كۆلەمدە قېزىش ئىشى باشلاندى. كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولغان ئوردا - قەسىر ئىزى، شاڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك قەبرىستانلىقى، شۇنىڭدەك ئىشغال قىلغان مەيدانى ناھايىتى چوڭ بولغان ئاھالە تۇرالغۇ رايونى شاڭ دەۋرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى جانلىق سۈرەتتە ئىسپاتلىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، جېڭجۇدىكى شاڭ شەھىرى، ئەرلىتۇ مەدەنىيىتى، شۇنىڭدەك غەربىي جۇ پايتەخت قىلغان فېڭ، خاۋ شەھەرلىرىنىڭ ئىزلىرى، شەنشىدىكى فۇ فېڭ، چىشەن (جۇ سۇلالىسىنىڭ بالدۇرقى شەھەرلىرى) ئىزلىرى كەينى - كەينىدىن تېپىلىپ يورۇقلۇققا چىقتى. بۇ ئىزلارنىڭ كەينىدىن بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ غەلىۋە - غۇدۇرلۇق ئۆتمۈشى ئېلىشىپ چىقتى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى بۇ خارابە - ئىزلار چوڭقۇر يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ، زامان - زامانلاردىن بۇيان كېيىنكى كىشىلەرنىڭ شەك - شۈبھىلىرىگە ئۈندىمەي قۇلاق سېلىپ ياتقانىدى. ئەمدى ئۇلار تىرىلدى. بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلار شيا، شاڭ، غەربىي جۇ زامانلىرى توغرىسىدا گەپ - سۆز قىلغاندا كۇڭزىدىن بەكرەك ئۆزىگە كۆپ ئىشىنىدىغان بولدى.

ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى خەنزۇ ئالىم جاڭ گۇاڭجى ئەپەندى كېسىپ ئېيتىدۇكى، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە ھازىرغىچە تېپىلغان ئەتىقىلەر، مەسىلەن، چىن شىخۇاڭ قونچاق ئەسكەرلەر ئازگىلىدىكى ئەسكەر قونچاقلار ناھايىتى كۆركەملىك؛ بەزىلىرى، مەسىلەن، يۈنمېڭدىن تېپىلغان چىن شىخۇاڭ زامانىنىڭ قومۇش تارىشا پۈتۈكلىرى، چاڭشادىن تېپىلغان تورقا خەت - چەكلەر مەدەنىيەتكە دائىر مەخسۇس تەتقىقاتتا ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇلاردىن تېخىمۇ زور ئەھمىيەتلىك بولغىنى، شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىغا دائىر ھاسىلاتلاردۇر. ھەتتا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، جۇڭگو تارىخىنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولساق، ئەمدى بىلىشكە باشلىدۇق.

خېنەن ئۆلكىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى 75 ياشلىق تەتقىقاتچى ئەن جىڭخۇەي جېڭجۇدىكى شاڭ شەھىرىنىڭ خارابە ئىزىنى قېزىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇ، تولۇق ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «خېنەندىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، شيا - شاڭ زامانلىرى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ، ئەمدى ھەل قىلىش ۋاقتى كەلدى.»

## تارىخنىڭ ئىسكىلىتىنى تۈزۈپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك

دەرۋەقە، ئۈچ - تۆت مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆتكەن شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىدىكى تارىخنى ئېنىق ۋە ئىلمىي يوسۇندا سۆزلەپ بېرىشتە ئىلىم - پەننىڭ بىرەر ساھەسى يەككە - يېگانە چوڭقۇرلاش بىلەنلا ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان پەقەت بىرلا مەسىلە، يەنى ۋۇۋاڭنىڭ جۇغا جازا يۈرۈشى قىلغان ۋاقتى توغرىسىدا 30 نەچچە خىل پىكىر بايان قىلىندى. ئىلىم ساھەسىدە شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىغا دائىر تەتقىقاتتا ھەركىم ھەر نېمە دەپ، ھېچبىر پىكىرگە كېلىنمىدى.

«شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىغا دائىر ئىمارەت» تارىخشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، يىللارنى ھېسابلاش پەن - تېخنىكىسى، ئاسترونومىيە ۋە باشقا پەنلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نۇرغۇن ئالىملارنىڭ بىر تۇغ ئاستىغا توپلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى قاتاردىكى ئالىملىرىنىڭ بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان تەتقىقاتقا كۈچ سەرپ قىلىپ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى جەملەپ، مۇئەممە بولغان بىر تېما ئۈستىدە ھەر خىل تۈرغۈدىن «دىئاگنوز» قويۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئىلىم - پەننىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى ئۆز ئارا ئىسپاتلىشىدىغان بولسا، ئاشۇ ئۈچ زامانىنىڭ ئۈزۈك - كەمتۈك، پارچە - پۇرات تارىخىنىڭ چىن قىياپىتى مۇشۇ ئالىملارنىڭ قوللىرىدا ئەسلىگە كېلىدۇ.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى چىن تارىخى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ شېڭنەننىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۇلار تارىخ كىتابلىرىدا شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىغا دائىر يېزىلغان خاتىرىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە توپلاپ، كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ، ساناق - دەلىللەر ئامبىرى قۇرماقچى بوپتۇ. شۇنىڭدەك بۇ ماتېرىياللارنىڭ قايسىلىرى ئىشەنچسىز، قايسىلىرى ئىشەنچلىك ۋە قانچىلىك دەرىجىدە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىر - بىرلەپ تەھقىقلەپ، ئارخېئولوگىيە، ئاسترونومىيە پەنلىرى ئۈچۈن ئەمەلىي ھۆججەت ئاساسى يارىتىپ بەرمەكچى.

بەزى مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ كۆرسەت-

كەندى: ئارخېئولوگىيە ۋە يىللارنى ھېسابلاش پەن - تېخنىكىسى قاتارلىق ئۇسۇللارنى تارىخ تەتقىقاتىدا قوللانماي تۇرۇپ، شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىنى توغرا ئايرىپ چىقماقچى بولۇش «ئاقىلانە بولمىغان بىر خىل نىيەتتۇر». ئۆلگەن بىئو - جىسىملاردىكى كاربون - 14 نىڭ داۋاملىق قېرىپ تۇرۇش قائىدىسىنى قوللىنىپ، مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ يىللىرىنى ھېسابلىسا، نىسبىي توغرا بولغان مۇتلەق يىل - دەۋرنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ. بۇ، دەۋر - زامان ئىمارىتىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشنىڭ ئاساسىدۇر. مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ئاتىسى شانەي ئەپەندى 1952 - يىلى ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان بىر كىتابنى ئوقۇغىنىدا، چەت ئەللەردە كاربون - 14 نى قوللىنىپ يىل - دەۋرنى ھېسابلاپ چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولىدۇ - دە، بۇنىڭ «ئارخېئولوگىيىدە ئىنقىلاب» قوزغايدىغانلىقىنى پەم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئەر - خوتۇن چۇسخۇا بىلەن سەي لەنجېن ئىككىسىنى چيەن سەنچياڭ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئاتوم ئېنېرگىيىسى فىزىكا تەتقىقات ئورنىدىن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىغا يۆتكەپ كېلىپ، 1965 - يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ تۇنجى كاربون - 14تەجرىبىخانىسىنى قۇرىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئىلمىي تەتقىقات شارائىتى ناچار بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى تەجرىبە ئەسۋابىنى ئەر - خوتۇن چۇ سىخۇالار قول بىلەن ياساپ چىققانىدى. ئەمدىلىكتە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاكسېلېروگراف، ماسس - سپېكتروگرافلاردىن پايدىلىنىپ كاربون - 14 بىلەن يىل - دەۋرنى ھېسابلاپ چىقىش دەرىجىسى دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە يېقىنلىشىپ قالدى. ئەمدى دەرەخ يۆگىمىچىدىكى ئەگرى سىزىقلارنى رۇسلاپ ئۆلچەشنىڭ ئەڭ نازۇك تېخنىكىسى تەتبىق قىلىنىدىغان بولسا، يىل - دەۋرنى ئېنىقلاپ ھېسابلاش سەۋىيىسى جەھەتتە مەنپىي - مۇسبەت بويىچە يىگىرمە نەچچە يىللا بولۇش دەرىجىسىگە يېتىشتىن ئۈمىدۋارمىز.

«خۇەينەنزى» نىڭ «ھەربىي تاكتىكا تەلىماتلىرى» بابىدا قەيت قىلىنىشىچە، ۋۇ ۋاڭ پادىشاھ جۇغا جازا يۈرۈشى قىلغان يىلى زور قوشۇن مۇشتەرى (يۇپىتېر) يۇلتۇزغا بېقىپ كۈنچىقىشقا يۈرۈش قىلغان. يولدا كېتىۋېتىپ ئاسماندا كومېتا يۇلتۇز چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئېھتىمال كۈنچىقىشتىكى يىن بېگى سۈپۈرگە كۆتۈرۈپ، كۈنپېتىشتىكى جۇ بېگىنى سۈپۈرۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلغان. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەنجىڭ زىجىڭشەن رەسەتخانىسىنىڭ پېشقەدەم باشلىقى جاڭ يۈيجې ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى جاڭ پېييۇلەرنىڭ پىكرىچە، ۋۇ ۋاڭ قوشۇنىغا يورۇقلۇق بەرگەن ئاشۇ كومېتا يۇلتۇز 1986 - يىلى ئۆز يولىغا قايتقان مەشھۇر ھاللىيە كومېتاسى بولسا كېرەك! ئۇلار مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارنى تەققاسلاپ، ۋۇ ۋاڭنىڭ جۇغا جازا يۈرۈشى قىلغان يىلى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1057 - يىلى ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىققان. بۇ گەرچە بىرلا تەرەپنىڭ پىكرى بولسىمۇ، لېكىن ئاسترونومىيىنىڭ ئارىلىشىشى شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىنى ئېنىقلاش ئىشىنى يورۇتقان نۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىر نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى يېزىلغان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار توختىماي مۇنازىرىلىشىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامان تارىخى مەسىلىسىدە، بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا تامامەن بىر پىكىرگە كېلىش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. «شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىغا دائىر ئىمارەت» نىڭ باش مۇتەخەسسىسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسورلى بوچيەن مۇنداق دەيدۇ: ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئېھتىياتچان بولۇشى ئەلۋەتتە زۆرۈر، لېكىن ئاۋام خەلققە زامانلارنىڭ ئاساسىي جازىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش تېخىمۇ مۇھىم. شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇل سېلىنغان باسقۇچىدۇر، بۇ توغرىدا ئاۋام خەلقتىمۇ بىر چۈشەنچە بولسۇن، تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئالىملار ئۆزلىرى ئاستا - ئاستا ھېسابلاپ، ئىزدەنسە بولار.

## «ئۈچ زامان» جەلپكار نۇقتا بولۇپ قالدى

فرانسىيىلىك بىر جەمئىيەتشۇناس مۇنداق دەپتىكەن: «تارىخ تارىختىلا مەنسۇپ ئەمەس. ماددىي مەدەنىيەت تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى ئۇلۇغلاش مىللىي خۇسۇسىيەتنى ۋە مەنىۋىيەتنى قوغداشنىڭ مۇھىم يولى». تارىختا ئەھمىيەت بېرىش - ھەر مىللەت ئۈچۈن ئاقىلانە تاللاشتۇر.

«شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىغا دائىر ئىمارەت» نىڭ باش تەشەببۇسچىسى، دۆلەت كومىسسارى سۇڭ جيەن بۇلتۇر ئافرىقىغا زىيارەتكە بارغاندا يول ئۈستە مىسىرغا كېلىپ، قەدىمكى مىسىرنىڭ لۇكس خارابە ئىزىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغان. مىسىردا قەدىمكى دەۋر تارىخىنىڭ زامانلىرىنى ئايرىش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل قىلىنغان. ئەمما ئوخشاشلا مەدەنىيەتلىك قەدىمكى مەملىكەت بولغان جۇڭگودا بۇ مەسىلىگە تېخىچە جاۋاب يوق. كېيىن ئىسرائىلىيىدە، جۇڭگونى ئۆزىنىڭ يېرىم يۇرتى دەپ بىلىدىغان بىر تارىخچى ئۇنىڭغا قەدىمكى بابىل پادىشاھلىقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئاسترونومىيىدىن پايدىلىنىپ، 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئاكاددىن كېيىنكى يىل - دەۋرلەرنىڭ توغرا ھېسابىنى ھەل قىلىپ

بولغانلىقىنى دەپ بەرگەن. بۇ ئىشتىن ئىنتايىن ھاياجانلانغان سۇڭ جيەن قاتتىق ھەسرەتلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن سورۇنلاردا سۇڭ جيەن مەزكۇر ئىشنى بىر قانچە قېتىم تىلغا ئېلىپ: «كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى» دېگەن گەپنى قىلغان. ئۇ، شۇنداق دەيدۇ: ۋەتەننى سۆيىمەن دېسە تارىخ ئوقۇش كېرەك، لېكىن تارىخىمىزنى كۆپ جەھەتلەردە دەپ بېرەلمەيمىز. بىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ۋەتارىخ تەتقىق قىلىدىغان خېلى زور قوشۇنىمىز بار. بىزمۇ «چيوجۇنىڭ دەۋالاشقىنى» دەك تارىخ توغرىسىدا گەپنى بىر يەرگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

ھەقىقەتەن، جۇڭگو قەدىمكى دەۋر تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقات بىلەن مىسىر ۋە ئىككى دەريا ۋادىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئارىسىدا پەرقىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكى جەمئىيەتتىكى ھەرساھەنى ئەندىشىگە سالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تارىخ ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا ئۈچ زامان تارىخىغا دائىر تەتقىقاتتىكى تالاش - تارتىش ئۈزۈلمەي بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن ئەھۋالدا كوچا - كوي، پەن - تېخنىكا تەشكىلاتلىرى ئۈچ زامان خرونولوگىيىسىنى نائىلاج ئۆزلىرى تۈزۈشۈپ باقتى. بىر قانچە يىلدىن بېرى پەن - مەدەنىيەت جۇدۇنغا ئۇچرىغان شارائىتتا، قېتىپ - قاقشال بولۇپ قالغان تارىخ - تەبىئەتنىڭ كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغىشى تېخىمۇ تەس. شۇ سەۋەبتىن ئىنتايىن سۇكۇت باستى. ھالبۇكى، ئۈچ زامان تارىخىغا بولغان قىزغىنلىق خەلق ئىچىدە ئەۋج ئالغانلىقى تۈپەيلىدىن، تارىخ ئالىملىرى ئۆزلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدى؛ ئۇلار: «ئۈچ زامان تارىخىغا بولغان قىزغىنلىق» تىن پايدىلىنىپ، تارىخ تەتقىقاتىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىشنى ئۈمىد قىلماقتا.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى زامانلارغا دائىر ئىمارەتكە ۋە جۇڭگو تارىخىغا ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىق بىلدۈردى؛ مەكتەپتە، جۇڭگو ئەدەبىياتى، ئارخېئولوگىيە، تارىخ، تېخنىكا فىزىكىسى، شەھەر ۋە مۇھەندىسلىق قاتارلىق سەككىز خىل ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يىگىرمە نەچچە پروفېسسور ئىلمىي مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلدى؛ «شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىغا دائىر ئىمارەت» قۇرۇلۇشى توغرىسىدا بىر قاتار لېكسىيەلەرنى ئۇيۇشتۇردى. لېكسىيە ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى ئېلانلار چاپلانغان ھامان فاكۇلتېتلاردىكى ئوقۇغۇچىلار مىغىلداپ كەتتى.

«زامانلارغا دائىر ئىمارەت» نى باشلاش يىغىنىدا، دۆلەت كومىسسارى لى تيېيىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: «شيا - شاڭ - جۇ زامانلىرىغا دائىر ئىمارەت» ناھايىتى چوڭ ئىلمىي تەتقىقات تېمىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز قەدىرىيىتىنى ۋە غورۇرىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىدىغان ئىمارەتتۇر. مەزكۇر ئىمارەتنىڭ باش تەشەببۇسچىسى، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۇڭ جيەن چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن مۇنداق دېدى: تارىخ ئىلمىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى ئورنىنى كۆتۈرۈش بىلەن بىللە، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى كۆتۈرۈش كېرەك، بۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى- مىزغا تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ. لۇشۇن ئەپەندى دەپتىكەن: «تارىختا يېزىلغان جۇڭگونىڭ ئەرۋاھى كەلگۈسى تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ».

رەسسام: خەن جىنجۇن

---

«جۇڭگو مەدەنىيىتى» گېزىتىنىڭ 1996 - يىل 28 - ئىيۇن سانىدىن **ئىمىن تۇرسۇن** تەرجىمىسى (M1)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىز سەمىگە:

تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولالمىغانلارغا تولۇقلاپ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە پارچە سېتىش كەسپىنى يولغا قويدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولالمىغانلار ياكى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 - يىللىق سانلىرىنى توپ ۋە پارچە سېتىۋالغۇچىلارنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىپ مۇشتەرى بولۇشى، توپ ۋە پارچە سېتىۋېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر سانىنىڭ باھاسى 3 يۈەن، يېرىم يىللىقى 9 يۈەن، يىللىقى 18 يۈەن. تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11 - نومۇرلۇق قورۇ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى خىزمەت بىناسىنىڭ 1 - قەۋىتىدە) دا. تېلېفون نومۇرى: 2823622. ئالاقىلاشقۇچى: قۇربان مامۇت، رىسالەت مۇھەممەت.

پوچتىدىن ئەۋەتىش تەننەرخى قىممەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدىن باشقا ئورۇنلاردىكى ھاجەتمەنلەرگە تەھرىر بۆلۈمىمىز خەت ئارقىلىق بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، پوچتىدىن پارچە ژۇرنال ئەۋەتىش كەسپىنى بېجىرمەيدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ۋاقىپلىنىپ قېلىشىنى سورايمىز.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى
تەھرىر بۆلۈمى



# ھايات ھەقىقەتلىرى

## يىگىرمە ئۈچ ھېكمەت

خەۋەر سەھىپىلىرى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇدىلەركىم، ئۆتكەن زامانلاردا پادىشاھلار ئوتتۇرىسىدا شۇنداق بىر ئادەت بار ئىكەن، ئۇلار بىرەر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلسە، بۇ ئىشنى دانىشمەنلەر مەسلىھەتىسىز ۋە ئۇلارنىڭ تەدبىرىسىز قىلمايدىكەن، نەتىجىدە شۇبھىسىز مەقسەتلىرىگە يېتىدىكەن. شۇنداق كىشىلەرمۇ بار ئىكەن، ئۇلار بىرەر دانىشمەننى تېپىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىش، ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، سەپەر مۇشەققەتلىرىنى چېكىدىكەن.

ۋاقتى كېلىپ، پادىشاھلىق نۇشىرۋان ئادىلغا يېتىپ، ئۇنىڭ ھىممەتلىك نامى جاھانغا يېيىلىپتۇ. ئۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەسىھەتلەردىن بىر دەستۇر تۈزۈشنى ئويلاپتۇدە، شۇ زاماتلا ئەھلى دانىشلارنى توپلاشقا پەرمان قىپتۇ. ئۇلاردىن 23 دانىشمەننى تاللىۋېلىپ، ئۇلارغا : «ھەر بىرىڭلار بىردىن ھېكمەت ئېيتىڭلار، بىزمۇ پايدىلىنايلى ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگىمۇ ھەم مىراس بولۇپ قالسۇن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دانىشمەنلەر نۇشىرۋاننىڭ مەجلىسىگە توپلىنىپ، ھەر بىرى بىردىن ھېكمەت ئېيتىپتۇ. جەمئىي ئىنسانلارنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىشلىرى ئۈچۈن يوليورۇقلار مۇجەسسەملەنگەن يىگىرمە ئۈچ ھېكمەت مەيدانغا كەپتۇ. نۇشىرۋان بۇ يىگىرمە ئۈچ ھېكمەتنى ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يېزىشنى بۇيرۇپتۇ. كېيىن ئۇنى ئالتۇن قۇتىغا قاچىلاپ، ئالتۇن قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپلاپ خەزىنىدە ساقلاپتۇ. بىرەر مۇھىم ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئۇشبۇ ھېكمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئىش بېجىرىدىكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ھەم شۇنداق دېگەن: «يېشى چوڭلار بىلەن ئولتۇرۇڭلار ۋە دانىشمەنلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇڭلار».

### بىرىنچى ھېكمەت

ئىلمۇ - ئەدەب ئۆگىنىشتىن زېرىكمەڭ. ئۆمرىڭىزنى نادانلىقتا زايا قىلماڭ. ئەگەر ئىلمۇ - ئەدەب يىراقتا بولسا ھەم ئىزدەپ تېپىڭ. ھەر قانداق بويۇمنى ھەم مالۇدۇنيانى ئىلىمدىن ئۇلۇغ ھېسابلىماڭ. ئۇ دۇنيانىڭ ھەم غېمىنى يەڭ، ئۇ دۇنيانى بۇ دۇنياغا ساتماڭ. قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپنى قىلماڭ. ئىزدەشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى ئىزدىمەڭ.

### ئىككىنچى ھېكمەت

دانىشمەنلەر نەسىھەتىنى خار تۇتماڭ. بىرەر ئىش ئۈستىدە چېچىلماڭ. بەزى ئىشلارنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەڭ. ئىشنى ئىش بىلەرمەنلەرگە تاپشۇرۇڭ. ئاقىۋىتى زىيانلىق ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىڭ. بىرەر ئىشنىڭ ئالدى - ئارقىنى ئويلاڭ. دانىشمەنلەر بىلەن كېڭەش قىلىڭ. سىنالغان نەرسىنى قايتا سىنىماڭ. چوڭلارنىڭ سۆزىگە ھۆرمەت قىلىڭ.

### ئۈچىنچى ھېكمەت

## دانالار خەزىنىسى

بىنازارلىق (مۇلايىملىق) نى ئۆزىڭىزگە ئادەت قىلىڭ. ئۆزىڭىزنى تەقۋادارلىقتا تونۇتۇڭ. خۇرسەنلىكنى بايلىق دەپ بىلىڭ. ئار - نومۇسنىڭ قەدرىگە يېتىڭ. ئۆزىڭىزگە ياخشى نام تىكلەڭ. بىراۋنىڭ بېشىغا دەرد - ئەلەم كەلسە كۈلمەڭ.

### تۆتىنچى ھېكمەت

دەردۇ - بالاغا يولۇققانلاردىن ئىبرەت ئېلىڭ. ساقلىنىش قىيىن بولغان زىياننى بىۋاقىت كەلگەن پايدىدىن ئەۋزەل بىلىڭ. ئادەملەر بىلەن مۇرەسسە — مادار قىلىشقا ماھىر بولۇڭ.

### بەشىنچى ھېكمەت

ئىشلارنى ئۆز يولى بىلەن بېجىرىڭ. ئۆزىڭىز تۇتقان نەرسىنى يوقاتماڭ. خەير - ئېھسانىڭىزنى بىراۋدىن ئايىماڭ. قول ۋە تىلىڭىزنى دائىم ناشايانلىقتىن يىغىپ يۈرۈڭ. ئاقىۋەتتى يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇڭ. يامان سۆھبەتداشتىن قېچىڭ.

### ئالتىنچى ھېكمەت

ئوغرى - بۇلاڭچىلارغا پۇرسەت بەرمەڭ. يامان قوشنىدىن قېچىڭ. ھەمراھسىز سەپەرگە چىقماڭ. ناكەسلەر بىلەن يول يۈرمەڭ. بىراۋنىڭ يېرىگە دەرەخ تىكمەڭ.

### يەتتىنچى ھېكمەت

شورلۇققا ئۇرۇق چاچماڭ. خەلقتىن ئۆرنەك ئېلىڭ. يېڭى بايدىن قەرز ئالماڭ. ئۇسال ئادەملەر بىلەن قۇدىلاشماڭ. ئەل نەزەرىدىن چۈشكەنلەر بىلەن ئولتۇرماڭ. خۇدادىن قورقمىغانلاردىن قېچىڭ.

### سەككىزىنچى ھېكمەت

سىز مال - دۇنياغا ئەمەس، مال - دۇنيا سىزگە خىزمەت قىلسۇن. ئەخمەققە، مەستكە ۋە نادانغا نەسىھەت قىلماڭ. نەسىھەتىڭىزنى ئاڭلايدىغانلارغا قىلىڭ. نەسىھەتىڭىزنى خار قىلماڭ. قول ئاستىڭىزدىكىلەرگە رەھىمدىل بولۇڭ. بىراۋنىڭ رىسقىغا كۆز سالماڭ.

### توققۇزىنچى ھېكمەت

ئاچ قورساقلارنىڭ ئۇدۇلىدا تائام يېمەڭ. ئاچلاردىن نېنىڭىزنى يىراق تۇتماڭ. ئىش ۋاقتىدا بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭ. ئاياللارنىڭ ھىيلە -مىكرىدىن ئېھتىيات قىلىڭ.

### ئونىنچى ھېكمەت

بىراۋنىڭ مۈلكىگە ئىگىسىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنۈڭ. بىراۋنىڭ ئۆيىدە چوڭچىلىق قىلماڭ. ناكەس ئادەمنى ئۆيىڭىزگە يولاتماڭ. پىشقەدەملەر سۆزىنى ئېتىبارسىز قالدۇرماڭ. ئەر - خوتۇن ئارىسىغا كىرمەڭ.

### ئون بىرىنچى ھېكمەت

تەكەببۇر ئادەمدىن قېچىڭ. دانىشمەنلەردىن نارازى بولماڭ. ھېچكىمگە، مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال بولسۇن زۇلۇم قىلماڭ.

### ئون ئىككىنچى ھېكمەت

مېھماننى ئەزىز بىلىڭ. خەلقتىن تاما قىلماڭ. ئاتا - ئانا ھەققىنى ئۇنتۇماڭ ۋە قېرىنداشلاردىن نەرسىڭىزنى ئايىماڭ. ئادەملەر بىلەن قىلىشقان ئەھدۇ ۋاپاغا سادىق بولۇڭ. چاقىرىلمىغان يەرگە مېھمانغا بارماڭ. بىراۋنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش قولىڭىزدىن كەلسە، ياردىمىڭىزنى ئايىماڭ.

### ئون ئۈچىنچى ھېكمەت

بىلىملىك كىشىلەرنى ئۇلۇغلاڭ. ئوقۇش - ئۆگىنىشتىن باش تارتقانلارنى ھەققىي ئادەم ھېسابلىماڭ. راستچىل بولۇڭ ۋە يالغان گەپ قىلماڭ.

### ئون تۆتىنچى ھېكمەت

تىلىڭىزنى يامان گەپكە ئادەتلەندۈرمەڭ. يامان گەپ - سۆزلەرگە قۇلاق سالماڭ. سۆزىڭىزگە قۇلاق سالمىغان ئادەمگە سۆزلىمەڭ. ئېيتقان سۆزىڭىزگە ئەمەل قىلىڭ.

### ئون بەشىنچى ھېكمەت

ياخشىلارنى ئەتىۋارلاڭ. مۆمىن كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرۇڭ. مەرھۇملارنى ياخشى سۈپەتلىرى بىلەن ئەسلەڭ. دوست - دۈشمەنگە قايتا نەسىھەت قىلماڭ. ئاتىڭىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى بىجا كەلتۈرۈڭ. ئىلىم ئېلىشقا ئىنتىلگۈچى بولۇڭ. ھېچبىر ئىشنى ئىلىمسىز قىلماڭ ۋە ھېچبىر سۆزنى ئىلىمسىز سۆزلىمەڭ.

### ئون ئالتىنچى ھېكمەت

كۆرگەنلا ئادەمنىڭ گېپىگە ئىشىنىۋەرمەڭ. ياخشى سۆز ئاڭلاشقا ئىنتىلىڭ. راست - يالغان قەسەم ئىچمەڭ. ئاخىرەتنى بۇ دۇنيادىن كۆپرەك ئويلاڭ. يېتىمنىڭ مېلىغا كۆز سالماڭ. قېرىلىق غېمىنى ياشلىقتا يەڭ.

### ئون يەتتىنچى ھېكمەت

يازنىڭ ئىشىنى قىشتا، بۈگۈننىڭ ئىشىنى ئەتىگە قويماڭ. ساق چاغدا دورا ئىچمەڭ ۋە تېۋىپ بۇيرۇمىغىچە خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ خالىغانچە پەرھىز تۇتماڭ.

### ئون سەككىزىنچى ھېكمەت

ئالىيجانابلىقنى ئادەت قىلىڭ. خەسىسلىكتىن يىراق بولۇڭ. نائەھلىلەر بىلەن سۆھبەتداش بولماڭ. ياردەمنى ئالىيجاناب ئادەملەردىن سوراڭ. قەرزدارلارنى قىستاققا ئالماڭ. دوستلىرىڭىزنىڭ نوقسانلىرىنى يۈزىگە سالماڭ.

### ئون توققۇزىنچى ھېكمەت

پەرزەنتلىرىڭىزگە ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىتىڭ. ئۆز ئەھۋالىڭىزنى دوست - دۈشمەندىن سىر تۇتۇڭ. كىشىلەرنىڭ سىرلىرىنى ئاڭلاشقا ئادەتلەنمەڭ.

### يىگىرمىنچى ھېكمەت

ئۇلۇغلار ھوزۇرىدا سەگەك بولۇڭ ۋە ئۆز ھالىڭىزغا لايىق سۆزلەڭ.

### يىگىرمە بىرىنچى ھېكمەت

ۋاپادار دوستلاردىن ئالاقىنى ئۈزمەڭ.

دۆلەتمەن، نىمەتلىك بولغان ۋاقتىڭىزدا دوستلارنى يادىڭىزغا ئېلىڭ. دۈشمىنىڭىزنى كىچىك چاغلىماڭ. ئەگەر دۈشمىنىڭىز دوست بولماقچى بولسا ئەندىشە قىلماڭ.

يىگىرمە ئىككىنچى ھېكمەت

خاتىرجەملىكتە يامان كۈننى، پاراۋانلىقتا يوقسۇزلۇقنى يادىڭىزدىن چىقارماڭ. بېشىڭىزغا كۈلپەت چۈشكەندە سەۋر قىلىڭ. سىزدىن ئۈمىدۋار بولغانلارنى نائۈمىد قىلماڭ. خەققە ئالدانماڭ ۋە بىراۋنىڭ ئەيىبىنى كولىماڭ.

يىگىرمە ئۈچىنچى ھېكمەت

ئۆز يۈكىڭىزنى بىراۋنىڭ يەلكىسىگە ئارتماڭ. پايدىسىز دوستلۇقتىن يىراق بولۇڭ. ئاتىقى يامان ئادەم بىلەن دوستلاشماڭ. ھەق سۆزنى بۈيۈك دەپ ھېسابلاڭ. خۇداكويلۇقنى ئەڭ ياخشى سۈپەت دەپ بىلىڭ.

## ھېكمەتلەر ۋە نەسىھەتلەر

▲ توت نەرسە ئەركەكنىڭ كامالىتىگە دەلىلدۇر: 1. دوستلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش (كېڭىشىش)؛ 2. دۈشمەن بىلەن مادارا قىلىش؛ 3. ئىسسىق - سوغۇققا بەرداشلىق؛ 4. ئاچچىق سۆزگە چىداشلىق.

▲ ئىككى نەرسە ئادەمنى ئىككى نەرسىگە يەتكۈزىدۇ: سەۋر - تاقەت - مۇرادقا، شۈكرى - قانائەت - قۇدرەتكە.

▲ توت نەرسە توت نەرسىنى كەلتۈرىدۇ: سۈكۈت - سالامەتلىكنى، ياخشىلىق - خاتىرجەملىكنى، ساخاۋەت - بۈيۈكلۈكنى، شۈكرى - زىيادىلىكنى.

▲ توت نەرسىنى قايتۇرۇپ بولمايدۇ: ئېيتىلغان سۆزنى، ئۆتكەن ئىشنى، ئېتىلغان ئوقنى، ئۆتكەن ئۆمۈرنى.

▲ توت نەرسىدىن ئېھتىيات قىلماق كېرەك: يەڭگىللىك ۋە شاتراقلىقتىن، قەھرى - غەزەپتىن، بېخىللىق ۋە خەسسىلىكتىن، ماختانچاقلىق ۋە تەكەببۇرلۇقتىن.

▲ توت نەرسە ئەخمەقلىقنىڭ دەلىلىدۇر: ئۆزىگە تەمەننا قويۇش ۋە تەكەببۇرلۇق، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كولاش، بېخىل ۋە مۇناپىق ئادەملەردىن ئۈمىدۋار بولۇش.

▲ توت نەرسە كىشىگە سائادەت كەلتۈرىدۇ: توغرا سۆز، كەمتەرلىك، ھالال كەسىپ - ھۈنەر ئۆچۈن قىلىنغان مېھنەت، سىر ساقلاش.

▲ ئۆز ئەيىبىڭنى دوستلاردىن سورىما، چۈنكى ئۇلار ئېيتمايدۇ، دۈشمەنلەردىن سورىغىن، ئۇلار نېمىلەرنى دەيدىكىن؟

▲ ھايا - ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ شەرەپلىك ۋە بۈيۈك خىسلەتتۇر. ھايا - ئىمان دەرىخىنىڭ شېخىدۇر ۋە ئالەم بەر قارارلىقى سەۋەبىدۇر.

▲ ئەگەر ئارىدىن شەرمى ھايا كۆتۈرۈلسە ۋە كىشى كىشىدىن ئۇيالمىسا، ئالەم نىزامىغا دەخلى يېتىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدا ياخشىلىق تۈگەپ بىر - بىرىگە نىسبەتەن دىيانەت بولمايدۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا زورلۇق قىلىدۇ. ئەمما ھايا سۈپىتى بۇنداق ئىللەتلەرگە يول قويمايدۇ.

▲ ئەدەب، بۇ، يامان سۆز ۋە يامان ئىشتىن ئۆزىنى يىراق تۇتماقتۇر. بۇ، ھەم ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ، ئابرۇيىنى تۆكمەسلىكتۇر.

▲ ياخشى خۇلقنىڭ ئون خىل بەلگىسى باردۇر. 1. نادان - جاھىل ئادەملەر بىلەن جاڭجاللاشماسلىق؛ 2. ئىنساپلىق بولۇش؛ 3. بىراۋنىڭ ئەيىبىنى كولىماسلىق؛ 4. بىرەر كىشىدە نالايىق ئىش سادىر بولسا، ئۇنى ياخشى يولغا سېلىش؛ 5. ئەگەرگۇناھكار ئۆز ئەيىبىنى بويىنىغا ئالسا ئۇنى كەچۈرۈش؛ 6. موھتاجلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش؛ 7. باشقىلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش؛ 8. ئۆز نەپسىنى يىغىش؛ 9. ئادەملەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىش؛ 10. دائىم ياخشى سۆزلەرنى قىلىش.

▲ ئۇستاز ۋە مۇئەللىملەرنى ھۆرمەتلىگەنلەر بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەت تاپىدۇ.

▲ ئۇلۇغلار ئېيتىدۇكى، ئەگەر بىرەر كىشى سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ: «پالانى ئادەم سەن توغرىلىق ئۇنداق دېدى، مۇنداق دېدى» دەپ گەپ كۆتۈرۈپ كەلسە، سەن ئۈچۈن ئالتە نەرسە ۋاجىپتۇر. بىرىنچىدىن، ئۇنى راستكويلار قاتارىغا قوشمىغايسەن. ئىككىنچىدىن، ئۇنى چېقىمچىلىقتىن قايتۇرغايسەن، چۈنكى چېقىمچىلىق يامان ئىشتۇر. كىشىنى يامان ئىشتىن قايتۇرۇش بولسا ئىمان جۈملىسىدىندۇر. ئۈچىنچىدىن، ئۇنى دۈشمەن قاتارىدا ھېسابلىغايسەن. تۆتىنچىدىن، چېقىمچىنىڭ سۆزىگە كىرىپ بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن بەدگۇمان بولمىغايسەن. چۈنكى بىراۋغا يوشۇرۇن بەدگۇمان بولۇش ئەيىب ۋە گۇناھدۇر. بەشىنچىدىن، ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتىبار بەرمىگەيسەن ۋە سۆزىنى قوللىمىغايسەن. ئالتىنچىدىن، ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىش قىلمىغايسەن. ئومۇمەن چېقىمچىنى ئۆزۈڭگە يېقىن يولاتمىغايسەن، ئۇنى دۈشمەن بىلىپ سۆزىگە قۇلاق سالمىغايسەن.

▲ بىر پادىشاھ بىر كىشىنى ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «ئەگەر قېشىمدا مەرتىۋەم كۈندىن كۈنگە ئۆسسۇن دېسەڭ ۋە باشقا مۇلازىملىرىمدىن يېقىنراق بولۇشنى خالىساڭ ئۈچ ئىشنى چوقۇم قىلمىغايسەن: بىرىنچىدىن، يالغان سۆزلىمىگىن، شۇندا خار - بىئېتىبار بولمايسەن. كىمكى يالغانچى بولسا ئەل نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، مېنىڭ ھوزۇرۇمدا مېنىڭ تەرىپىمنى قىلمىغىن. چۈنكى ئۆز ئەھۋالىمنى سېنىڭدىن ياخشىراق بىلىمەن.

ئۈچىنچىدىن، غەيۋەتتىن يىراق بولغىنى ۋە پۇقرالارنىڭ نالايىق ئىشلىرىنى ماڭا ئېيتمىغىنى، مەن ئۇلارنى ئاڭلاپ قالسام ئۇلارغا باشقا پىكىردە بولۇپ قالىمەن. ئەگەر مېنىڭ غەزىپىم ئۇلارغا مەلۇم بولۇپ قالسا، ئۇلار قورققىنىدىن باشقا ھۆكۈمدارلارنى ئىزدەپ قالىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ماڭا بىھۇدە زەرەر يېتىپ قالىدۇ».

▲ ھەر قانداق ئىشنى با مەسلىھەت قىلىشنىڭ پايدىسى كۆپتۇر. بىرىنچىدىن، كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلمايدۇ. ئىككىنچىدىن، كىشى ئەگەر مەسلىھەت قىلغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان-تەقدىردىمۇ باشقىلار ئۇنىڭغا تاپا-تەنە قىلالمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، يالغۇز ئادەم ئەتراپلىق-چوڭقۇر ئويلاپ كېتەلمەيدۇ، ئەگەر كۆپچىلىك باش قاتۇرسا ھەر بىر ئادەمدىن بىرەر پىكىر چىقىدۇ ۋە با مەسلىھەت بۇ پىكىرلەردىن ئەڭ ئەھمىيەتلىكىنى تاللاپ ئېلىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ.

ئۆز بېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت

## ھېكمەتلەر

▲ كۈلكە بىلەن يىغا، خۇشاللىق بىلەن غەم-قايغۇ بىر قورساقتىن چۈشكەن قوشكېزەك ئاكا-ئۇكىلاردۇر.

- گيوتى

▲ تاتلىق سۆز، ياخشى ۋەدە، سىيلىق-سىپايىلىق، مۇلايىملىق دۈشمەنلىكنىڭ تۈگۈنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

- «كەلىلەۋەدىمنە» دىن

▲ بىر ئادەم سېنىڭ ئالدىڭدا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ، ئارقاڭدىن يامان گېپىڭنى قىلىپ يۈرسە، ئۇنىڭدىن مۇناپىقراق كىم بار؟!

▲ زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كۆزگە ئىلمىغان ئاجىز دۈشمەن ۋاقتى كەلگەندە سەندىن غالىب كەلسە، ساڭا بەك زور نومۇس بولىدۇ، چۈنكى بىر ئاجىز، خار كىشىدىن يېڭىلىش-غايەت زور خورلۇقتۇر.

- شەمسۇلما ئالى قابۇس

▲ دۈشمەنلىكى ئالدىڭدىن ئۆتكەن كىشىدىن بىخوت بولما؛ چىراقنى ئۆچۈرگەن شامال ساڭا كۆرۈنمىگەندەك، ئۇ ساڭا زىيان سالمىسۇن.

- ئەلىشىر نەۋائىي

▲ بايلىق ئۈچۈن دوستلاشقان كىشى ئەرزىمەس سەۋەب بىلەن دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ.

▲ ھەقىقىي دوستنىڭ دوستلۇقى باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنىدۇ.

- يۈسۈفى

▲ ياخشى بىلەن ياماننى، توغرا بىلەن خاتانى بىلىپ تۇرۇپ يامانلىق قىلغۇچىلارغا ھېچكىم تىلەكداش بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى ھېچكىم كەچۈرمەيدۇ.

- «كەلىلەۋەدىمنە» دىن

▲ زالىمنىڭ يۈزىگە قاراشمۇ گۇناھتۇر.

- «مىڭ بىر كېچە» دىن

▲ سەن مەڭگۈ بەگلىكتە قېلىشنى خالىساڭ، ئادالەت يۈرگۈز، خەلققە كۈچ ئىشلىتىشنى قوي.

- يۈسۈپ خاس ھاجىپ

▲ زالىملار بىلەن بىرداستىخاندا بولما، چۈنكى ئىت بىلەن ھەمتاۋاق بولۇش ئىنسانغا مۇناسىپ ئەمەس.

▲ بىر كىشىگە يىلان زەھەر سالغىنى بىلەن ئۇ زەھەرنىڭ ئۆزى يىلاننىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

- ئەلىشىر نەۋائىي

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇتەللىپ پالتاجى

## ھېكمەتلەر

▲ مەرىپەت قويىندا تۇرۇپ بىلىمسىز قېلىش، تىرىك تۇرۇپ گۆردە ياتقان بىلەن باراۋەر.

▲ زۇلۇمدىن غەزەپ تۇغۇلىدۇ، خورلۇقتىن قەھرىمانلىق تۇغۇلىدۇ.

▲ مەغرۇرلۇق كۆپىنچە بىلىمسىزلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ كەينىدە بالىسى قالسا كۆزى قالىدۇ، كەينىدە سۆزى قالسا ئۆزى (قالىدۇ).

▲ ئەجىلى يەتكەن بىر ئۆلەر، ئابرويى كەتكەن مىڭ ئۆلەر.

▲ خۇشامەتچى بېلىدىن قېرىيدۇ، ماختانچاق گېلىدىن (قېرىيدۇ).

توپلىغۇچى: ئەخمەتجان تاشتۆمۈر

## ھېكمەتلەر

▲ ئاسايىشلىقتا قۇۋۋىتىڭنى، پېقىرچىلىقتا پەزىلىتىڭنى يېتىلدۈر.

- جۇ گېلياڭ

▲ ئەسكى كىيىم، ناچار تاماقتىن نومۇس قىلىدىغانلار روناق تاپماس ھەم پىكىرلىك بولماس.

- كۇڭزى

▲ كىم خەلق بىلەن تۇرسا، شۇ يېڭىلمەيدۇ.

- رۇس ماقال-تەمسىللىرىدىن

▲ ئىتتىپاقلىقتا پاراسەت قوشۇلسا، ئاجىز كۈچلۈكنى يېڭىدۇ.

- ئەرەب ماقال-تەمسىللىرىدىن

▲ پەقەت قىيىن شارائىتتىلا ھەقىقىي دوستقا

ئېرىشەلەيسەن.

- لاتىن ئامېرىكىسى ماقال - تەمسىللىرىدىن

▲ ئاتا - ئانىنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى بالىغا قالدۇرۇلغان ئەڭ ياخشى مىراس.

- بېلگىيە ماقال - تەمسىللىرىدىن

▲ ئەڭ قورقۇنچلۇق دۈشمەن مۇستەھكەم بولمىغان ئېتىقادتۇر.

- رومىن. روللان

▲ ئىلھام «قەيسەرلىك بىلەن ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن مۇكاپات» تىنلا ئىبارەت.

- رېپىن

▲ تۇرمۇشتا ئەقىل - پاراسەتلىك بولاي دېسەڭ، ئۇچرىغان مەسىلىگە «نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ كۆرۈشۈڭ كېرەك.

- ھېيگو

▲ ئەگەر مەن يىراقنى كۆرەلىگەن بولسام، بۇ مېنىڭ گىگانتلارنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ تۇرغانلىقىمدىندۇر.

- نيۇتون

▲ ئەركىنلىك چەكسىز نەرسە ئەمەس، ئۇ، قانۇن يول قويغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىكى بىر خىل ھوقۇق.

- مونتېسكيۇ

▲ ئادەملەرنىڭ بىلىمى قانچىكى ئاز بولسا ئۇ شۇنچە مەغرۇرلىنىدۇ، بىلىمى قانچە مول بولسا، ئۇ شۇنچە كەمتەر بولىدۇ. بۇمۇ خۇددى مېۋىسىز دەرەخنىڭ غادىيىپ، مېۋىلىك دەرەخنىڭ يەرگە ئېگىلىپ ئانا تۇپراققا تەلپۈنۈپ تۇرغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

- لېئوناردو. داۋىنچ

توپلىغۇچى: ئەخمەتجان ئەمەت

## ھېكمەتلەر

▲ ھېكايەت: تۆمۈر ئىشلىتىلىشكە باشلىغاندىن كېيىن ئالەمدىكى دەل - دەرەخلەر سارامسىمىگە چۈشۈپتۇ. ئىلاھ دەل - دەرەخلەرگە: «قورقماڭلار! سىلەر تۆمۈرگەساپ بەرمىسەڭلارلا سىلەرگەزەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ» دەپتۇ.

- يەھۇدىي ھېكمەتلىرىدىن

▲ بىر شائىردىن سوراشتى:

- ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل خىسلەت نېمە؟
- سەمىمىيلىك.
- قانداق كەمچىلىكنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ؟
- ئاسانلا ئىشىنىپ قېلىشنى.
- قانداق ئادەمنى يامان كۆرىسىز؟
- خۇشامەتچىنى.
- دوستلۇققا ئىشىنەمسىز؟
- مەن ئۆلۈم ئالدىدىلا ھەقىقىي دوستۇمنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن.

* * *

▲ باشقىلارغا پەندى - نەسىھەت قىلىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، ئۆزىڭىزنىڭ ھەممىنىلا بىلىپ كەتمىگەنلىكىڭىزنى، بەلكى رېئاللىق ناھايىتى تېز ئۆزگىرىۋاتقان بۇ دەۋردە ياشىغانسېرى ھەممىنى بىلىپ كېتىشىڭىز شۇنچە قىيىن بولىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماڭ.

- م. گوركىي

▲ ئۆزىگە خوجا بولمىغان ئادەم مەڭگۇ قۇللۇقتا ئۆتىدۇ.

- گېيوتى

▲ ئۆزىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىق ۋە يېقىن كىشىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش - كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىقتۇر.

- گوركىي

▲ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىمدىن شۇنى چوڭقۇر چۈشەندىمكى، كەمچىلىكى يوق كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

- لىنكولن

▲ يېزىقچىلىقنى تىرىكچىلىك ۋاستىسى قىلىۋېلىش ئىنتايىن قورقۇنچلۇق خاتادۇركى، بۇ، ئالىيجانابلىقنىڭ پەسكەشلىككە تەسلىم بولۇشىدۇر.

▲ مېنىڭ كەسپىم بوغداي تېرىش ئەمەس، دۇنياغا ئەقىل تېرىش.

- لېۋ. تولستوي

▲ ئەگەر بىز ياخشى سىزىلغان بىر پارچە رەسىمدىن ھوزۇرلىنىۋېتىپ ھەتتا ئۇنى سىزغان سەنئەتكارنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىمىزدا، بۇنى سەنئەتكار ئۆزى ئۈچۈن ئوقۇلغان ئەڭ يۇقىرى مەدھىيە دەپ ھېسابلايدۇ.

شىللىر

▲ تەبىئەت ئىقتىدارسىز ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئىقتىدارلىق، راستچىل، سەمىمىي كىشىلەرگە باش ئېگىدۇ، ئۆز سىرىنى بېرىدۇ.

- گودى

▲ ھورۇنلۇق دېمەك - ھالاك بولۇش دېمەكتۇر، ئالدىراشلىق - خۇشاللىق دېمەكتۇر، بىكارچىلىق، چۈشكۈنلۈك - زۇلمەت ئىچىدە ھوشنى يوقىتىش دېمەكتۇر.

- دېفوئىي

* * *

بىر دانىشمەن شۇنداق دېگەنىكەن:

- ئەل - يۇرت ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم بىلەن زادى باردى - كەلدى قىلما، چۈنكى ئۇلار بۇ كىشى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشقان ۋە ئۇنى سەندىن ياخشىراق بىلىشىدۇ.

* * *

▲ ئاياللار قوپاللىقنى، قاراملىقنى ئەپۇ

قىلىدۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ كەمسىتىلىشىنى ھەرگىزمۇ ئەپۇ قىلمايدۇ.

— خالبۇرتون

▲ ئايال — بۈيۈك سۆز، ئۇنىڭدا قىزلىق پاكلىقى، دوستقا خاس پىداكىيلىق، ئانا جاسارىتى مۇجەسسەملەشكەن.

— ن. ئا. نېكراسوۋ

▲ قىز بالىنى ھۆرمەت قىل، ئۇنىڭ نومۇسى ۋە شەرىپىنى، ئىنسانىي غۇرۇرىنى ئاسرا. ساڭا يارىغان قىز — سېنىڭ بولغۇسى ئايالىڭ، بالىلىرىڭنىڭ ئانىسى. ئۇ — ياشاپ تۇرغانلىقىڭنىڭ كاپالىتى، ئۇ سېنى بالىلىرىڭ قىياپىتىدە يېڭىباشتىن دۇنياغا كەلتۈرىدۇ.

— ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي

▲ بىز ئۆمۈر بويى قەرزدار بولغان ئەڭ ئۇلۇغ بىر زات بار، ئۇ بولسىمۇ ئانا.

— ن. ئا. ئوستروۋسكىي

▲ ئىززەت — ھۆرمەت ئاتا - ئانىنى، شۇنىڭدەك بالىلارنىمۇ قوغداپ تۇرغۇچى پاسىباندۇر. ئۇ، ئاتا - ئانىلارنى كۈلپەت ۋە غەمدىن، بالىلارنى بولسا ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

— ئو. بالزاك

▲ ئىنسان بېشىدا ئۆلۈم، قېرىلىق ۋە يامان پەرزەنتتىن ئىبارەت ئۈچ كۈلپەت بار. قېرىلىق ۋە ئۆلۈمدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىراق يامان پەرزەنتلەردىن ئۇنى پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزلىرى ئاسرىشى مۇمكىن!

— ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي

▲ پۈتۈن دۇنيانى كۆكرىكى بىلەن باققان مېھرى چەكسىز ئايالنى — ئانىنى ئىززەتلەيلى! ئىنساندىكى پۈتۈن گۈزەللىك، ئىللىقلىقلارنىڭ ھەممىسى ئانا مېھرىدىن كېلىدۇ.

— م. گوركىي

▲ سەن بالا چېغىڭدىن ئانا كۆزىگە بېقىپ، ئۇنىڭدىكى تەشۋىش ۋە ھالاۋەتنى، خاتىرجەملىك ۋە ھاياجاننى كۆرۈشنى بىلمىسەڭ بىر ئۆمۈر ئەخلاقىي جەھەتتىن ناكا بولۇپ قالىسەن. سۆيگۈدىكى ياۋايىلىقتەك ئەنە شۇ ناكالىقمۇ ئادەملەرنىڭ بېشىغا كۈلپەت، جەمئىيەتكە زىيان كەلتۈرىدۇ.

— ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي

▲ بالىلىرى تۇرۇپ زېرىككەن ئايال نەپرەتكە لايىقتۇر.

— ژان. پول

▲ كىتابى يوق ئالىم — مېۋىسىز دەرەخ.

— شەيخ سەئدى

▲ كەمچىلىكلىرىمىزنى بىلىۋالساق، بىزگە زىيان ئاز بولىدۇ.

— گ. لىختېنبېرگ

▲ ئەگەر بىر ئادەمنىڭ سۆزى بوشاڭ، ئېغىر، تەكرار، تەمسىز، مۇجمەل، ئەپلەشمىگەن بولسا، ئۇنىڭ زېھنىمۇ شۇنداق. چۈنكى ئۇ پەقەت تىل ۋاستىسى ئارقىلىقلا پىكىر قىلىدۇ.

— ئى. گېدىر

▲ تىلنىڭ ساپلىقى، مەنە ئېنىقلىقى، ئۆتكۈرلۈكى ئۈچۈن كۈرەش — مەدەنىيەت قورالى ئۈچۈن كۈرەشتۇر. بۇ قورال قانچىلىك ئۆتكۈر بولسا، قانچىلىك ئېنىق بايان قىلىنسا، ئۇ، شۇنچىلىك يېڭىلمەستۇر.

— م. گوركىي

▲ بىز نېمە ئۈچۈن ئادەمنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغان چاغدا ئىتنى ئۆزگەرتكەن چاغدىكى ئۇسۇلنى قوللانمايمىز؛ نېمە ئۈچۈن قامچا ئورنىغا گۆش ئىشلەتمەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئەيىبلەش ئورنىغا ماختاشنى قويمايمىز؟ ئەڭ ئەرزىمەس ئىلگىرىلەشلەرنىمۇ ماختايلى، ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىدۇ.

▲ سەن ھاياتتىن بىزار بولدۇڭمۇ؟ ئۇنداق بولسا، سەن ئۆزۈڭنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئىشنىپ كەلگەن خىزمەتكە بېغىشلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بول، مۇشۇنداق قىلساڭ، ئەسلىدە ساڭا ھەرگىز نېسىپ بولمىغان خۇشاللىققا ئىگە بولىسەن.

▲ چاكىنا ئادەملەر كىچىككىنە تەنقىدنى ئاڭلىسىمۇ غەزەپلىنىدۇ، ئاقىللار بولسا ئۆزىنى ئەيىبلىگەن، تىللىغان ھەمدە «ئۆزىدىن يول تالاشقان» كىشىلەردىن قىزغىنلىق بىلەن ساۋاق ئالىدۇ.

— دېيىل. كارنېگ

▲ مېنىڭ ئالىم بولۇپ چىقىشىمدىكى ئەڭ ئاساسلىق نەرسە، پەنگە بولغان قىزىقىش، مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئىزدىنىشتىكى چەكسىز سەۋرچانلىق، پاكىتلارنى كۆزىتىش ۋە توپلاشتىكى غەيرەت، بىر خىل ئىجادىي كۈچ ۋە مول ساۋاقتىن ئىبارەت بولدى.

— دارۋىن

▲ دۈشمىنىڭگە قەرز بەرسەڭ، ئۇنى قولغا كەلتۈرەلەيسەن؛ دوستۇڭغا قەرز بەرسەڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

— فرانكلىن

▲ تەنتەكنىڭ تىلى ئۆز بېشىغا دۈشمەندۇر.

▲ بارلىق ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خارابىيلىقتۇر.

▲ مەردلىك بارلىق ئەيىبلەرنىڭ كىرىنى يۇيىدۇ.

▲ ئەيىبلەنگەن ۋە قاغىشقا قالغانلار يىغىشنى بىلىپ، بېرىشنى بىلمىگەنلەردۇر.

▲ ئاچكۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى غەم، ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەتتۇر.

— ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى

▲ قابىلىيەتلىك ئادەمگە قوپاللىق، قابىلىيەتسىز ئادەمگە مەنسەپ ياراشمايدۇ.

— مۇئىن جۇۋەينى

* * *

▲ ئىشتىياق - بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ تۇنجى قەدىمى.

▲ دىققەت - ئېتىبار - ئەقىل- پاراسەت ئىشىكى.

▲ سوئال - بىلىمنىڭ ئاچقۇچى.

▲ كىتاب ئوقۇپ پىكىر قىلماسلىق - تاماقنى يەپ ھەزىم قىلماسلىق.

▲ ئەقىللىك ئادەم ئۇمۇرۋايەت سوئال سورايدۇ.

▲ ئەستە ساقلاش - ھاياتلىقنىڭ سائىتى.

▲ سەمىمىي بولمىغاننىڭ ئىشى ئاقماس.

▲ ئۆز كەمچىلىكىنى بىلگەن ھەممىدىن ئەقىللىك.

▲ قۇرۇق گەپ - نىشانىغا تەگمەس ئوق.

▲ گۈزەلگە ماختىنىش ھاجەتسىز.

▲ ئەخمەق ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق كېلىدۇ.

▲ بىلىمسىز ھەممىدىن بەك ۋارقىرايدۇ.

▲ ھەسەت - نام - ئاتاقنىڭ ھەمراھى.

▲ تەسىرات قانچىكى تېز پەيدا بولسا، ئۇ شۇنچىلىك يۈزەكى ۋە بىردەملىك بولۇپ قالىدۇ.

▲ ياخشى سۆھبەتداش بولۇشنىڭ پەقەت بىرلا ئۇسۇلى بار، ئۇ بولسىمۇ تىڭشاشنى بىلىش.

▲ تىڭشاشتا بىرىنچى، سۆزلەشتە ئاخىرقىسى بول.

▲ بېرىلىپ تىڭشاش ۋە ئورۇنلۇق جاۋاب قايتۇرۇش - ئادەمدىكى ئەڭ ئالىي مۇكەممەللىكلەرنىڭ بىرىدۇر.

▲ ئورۇنلۇق جاۋاب ئالماقچى بولساڭ، يوللۇق سوئال سورا.

▲ بەزىدە سۈكۈت ھەر قانداق گەپتىنمۇ مەنىلىك بولىدۇ.

▲ گۇمان - بەختلىك ئائىلىنىڭ قەبرىگاھى.

▲ ھەسەت - ئەگەر ئۇ ياخشى نىيەتتىن تۇغۇلغان بولسا، ئۇ، مۇسابىقە پەرىسىدۇر.

▲ تەرجىمانلار - مەرىپەتنىڭ يۈكچى ئاتلىرىدۇر.

▲ ھۆرۈنلۇق - مۇۋەپپەقىيەت شامىنى ئۆچۈرىدىغان شامالدۇر.

▲ ئادەملەر ئىككى نەرسىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، بىرى تەن ساقلىق، يەنە بىرى بوش ۋاقىت.

▲ مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالمايدىغان ئادەم مەخپىيەتلىككە ھەممىدىن بەكرەك قىزىقىدۇ.

▲ سەن باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان چېغىڭدا تېرىكمەي، ئۆزۈڭنىڭ مەسخىرىگە قالىدىغان يەرلىرىڭنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئويلاپ باق.

▲ پەقەت توردىن قېچىپ چىقالىغان بېلىقلا ئەركىنلىك توغرىسىدا سۆزلەشكە لاياقەتلىكتۇر.

▲ تارىخ پادىشاھلارنىڭ ۋەدىلىرى ئۆزلۈكسىز قۇرۇق گەپكە ئايلىنىش جەريانىدا، چۈشىنىكسىز ھالدا ئىلگىرىلەيدۇ.

▲ ئۇمۇچۇكنىڭ ياشاش ئۇسۇلى - تورنى يېيىپ قويۇپ ھاشاراتلارنىڭ خاتالىق سادىر قىلىشىنى كۈتۈشتىن ئىبارەت.

▲ تۆت خىل ئامىل ئۇلۇغلۇق بەلگىسىدۇر: 1. ئىلىمنى ۋە ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەش؛ 2. يامان ئادەمنى ياخشىلىق يولىغا سېلىش؛ 3. ئاچچىقىنى بېسىۋېلىش؛ 4. كىشىگە توغرا ۋە دەل ۋاقتىدا جاۋاب بېرىش.

▲ خوتۇنسىز راھەت يوق، بالىسىز بەخت.

▲ ئەر - خوتۇن ئارىسىغا كىرگەنلىك - قىلىچ ئارىسىغا كىرگەنلىك.

▲ يېرىم يولدا ھارۋا سۇنمىسۇن، ئوتتۇرا ياشتا خوتۇن ئۆلمىسۇن.

▲ خوتۇنى ئۆلگەن ئەر قىزى بار ئۆيگە قاراپ يىغلار.

▲ بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ھەقىقىي ئوتتۇرغۇچىلار - قارىماققا ئۇتتۇرۇلغاندەك كۆرۈنىدىغانلاردۇر.

▲ قىزىش بەزىدە سېسىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ.

▲ دۇنيادا، قەدىمدىن تارتىپ شائىر، ھاراقكەش ۋە كىچىك بالىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل كىشىلا ئەپۇ قىلىنىپ كەلمەكتە.

▲ ئارتۇقچە پەرداز قېرىلىقنى ئاشكارىلايدۇ.

▲ ۋالاقتەگكۈرلۈك ئادەمنى پىتتىن ئۆتەبىزار قىلىدۇ، ئەمما پىت زۇۋانسىزدۇر.

▲ ئېيتىڭە، ئىت بىلەن ئادەمنىڭ قايسىسى سەمىمىي؟

▲ ئادەم دوزاخقا كۆنۈپ قالسا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا توغرا كەلگەندە چوقۇم يىغا - زارە قىلىدۇ.

▲ دېڭىزنى خۇدا، ئاراپ دېڭىزنى ئىنسانلار ياراتقان.

▲ يالغانچى ئادەم خاتىرىسى كۈچلۈك ئادەمدىن بەك قورقىدۇ.

▲ ئەقىلنى كېمەيتىشنىڭ نەق ۋاسىتىسى - ھاراق.

▲ بەزىدە ئالتۇننىڭ ھورىدا مىس ئالتۇندەك پارقىرايدۇ.

▲ سىز خاتاقىلغانلىقىڭىزنى سەزگەن ۋاقىتتا ئەڭ مۇھىمى كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشنى ئويلاڭ.

▲ كۈچلۈك ھاياجاندىن كېيىن دائىم چەكسىز مەنىسىزلىك قالىدۇ.

▲ «چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇش» ئەخمەقلەرنىڭ سىزگە قىلغان قىزغىن سوۋغىسى.

▲ ئەقىللىك خوتۇن بېشىڭغا قارار، ئەقىلسىز خوتۇن يېشىڭغا قارار.

* * *

▲ رەزىللىك پۇل بىلەن بىرلەشسە، شۇنچە بەتبەشىرە نەرسىمۇ تۈگىمەس سېھرىي كۈچكە ئايلىنىدۇ.

- فرانسىيە تەمسىلى

▲ پۇل ئۈستىدە گەپ بولغاندا، پۈتۈن دۇنيا تىمتاس تۇرىدۇ.

- شىۋىتسىيە تەمسىلى

▲ پۇلنىڭ ئالدىدا ھەممىنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ.

- سىرىلانكا تەمسىلى

▲ پۇل ئىنسانلارنىڭ بارلىق كەشپىياتىدىكى ئەڭ ياۋۇز بىر خىل كەشپىيات.

- رۇسىيە تەمسىلى

* * *

▲ مەردلىكنىڭ مۇكاپاتى - خەلقنىڭ ھۆرمىتىدۇر.

▲ ھەسەتخورنىڭ كۆزى جەننەتتە، كۆڭلى دوزاختا.

▲ ئەقىلنىڭ خاتاسى ئىشتا تۈزۈلىدۇ.

▲ ئىجادىيەتنىڭ ئازابى - تۇغۇتنىڭ ئازابى بىلەن تەڭ.

---

توپلىغۇچى: دىلئارام قۇربان (ئوقۇغۇچى)

## نادان ۋە ھايۋان

ئەگەر نادانىنىڭ قىلىدىغىنى بەش تۈيغۇ (يېمەك، ئىچمەك، كەيمەك، ئۇخلىماق، جان ساقلىماق) دىن ئىبارەت بولسا، ئۇ چاغدا نادان ھايۋاندىن پەس ھايۋاندۇر. چۈنكى بەزى ھايۋانلار ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىنى ئۇزاق يەردىن كۆرىدۇ ۋە سېزىدۇ. دۈشمىنىنى ئۇزاق يەردىن سېزىپ قاچىدۇ. چامىسى كەلسە قارشى تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىدۇ ياكى قېچىش چارىسىنى ئىزدەپ، قېچىپ ئۆز ھاياتىنى ساقلايدۇ.

ئەگەردە نادان ئائىلە ۋە جەمئىيەت تەشكىل قىلىپ ياشاشنىلا مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇ چاغدا نادان قاناتلىق ۋە قاناتسىز ھايۋاندىن پەس ھايۋاندۇر. چۈنكى بەزى ھايۋانلارمۇ ئائىلە تەشكىل قىلىپ جەمئىيەت بولۇپ ياشايدۇ. بۇلار ھەرگىز ئۆز جەمئىيىتىدىن ئايرىلمايدۇ. بەزىلىرى ئۆزىگە قانداش بولسىمۇ رەڭداش ۋە ئىسىمداش بولمىغانلار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆز جەمئىيىتىگە ئارىلاشتۇرمايدۇ. بۇلار قانداشلىرىغا زىيان قىلماستىن، دائىمى سۈرەتتە بىر - بىرىنى ھىمايە قىلىپ، دۈشمىنىگە بىرلىشىپ قارشى تۇرۇپ ئۆزىنى ساقلايدۇ. دۈشمەنگە بىر - بىرىنى تۇتۇپ بېرىپ گۆشىنى يېمەيدۇ. ئۇلارنىڭ دۈشمەندىن ئۆزىنى ساقلىغۇدەك ماددىي ۋە مەنىۋى قورالى بار، شۇ قورال ئارقىلىق ئۆزىنى ساقلايدۇ. نادان شۇ ھايۋانغا ئوخشاش ئۇزاقنى كۆرەلمىدى، دۈشمەننى سېزەلمىدى.

ئەگەر نادانىنىڭ ئىشى ئۆي تۇتۇپ ئۆيگە ئىگە بولۇشتىنلا ئىبارەت بولسا، ئۇ چاغدا نادان بەزى ھايۋاندىن پەس ھايۋاندۇر. چۈنكى بەزى ئۆيگە ئىگە بولغان ھايۋان ھېچ ۋاقىتتا ئۆز ئۆيىنى كۈچلۈك ۋە كۈچسىز ھايۋانغا بەرمەيدۇ. مەسىلەن، قارغىنىڭ ئۆيى (ئۇۋىسى - ئا) نى يىرتقۇچ ھايۋاندىن بولغان سار تارتىپ ئالماقچى بولسا، قارغىلار بىر بولۇپ ھۇجۇم قىلىپ سارغا بەرمەيدۇ.

ئەگەردە نادان خوتۇن ئېلىپ بالا تېپىپ، بالا چوڭ قىلىشنىلا مۇددىئا قىلسا، ئۇ چاغدا نادان ھايۋاندىن پەس ھايۋاندۇر. چۈنكى بەزى ھايۋانلار بالا تېپىپ (تۆللەپ) تۆلىنى يېتىشتۈرۈشتە ھېچ كەمچىلىك قىلماستىن، بەلكى تۆللىرىگە رىزىق تېپىپ يېيىشنى، دۈشمەندىن ساقلىنىشنى، قېچىشنى ۋە دۈشمىنىگە قارشى تۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ. تۆللىرى ئاتىلىرى ئۆگەتكەن تەربىيىنى قوبۇل قىلىپ نەسلىنى ساقلايدۇ. بەزى نادانلار بالا تېپىپ تەربىيە قىلماستىن، تاشلىۋەتكەنلىكتىن بالىلىرى تەربىيىسىز قېلىپ، تۈرلۈك ھادىسىلەرگە ئۇچراپ يوق بولۇپ نەسلى قۇرۇيدۇ.

ئەگەردە نادان كۈچىگىلا تايانسا، ئۇ چاغدا نادان كۈچ قۇۋۋەتلىك ھايۋاندىن پەس ھايۋاندۇر. چۈنكى كۈچلۈك بولغان يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۆز شەخسىيىتى ئۈچۈن ئايرىم نىيەت تۈزۈپ قانداشلىرىنىڭ ياشاشلىرىغا زورلۇق قىلىپ بىر - بىرلىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ. بىر توپ ئۈچۈن يەنە بىر توپنىڭ ياشاش يولىنى يوق قىلمايدۇ. گەرچە نادان تەربىيە كۆرۈپ مەلۇمات ئالسىمۇ، نىيەت جەھەتتىن يىرتقۇچ ھايۋاندىن پەستۇر. ئىتنىڭ قاندىشى كۆپ، ئەمما ئۆزىگە ئىسىم ۋە سۈپەتداش بولمىغان سۆلەيسۇن ياكى تۈلكە بىلەن جىنسىي تۇرمۇش قىلمايدۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۆزىنىڭ قاندىشىغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ. ئەمما نادانلار ئۆزىنىڭ ئاجىز جىنسداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالاپ ئالىدۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلار ياشىغان جاڭگالدا كۆپلىگەن ئاجىز ھايۋانلار تارىختىن بۇيان نەسلىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. كۈچلۈك يىرتقۇچ ھايۋانلار ئاجىز ھايۋانلارنىڭ قان ۋە نەسلىگە ھۇجۇم قىلىپ يوق قىلمايدۇ. ئەمما نادان ئىنسانلار ئۆزىدىن ئاجىز جىنسداشلىرىنى يوق قىلىشقا تۈرلۈك چارىلارنى ئىزدەپ، شۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. ھاياتلىق مەنبەلىرىنى بۇزىدۇ. مانا بۇنىڭغا قارىغاندا، نادان ئىنسان يىرتقۇچ ھايۋاندىن پەس ھايۋاندۇر.

ئەگەر نادانىنىڭ بەلگىسى ئۆرە يۈرۈش، سۆزلەشتىن ئىبارەت بولسا، ئۇ چاغدا نادان ھايۋانغا ئوخشاش ھايۋاندۇر. چۈنكى مايمۇن ۋە ئېيىق خالىسا ئۆرە يۈرەر، خالىمىسا تۆت پۇتلۇق بولۇپ

يۇرەر. تۇتى تورغاي (شاتۇتى)، چومغاق (قىزىل تۇمشۇق)، تاغ قارغىسى... غا سۆز ئۆگەتسە ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەر. ئۇلار سۆزلىمەك بىلەن ئادەم بولۇرمۇ؟

ھەر بىر ھايۋاننىڭ بىر دۈشمىنى باردۇر. بۇ ھايۋانلارنىڭ دۈشمىنىدىن ئۆزىنى ساقلىغۇدەك ماددىي، مەنىۋى تەدبىرىمۇ باردۇر. بۇ تەدبىر ئارقىلىق دۈشمىنىدىن ئۆزىنى ۋە نەسلىنى ساقلايدۇ. نادانىنىڭ ئۆزىنى ۋە نەسلىنى ساقلىغۇدەك ماددىي ۋە مەنىۋى قورالى بارمۇ؟ ھايۋاندا نەسلىنى ساقلاش، مۇستەھكەم جەمئىيەت تۈزۈش، جىنسداش بولسىمۇ، ئىسمى، سۈپەتداش بولمىغانلار بىلەن جىنسىي تۇرمۇش قىلماستىن، بىر - بىرىنى ھىمايە قىلىش خۇسۇسىيەتلىرى باردۇر. نادانلاردا بۇ خۇسۇسىيەتلەر، جەمئىيەتلەر بارمۇ؟

ئىنسانلىق سۈپەتكە لايىق بولۇش دېمەك مۇۋاپىق تەبىئەت (مۇۋاپىق تەبىئىي شارائىت) ھەم مۇۋاپىق مەنىۋى تەسىرات ئاستىدا ئۆسكەن ئىنسان ئۆزىنى، مال - جانىنى، ئىپپەت - نومۇسىنى، شەخسىيىتى ۋە ھۆرىيىتىنى، جاي - ماكانىنى، ھوقۇقى - ئىنسانچىلىقىنى تونۇيالىسا، باشقا ئىنسانلارغا تونۇتالىسا، ئەمەلىي رەۋىشتە كىشىلەر بىلەن زامان بويىچە تەڭ تۇرالىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئىنسان ھايۋاندىنمۇ پەس ھايۋان ئىنساندۇر. نادان دەل شۇدۇر.

---

توپلىغۇچى: نىزامىددىن ھۈسەيىن

# ھېكايەتلەر

## ئۆزۈم ھەققىدە

رىۋايەت قىلىنىشىچە، توپان بالاسى بولغاندا لەنىتى شەيتان ئۆزۈم ئۇرۇقىنى ئوغرىلىدى. كېمىدىكىلەر ھەر قانچە ئىزدەپمۇ ئۇرۇقىنى تاپالمىدى. نوھ ئەلەيھىسسالام بارچە ھايۋانلاردىن سورۇشتۇرگەن بولسىمۇ ئامال بولمىدى. ئاخىرى شەيتاننى تۇتۇۋالدى.

شەيتان:

ماڭا ئۆزۈمگە ئۈچ قېتىم سۇ قۇيۇشقا رۇخسەت قىلسىڭىز ئۇرۇقىنى تېپىپ بېرىمەن، - دېدى.

نوھ ئەلەيھىسسالام شەيتاننىڭ شەرتىگە ماقۇل بولدى. شۇندىن كېيىن شەيتان ئۆزۈم ئۇرۇقىنى قايتۇرۇپ بەردى. كېمىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆزۈم تېرىلدى. ئۆزۈمگە ئۈچ قېتىملىق سۇنى شەيتان قۇيدى. ئۇ ئاۋۋال ئۆزۈمنى تۈلكىنىڭ، كېيىن يولۋاسنىڭ، ئاخىرىدا توڭگۇزنىڭ قېنى بىلەن سۇغۇردى. ئۆزۈم پىشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۈيىدىن مەي ياسىدى. كىمكى ئۇنى ئىچسە تۈلكە بولۇپ كۆرمىگەن - بىلمىگەن ئادەم بىلەن دوست بولدى. ئاخىرى مەست بولۇپ قالغاندا يولۋاستەك مەردلىكى جۇش ئۇرۇپ ئادەملەرگە سېخىيلىق قىلدى. قاتتىق مەست بولغاندا توڭگۇز سىياقىغا كىردى. مەي تۈپەيلى بىرەر يامان ئىش سادىر بولسا، ئۇ، شەيتان قۇيغان شۇ سۇنىڭ ئاقىۋىتىدىندۇر.

## ۋەزىرنىڭ پۇشايمىنى

سۇلتان سەنجەرگە ۋەزىرى بىر ئادەم ئۈستىدىن غەيۋەت قىلىپ:

- ئۇنىڭ كۆڭلى قارا، نىيىتى بەكمۇ يامان. تۇتۇپ كېلىپ سوراق قىلساق، نۇرغۇن ئىشلار ئايان بولۇرئىدى، - دېدى.

- مەيلى، سەن دېگەندەك بولسۇن، ئۇنى ئەتە ئەتىگەندە تۇتۇپ كېلەيلى، - دېدى سۇلتان.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ زور ئۈمىد بىلەن سارايغا كەلدى. بىراق ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى. ئۇ چېقىشتۇرغان ئادەم تۇتۇپ كېلىنىدىيۇ، لېكىن جازا ئورنىغا سۇلتان ئۇنىڭغا تون كەيگۈزۈپ، بىر ئات بىلەن يولغا سېلىپ قويدى.

ۋەزىر ئەجەبلىنىپ سۇلتاندىن سورىدى:

- كېچە بۇ كىشىنى تۇتتۇرۇپ كېلىپ جازاغا تارتماقچى ئىدىڭىز، بۈگۈن بولسا ئۇنىڭغا تون كەيدۈرۈپ، ئات بېرىپ بېشىنى ئاسمانغا يەتكۈزدىڭىز. بۇ ئىشىڭىزنى چۈشىنەلمەي قالدىم.

- بۇ ئادەم ساڭا دوستمۇ ياكى دۈشمەنمۇ دەپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆردۈم. ئەگەر دوستۇڭ بولغىنىدا ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا يامانلىق تىلەپ، غەيۋىتىنى قىلمىغان بولاتتىڭ. غەيۋەت قىلغىنىڭدىن ئۇنىڭغا دۈشمەنلىكىڭنى پەملىدىم، - دېدى سۇلتان.

ۋەزىر قاتتىق ئۇياتتى ۋە قىلمىشىدىن پۇشايمان قىلدى.

## قۇدىلىشىڭلار

نۇشىرۋانى ئادىل زامانىسىدا بىر ئادەم قوشنىسىنىڭ قورۇ - جايىنى سېتىۋالدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يەر تۈزلەۋېتىپ دەرەخ تۈۋىدىن بىر كوزا خەزىنە تېپىۋالدى. ئۇ، ئۆزىگە قورۇ - جاي ساتقان ئادەمنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ كوزىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

- دەرەخ تۈۋىدىن مانا بۇ خەزىنىنى تېپىۋالدىم، ئۇنى مەن كۆممىگەن، بەلكىم سەن كۆمگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ساڭا مەنسۇپ، ئېلىپ قالغىن، - دېدى.

- ياق، - دېدى قورۇ ساتقان ئادەم، - قورۇنى يەر ۋە دەرەخلىرى بىلەن قوشۇپ ساڭا ساتقانمەن، خەزىنىمۇ ئەمدى سېنىڭكى.

ئۇلار ئۇزاق تارتىشىپ ئاخىرى نۇشىرۋانى ئادىلنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشتى. ئۇ، ۋەقەنى سۈرۈشتۈرۈپ بولۇپ، ئەرز - ھال بىلەن كەلگەن بۇ ئىككى ئادەمگە مۇراجىئەت قىلدى:

- سىزلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭىزلەر باردۇ؟

- بار، - دېيىشتى ئۇلار.

ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئوغلى، يەنە بىرىنىڭ قىزى بارلىقى مەلۇم بولدى.

— ئۇنداقتا، — دېدى نۇشىرۋانى ئادىل، — ئىككىڭلار قۇدىلىشىڭلار، خەزىنە بولسا كۆيئوغۇل بىلەن كېلىنگە سوۋغا بولسۇن.

## ھېكايەت

ياش جۇۋانلار بىر مومايدىن سورىدى:

— بىزگە ئەرلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئاشۇرىدىغان، مېھرىمىزنى دىللاردا مۇستەھكەملەيدىغان، ئەرلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان ۋە ئۇلارنى بىزدىن نەپرەتلەنمەيدىغان قىلىدىغان ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

موماي جاۋاب بەردى:

— دىققەت قىلىڭىزلاركى، ئەرلەرنىڭ نەزەرى سىزلەرنىڭ كىر ۋە مەينەت جايىڭىزلارغا چۈشمىسۇن، سېسىق پۇراق بۇرۇنلىرىغا يەتمىسۇن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى سىزلەردىكى زىبۇ - زىننەتتىن باشقا يەرگە تىكىلمىسۇن.

# ھېكمەتلەر

**پادىشاھ نۇشىرۋانى ئادىل بىلەن ۋەزىرى بۇزۇر جېمھىرنىڭ سوئال - جاۋابلىرىدىن پارچە:**

نۇشىرۋان: ئادەملەر ئۈچۈن ياخشى ئىش نېمە؟

بۇزۇرجېمھىر: ئىلىم تەھسىل قىلىش.

نۇشىرۋان: ياخشى ئادەمنى نېمە بىلەن تونۇش مۇمكىن؟

بۇزۇرجېمھىر: ئۈچ ئالامەت بىلەن: تالىبى ئىلىملىكى، سېخىيلىكى ۋە ئوچۇق يۈزلۈكى بىلەن.

نۇشىرۋان: ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى نېمە؟

بۇزۇرجېمھىر: ھەكىملەر ۋە ئالىملار سۆھبىتىدە بولماق ۋە ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھىر ئالماق.

نۇشىرۋان: ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى نېمە؟

بۇزۇرجېمھىر: تىلەمچىلىك.

نۇشىرۋان: يارامسىز پەرزەنت نېمىگە ئوخشايدۇ؟

بۇزۇرجېمھىر: ئارتۇقچە بارماققا، كەسسەڭ ئاغرىيدۇ، كەسمىسەڭ ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

نۇشىرۋان: تېۋىپ داۋالاشقا ئاجىزلىق قىلىدىغان كېسەللىك قايسى؟

بۇزۇرجېمھىر: نادانلىق.

نۇشىرۋان: ھاياتتىن كۆرە ياخشىراق ۋە ئۆلۈمدىن كۆرە يامانراق نەرسە نېمە؟

بۇزۇرجېمھىر: ھاياتتىن ياخشىراق نەرسە — ياخشى نام، ئۆلۈمدىن كۆرە يامانراق نەرسە — يامان ئاتاق.

نۇشىرۋان: ھەقىقىي دوست كىم؟

بۇزۇرجېمھىر: ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئەيىبىڭنى ياپىدىغان ۋە ياخشى تەرەپلىرىڭنى ئاشكار قىلىدىغان كىشى.

نۇشىرۋان: ئادەم قايسى ئىش بىلەن كۆڭۈللەرگە ياققۇچىدۇر؟

بۇزۇرجېمھىر: توغرىلىق ۋە ئوچۇق يۈزلۈك بىلەن.

نۇشىرۋان: سادىق دوست كىم؟

بۇزۇرجېمھىر: ياخشىلىقتا ساڭا ياردەم بەرگەن، يامانلىقتىن سېنى قايتۇرغان كىشى.

نۇشىرۋان: ئەقىللىك ئادەم كىم؟

بۇزۇرجېمھىر: كۆپ بىلىپ، ئاز سۆزلەيدىغان كىشى.

نۇشىرۋان: تېۋىپكە نېمە بىلەن موھتاج بولماسلىق مۇمكىن؟

بۇزۇرجېمھىر: ئاز يېيىش ۋە ئاز ئۇخلاش بىلەن.

نۇشىرۋان: كىمدىن نەرسە سورىغان ياخشى؟

بۇزۇرجېمھىر: سورىساڭ، بېرەلەيدىغان ۋە سوراشقا پېتىنالايدىغان كىشىدىن.

نۇشىرۋان: سورۇنىمىزغا بىرەر كىشى كىرىپ كەلسە، قانداق قىلىشىمىز لازىم؟

بۇزۇرجېمھىر: ئۈچ نەرسە لازىم: بىرىنچى، ئولتۇرۇشقا يول قويۇش، ئىككىنچى، ئولتۇرغاچ ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ قاراش، ئۈچىنچى، سۆزلىسە، سۆزىگە جاۋاب بېرىش.

**ئەرەب ئانىنىڭ قىزىغا قىلغان نەسىھەتى**

بىر ئەرەب ئانا قىزىنىڭ توي كۈنى سۆيۈملۈك قىزىنى كۆيئوغلىغا تاپشۇرغاندا مۇنداق نەسىھەت قىلىپتۇ:

— قىزىم! ئۆلپەت بولغان ئۆيىڭدىن چىقتىڭ، بىلمىگەن تۆشەككە كىردىڭ، تونىمىغان، نە تونۇمىغان كىشىگە يولداش بولدۇڭ، ئەمدى ئۇشبۇ يولدىشىڭغا سەن يار بولغىن! ئۇ ساڭا كۆك بولۇر، سەن يەركەبي ئاستىدا تۇر! ئۇ ساڭا كۆك شەكلىدە سايە بولۇپ تۇرۇر ۋە شىپالىق يامغۇرلىرى بىلەن كۆك يەرنى راھەتلەندۇرگەنگە ئوخشاش، ئۇمۇ ساڭا مەرھەمەتلىك بولۇر. سەن ئۇنىڭغا تۆشەك بول! ئۇ ساڭا تىرەك بولۇر؛ سەن ئۇنىڭغا كېنىزەك بول! ئۇ ساڭا قۇل بولۇر. مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئۇنى زورلىما! چۈنكى بۇنداق ئىش خاپىلىققا سەۋەب بولۇر. ئۇنىڭدىن يىراق بولما، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇلدۇرىسەن. نەقەدەر يېقىن بولسا، سەنمۇ شۇ قەدەر يېقىن بول. ئۇنىڭ بۇرنىنى ئەسكى ۋە سېسىق پۇراقلاردىن، قۇلىقىنى يامان، شەخسىيىتىگە تېگىدىغان زەھەرلىك سۆزلەردىن ساقلا. پاك ۋە پاكىزلىققا ئادەت قىل، سەندىن ھەر ۋاقىت خۇشبۇيلۇق ۋە خۇشخۇيلۇق كېلىپ تۇرسۇن. سۆزۈڭنى شېرىن، يۈزۈڭنى ئوچۇق قىل، ئېرىڭ ياخشى ۋە مۇلايىم سۆزلەردىن باشقا نەرسىنى سەندىن ھېچقاچان ئاڭلىغۇچى بولمىسۇن. كىر كىيىم ۋە رىغبەتسىز

قىياپەت بىلەن ئېرىك كۆزىگە كۆرۈنمە. ئادەتتىكى كۆرۈنۈش چاغلىرىدا ئېرىڭ سېنى رىغبەتسىز رەۋىشتە كۆرمىسۇن، بەلكى كۆلدەك ئېچىلىپ تۇرغان خۇشخۇي چىرايىڭ بىلەن كۆرسۇن.

## خوتۇنلار ھەققىدە ھېكمەتلەر

▲ ياخشى خوتۇن پەقىرلىككە قارشى بىر ئەسكەردۇر.

▲ پاك خوتۇننىڭ ئەردىن يېقىن ئادىمى بولماس.

▲ ئەرلەرنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشى، خوتۇنلارنىڭ كوچىدا يۈرۈشى خورلۇق كەلتۈرگۈچى سەۋەبلەردىندۇر.

▲ بالىلىرىغا قاراپ ئانىسىنىڭ ئىلىم - تەربىيىسىنى ۋە پەزىلەت ئېگىنى بىلەلەيسىز.

▲ گۈزەللىكى بىلەن مەدھىيىلەنگۈچى خوتۇن گۈزەل ئەمەس، بەلكى تەربىيىلىك خوتۇن گۈزەلدۇر.

▲ خوتۇنلارنىڭ تەبەسسۇم قىلىپ كۈلۈمسىرىشى نەقەدەر يېقىملىق بولسا، قاھ - قاھلاپ كۈلۈشى شۇ قەدەر يېقىمسىزدۇر.

▲ دۇنيانىڭ بەختسىزلىرى تەربىيىلىك خوتۇن بىلەن تەربىيىلىك بالىدىن مەھرۇم بولغان زاتلاردۇر.

▲ خوتۇنلارغا ئەڭ قىممەتلىك كىشى - ئۆزىنىڭ ئېرىدۇر، ئەرلەر ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك كىشى ئانىسىدۇر.

▲ ئاۋۋال ئاناڭغا ياخشىلىق قىل، ئاندىن ئاتاڭغا.

▲ ئاللاغا شېرىك كەلتۈرمەكتىن، ئۆزىگە ھالال بولمىغان خوتۇن بىلەن زىنا قىلماقتىن ئارتۇق گۇناھ يوقتۇر.

▲ ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە ئاللا تائالا قىيامەت كۈنى رەھمەت كۆزى بىلەن قارىماس: ئاتا - ئانىسىنى رەنجىتكەن بالىغا، ئەركەكلەر قىياپىتىدە يۈرگەن خوتۇن كىشىگە ۋە غەيرەتسىز ئەرگە.

▲ خوتۇنلار كىيىمىنى كىيىپ يۈرگەن ئەرلەرنى ۋە ئەرلەر كىيىمىنى كىيىپ يۈرگۈچى خوتۇنلارنى ئاللا لەنەت قىلغاي.

---

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلھەمىد ياقۇبى

# «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن ھېكمەتلەر

ھەر كىشى تۆت ئىش قىلسا تۆت ئەجرە تاپىدۇ: بىرىنچىسى، زۇلۇم قىلسا ھالاكىتى يېقىن بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، خوتۇنلار سۆھبىتىگە ھېرىس بولسا رەسۋاچىلىققا ئۇچرايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، يېمەك - ئىچمەككە تولا بېرىلسە كېسەللىككە دۇچار بولىدۇ؛ تۆتىنچىسى، نادان ۋەزىرلەرنىڭ پىكرىگە ئىشەنسە مەملىكىتى قولدىن كېتىدۇ.

* * *

سەككىز نەرسە سەككىز نەرسىگە باغلىق بولىدۇ: خوتۇننىڭ ئىززىتى ئەر بىلەن، بالىنىڭ ئىززىتى ئاتا بىلەن، شاگىرتلارنىڭ ئەقلى - ھوشى ئۇستاز بىلەن، لەشكەرنىڭ قۇۋۋىتى سەردار بىلەن، زاھىتلارنىڭ كارامىتى تەقۋادارلىق بىلەن، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەملىكى پادىشاھ بىلەن، پادىشاھلىق ئىشىنىڭ نىزامى ئادىللىق بىلەن، ئادىللىقنىڭ روناق تېپىشى ئەقىل ۋە ھوشيارلىق بىلەن باغلىق بولىدۇ.

* * *

ئۈچ كىشى ھەمىشە غەم - ئەندىشىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ تۇرىدۇ: بىرىنچىسى، ھەمىشە يامان ئىشنىڭ قەستىدە يۈرگەن كىشى؛ ئىككىنچىسى، قۇدرىتىنىڭ بارىدا ياخشى ئىش قىلمىغان كىشى؛ ئۈچىنچىسى، نادانلىق بىلەن ئويلىماي ئىش قىلىپ، ئاخىرىدا ھەسرەت - نادامەتكە قالغان كىشى.

* * *

ئۈچ خىل كىشىلەر ئۆزىنى رەنجىگە سالىدۇ: بىرىنچىسى، جەڭ ۋاقتىدا ئۆزىدىن غاپىل بولغانلار، بۇلار زەخمە يەيدۇ؛ ئىككىنچىسى، ھارامدىن مال جۇغلىغانلار، بۇلارنىڭ مېلى تالان - تاراجغا كېتىپ، ئۆزىدە ئۇۋالدىن باشقا نەرسە قالمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ئۆزى قېرى تۇرۇپ ياش خوتۇن ئالغانلار، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاچالمايدۇ.

* * *

ئىككى خىل كىشى ئاقىل يۇسۇنى بىلەن ئىش قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ: بىرىنچىسى، ئۆزىنىڭ پۇل ۋە مېلىنى يات كىشىنىڭ قېشىدا ئامانەت قويغانلار؛ ئىككىنچىسى، كىشى بىلەن خۇسۇمىتى بار بولغان بولسا، نادان كىشىنى ئۆز دەۋاسىنى ئايرىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىلا سۆزلىشىۋەرگەنلەر.

* * *

ئۈچ خىل كىشى ھېكمەت رەۋىشىدىن يىراق ۋە ئەقىل يولىدىن تاشقىرىدۇر: بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ، ھەر قانداق بالا كەلسە قارشى كېتىۋېرىدىغانلار، بۇنداق كىشىلەر ئاقىۋەت ئۆزىنى ھالاكەتكە سالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، تائام ۋە شارابنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك مىقدارىنى بىلمەيدىغانلار ۋە مەيدىسىنىڭ ھەزىم قىلىشقا ئاجىز كېلىشىدىن قورقماي يەۋېرىدىغانلار، شۈبھىسىزكى بۇنداق كىشىلەر ئۆز جېنىنىڭ دۈشمىنىدۇر؛ ئۈچىنچىسى، ئاداۋەت ئەھلىنىڭ سۆزىگە مەغرۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىگە ئالدانغانلار، بۇنداق كىشىنىڭ ئىشى ئاخىرى ھەسرەت - نادامەت ۋە پۇشايمان كەلتۈرىدۇ.

* * *

ھەر قانداق كىشى مۇنۇ بەش خىسلەتنى ئۆمۈرنىڭ سەرمايىسى ۋە يول جابدۇغى قىلسا، ھەر قەيەرگە بارسا غەرىزى ھاسىل بولىدۇ ۋە ئۆزىگە ھەمسۆھبەت تېپىپ ئىززەتلىك بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرىنچىسى، بەتقىلىقلىقتىن يىراق بولماق؛ ئىككىنچىسى، ياخشى ئىش قىلىدىغان بولماق؛ ئۈچىنچىسى، تۆھمەت قىلىدىغان ۋە رىيا قىلىدىغان ئىشلاردىن پەرھىز قىلماق؛ تۆتىنچىسى، ياخشى خۇيلۇق بولماق؛ بەشىنچىسى، ھەممە ۋاقىتتا ئەل بىلەن ياخشى چىقىشماق ۋە ئەدەب ساقلىماق. بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىگە جەم قىلغان كىشى ھېچقانداق جايدا غېرىپ بولۇپ قالمايدۇ.

* * *

دوست تۇتۇش توغرا كەلسە، مۇنداق ئۈچ تائىپىدىن دوست تۇتماق كېرەك: بىرى، ئالىم ۋە ئابىد (ئىبادەت قىلىپ تۇرغۇچى) كىشىلەر، ئۇنىڭ سۆھبىتىنىڭ بەرىكىتى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى تاپقىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، مەرد ۋە ياخشى ئەخلاقلىق كىشىلەر، ئۇلار يار - دوستىنىڭ خاتاسىنى تاپالايدۇ ۋە ئۇلاردىن نەسىھىتىنىمۇ ئايىمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، زاتى پاك كىشىلەر، ئۇلار غەرەزسىز بولۇپ، دوستلۇق بىناسىنى ساداقەت ۋە ئىخلاس ئاساسىغا قويىدۇ. يەنە مۇنداق ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىدىن پەرھىز قىلماق كېرەك: بىرى، پاسىق كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ھىممەتلىرى نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا سەرپ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىرى نە دۇنيانىڭ راھىتىگە ۋە نە ئاخىرەتنىڭ رەھمىتىگە سەۋەب بولالمايدۇ؛ ئىككىنچىسى، يالغانچىلار. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى - قاتتىق ئازاب ۋە ئۇلپەتچىلىكى - چوڭ بالا - قازادۇر. ئۇلار ھەمىشە سەندىن باشقىلارغا يۈز بەرمىگەن ۋەقەلەر ئۈستىدە سۆز توشۇيدۇ ۋە باشقىلاردىن ساڭا مىڭدىن بىرى راست بولمىغان، پىتنە ئارىلاشقان خەۋەرلەرنى كەلتۈرىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، نادانلار. مەنپەئەت يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ياكى بالا - قازادىن ساقلىنىشتا ئۇلارغا يۆلەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار پايدا يەتكۈزدۈم دەپ تۇرۇپ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

* * *

ئالتە نەرسىدىن - ئەمەلسىز سۆزدىن، جەۋرىلىك مالدىن، تەجرىبىسىز دوستلۇقتىن، رىئايە قىلىنمىغان ئىلىمدىن، مەقسەتسىز سەدىقىدىن ۋە ساقسىز تىرىكلىكتىن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ.

* * *

كىشىگە بۇ ئالەمدە تۆت تۈرلۈك مەنپەئەت ۋە راھەت بار، لېكىن ئۇ تۆت تۈرلۈك مېھنەتكە ئەرزىمەيدۇ. بىرىنچىسى، جەننەت. ئۇ، ئۆلۈمنىڭ جاپا - مۇشەققىتىگە ئەرزىمەيدۇ؛ ئىككىنچىسى، مەنسەپ راھىتى. ئۇ، مەنسەپتىن يىقىلىدىغان ۋاقىتتىكى ئىزاغا ئەرزىمەيدۇ؛ ئۈچىنچىسى، گۇناھ قىلىپ كۆرىدىغان راھەت. شۇ گۇناھ ئۈچۈن دوزاختا كۆيىدىغان ئازابىنىڭ مۇشەققىتىگە ئەرزىمەيدۇ؛ تۆتىنچىسى، تەڭرىنىڭ ئاتاسى بىلەن كۆرىدىغان راھەت. ئۇ، تەڭرى خارلىقتا چۈشۈرۈپ قويغان چاغدىكى جاپا - مۇشەققەتكە ئەرزىمەيدۇ.

* * *

قاتتىق بوران كەلسە ئاجىز گىياھ مادارا ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ زەخمىسىدىن ساق قالىدۇ. دەرەخ بولسا شاخلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە يىلتىزىنىڭ چوڭلۇقىغا ئىشىنىپ، سەركەشلىك قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇنى بىر ھەملە بىلەن قومۇرۇپ تاشلايدۇ.

* * *

زەر ۋە گۆھەرگە ھېرىس بولماق ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس، چۈنكى بايلىق دېگەن ئامانەت نەرسىدۇر. ھەر كۈنى بىراۋنىڭ قولىغا ئۆتەر ۋە ھېچكىمگە ۋاپا قىلماس.

* * *

ھەر باشلىنىشنىڭ بىر ئاياغلىشىشى بولىدۇ ۋە ھەر ئاۋۋالنىڭ بىر ئاخىرى بولىدۇ. ئەگەر ئۆمۈرنىڭ مۇددىتى توشۇپ، ئەجەل ۋاقتى يەتسە، كۆز ئاچقۇچە مۆھلەت بەرمەيدۇ. ھەر گۇرۇھقا ئۆلۈم ۋە ئازاب ۋاقتى تەيىن قىلىنغان، ئەگەر شۇ ۋاقىت كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن كىچىككىنە ۋاقىتنىمۇ تىلەپ ئالالمايدۇ. شۇڭا ھەر غەمنىڭ ئارقىسىدىن شادلىقنى تىلەش كېرەك ۋە ھەر تويدىن كېيىن كېلىدىغان ماتەمنىمۇ كۆرۈش كېرەك.

* * *

بىركىم بىركىمگە ۋەزىيەت تەقەززاسى ياكى نەپسىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن دوست بولغان بولسا، ئۇ خۇددى قۇشلارنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن دان چاچقان بىر ئوۋچىغا ئوخشايدۇ.

* * *

بەدقىلىق پەسلەر ئۆزلىرى تاما قىلىدىغان مەرتىۋىسىنى تاپقىچە ئارىلىقتا دوست ۋە بىر نىيەتتە بولىدۇ. ئەمما مەقسىدى ھاسىل بولغاندىن كېيىنلا دوستلۇقىنى تاشلاپ، ئۆز ھالىدىن يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە يېتىشنىڭ تەمەنناسىنى قىلىدۇ. ئىبسى پەس - ئەخمەق كىشىلەر تاما ياكى قورقۇنچ بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۈمىدى ھاسىل بولۇپ موھتاجلىقتىن قۇتۇلسا، كۇپرانى نېمەتلىك ۋە پىتنىخورلۇق ئوتىنى ياندۇرىدۇ. ئەگەر قورقۇنچىدىن قۇتۇلسا، تەرەپدارلىق چەشمىسىنىڭ سۈيىنى لېيىتىدۇ.

* * *

ھەر قانداق ئىشنىڭ باشلىنىشىدىلا ئۇنىڭ نەتىجىسىگە نەزەر سالالىغان ۋە قىلغان - ئەتكەن، دېگەنلىرىگە پۇشايمانلىق ۋە پەرىشانلىق

كەلتۈرمىگەن كىشىلەر ئاقىل ھېسابلىنىدۇ.

* * *

جاھىل كىشىلەر ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى، پايدا ۋە زىياننى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئازغۇنلۇق باياۋانىدا سەرگەردان بولۇپ، ئۆز ئىشىنىڭ ئاخىرىدىن غاپىل قالىدۇ - دە، ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە كۆزى يەتمەيدۇ، ھەقىقىي مۇكاپات ۋە جازاغا ئەقلى يەتمەيدۇ. ئەمما ئەقلىنىڭ كۆزىگە تەۋپىق سۈرمىسى تارتىلىپ روشەن قىلىنغان، كۆڭۈل چىمەنىدە ئىنايەت گۈللىرىدىن گۈلشەن بەرپا قىلىنىپ خۇشپۇراق بولغان كىشىلەر بولسا، ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن ھەر قانداق نەرسىنى باشقىلارغا راۋا كۆرمەيدۇ، ئۆزى خالىمىغاننى باشقىلارغا تاڭمايدۇ. شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، بىرەر يامانلىق قىلغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ ھازىرچە جازاغا ئۇچرىمىغانلىقى بىلەن مەغرۇر بولمىسۇن، ئۇ ئاقىۋەت جازاغا ئۇچرايدۇ. خۇدا ئۇنداقلارغا بىر مەھەل زامان بەرسىمۇ، ئاقىۋەت ئامان بەرمەيدۇ. كىشى ھەر قانداق ئۇرۇقنى ئەمەل يېرىدە تېرىيدۇ ۋە ئاقىۋەت ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغىدۇ، شۇڭا ياخشىلىق تىلىگەنلەر ياخشىلىق ئۇرۇقىدىن باشقىنى تېرىماسلىقى كېرەك.

* * *

ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلماق بالالارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. ئادەمنىڭ كۆز - قارىچۇقى ھېچ ۋاقىت ئۆز ئۆيىدىن تاشقىرىغا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن باش ئۈستىدە ئورۇن ئالغان. ئادەمنىڭ كۆز ياشلىرى ئۆز ئورنىدا تۇرماي، ئېقىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاياغ ئاستىغا چۈشۈپ پايمال بولىدۇ.

* * *

قازايى ئىلاھى يەتسە ئەقىلنىڭ كۆزى خىرە ۋە تەدبىر ئەينىكى قارا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ئاقىلنىڭ كۆزىمۇ كۆرمەي قالىدۇ. دانانىڭ ئەقلىمۇ ئىشلىمەي قالىدۇ. قازا ئۇقىنى ھېچقانداق قالقان توسىيالمايدۇ.

## پادىشاھلىق ھەققىدە

پادىشاھلىقتا مۇنۇ ئالتە نەرسىنىڭ بىرىدىن ئاپەت يەتكەي: بىرى، دۆلەت ئىشلىرىغا كۆيۈنىدىغان كىشىلەرنى ئۆزىدىن مەھرۇم قىلسا ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرنى نەزەردىن چۈشۈرسە؛ ئىككىنچىسى، مەملىكەتتە پىتنە پەيدا بولۇپ، ھاجەتسىز ئۇرۇشلار ۋە كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر پەيدا بولۇپ، بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى گۇرۇھلارنىڭ خەنجەرلىرى غىلاپتىن چىقسا؛ ئۈچىنچىسى، پادىشاھلار ھاۋايى ھەۋەس، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ كەتسە، شىكارغا ھېرىس بولسا؛ تۆتىنچىسى، پۈتۈن جاھانغا كەلگەن، تەبىئەتنىڭ نورمال تەرتىپىگە خىلاپ بولغان يەر تەۋرەش، سۇ

ئاپىتى، ئوت ئاپىتى قاتارلىق ھادىسىلەر يۈز بەرسە؛ بەشىنچىسى، پادىشاھلار بەدخۇي، غەزەپلىك بولسا، سىياسەتتە مۇبالىغە قىلسا؛ ئالتىنچىسى، جاھىللىق قىلسا، يەنى سۈلھە قىلىدىغان جايدا ئۇرۇش قىلسا، ئۇرۇش قىلىدىغان پەيتتە سۈلھە قىلسا.

* * *

پادىشاھلارنىڭ ئاجىزى - ئىشىنىڭ ئاخىرىدىن غاپىل قالغۇچى ۋە مەملىكەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى سەل چاغلىغۇچىلاردۇر. ئۇلار ھەمىشە بىرەر ھادىسىگە ئۇچراشتىن بۇرۇن ئېھتىيات ۋە ھوشيارلىق قىلمايدۇ. پۇرسەت ئۆتۈپ كەتكەندە، دۈشمەن ئۇنىڭغا غالىب كەلسە ئىشنى مۇلازىملىرىدىن كۆرىدۇ، تارتقان زىيانلىرىنى مۇلازىمغا ئارتىدۇ.

* * *

ھەر قاچاندا بولمىسۇن، پادىشاھ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولسا، ئۇد ۋە قالۇن نەغمىسىگە قۇلاق سېلىپ، داد خاھلارنىڭ نالىسىنى ئاڭلىمىسا، ئازغىنا ۋاقىتتا مەملىكەتتى ئىچىدە پىتنە - پاسات پەيدا بولۇپ، خالايىقنىڭ ئىشى غەم - قايغۇ ۋە ھەسرەت چېكىشلا بولۇپ قالىدۇ.

* * *

ھەر قانداق پادىشاھ تۆھمەتخورلارنىڭ ۋە چېقىمچىلارنىڭ سۆزىنى ئويلاپ باقمايلا ئاڭلايدىغان بولسا، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولماق جان بىلەن ئويناشقانلىق بولىدۇ. جان بىلەن ئوينىشىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. چۈنكى ھەر كۈنى بۇ تەنگە يېڭىدىن جان كىرىپ تۇرمايدۇ - دە!

* * *

ھەر قانداق پادىشاھ ئەگەر ئۆزىنىڭ راھىتىنىلا كۆزلەپ، پۇقرالىرىنى جاپاغا قويسا، تېز ئارىدا ئۇنىڭ راھەت بولىقى تىنىپ، دۆلىتىنىڭ كۆزى قارىغۇ بولىدۇ.

* * *

پادىشاھلار مۇلازىملارغا مۇئامىلە قىلىشتا دانا تىۋىپتەك بولۇشى، يەنى تىۋىپ بىمارنىڭ ھەقىقىي كېسىلىنى كۆرۈپ، ئالامەتلىرىنى سوراپ بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىشقا مەشغۇل بولمىغىنىدەك، ھەر بىر مۇلازىمنى ياخشى سىناپ كۆرمىگىچە ئۇنىڭغا تەربىيەت قىلماسلىق كېرەك. سىناپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ياخشى خۇيلۇق ۋە دىيانەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىخلاسىنى ھەم چىن كۆڭۈللۈكلۈكىنى بىلگەن ھامان ئۇنى تەربىيەت قىلىشقا مەشغۇل بولۇپ، كۈندىن - كۈنگە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈشى، ئاستا - ئاستا ئۇنى سىر - ئەسرارلىرىغا مەھرەم قىلىپ، يېقىنلىق دەرىجىسىگە كەلتۈرۈشى كېرەك.

---

تەييارلىغۇچى: ئەخەت ھاشىم (M1)

بۇ سان 1997 - يىل 1 - يانۋاردا نەشرگە يوللاندى، 30 - يانۋار نەشردىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)



مۇھەممەت زۇنۇن
(ش ئۇ ئا ر مەدەنى-
يەت نازارىتىنىڭ
نازىرى، باش مۇھەر-
رىر) بېيجىڭ پىداگو-
گىكا ئۇنىۋېرسىتېتى-
نىڭ ئەدەبىيات پاكۇل-
تېتىنى پۈتتۈرگەن.
1986 - يىلى ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى
بويىچە «پروفېسسور»
لۇق ئۇنۋانى بېرىل-
گەن



قۇربان مامۇت
(مۇئاۋىن باش مۇ-
ھەررىر) شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى
ئەدەبىيات پاكۇلتېتى
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
كەسپىنى پۈتتۈرگەن.
1992 - يىلى نەشرى-
ياتچىلىق كەسپى
بويىچە «كاندىدات
ئالىي مۇھەررىر» لىك
ئۇنۋانى بېرىلگەن.



رىسالەت مۇھەممەت
(مۇھەررىر ۋە كا-
تىپ) مەركىزىي مىل-
لەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى
ئاز سانلىق مىللەتلەر
تىل - ئەدەبىيات
پاكۇلتېتى ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى كەسپىنى
پۈتتۈرگەن. 1994 -
يىلى نەشرىياتچىلىق
كەسپى بويىچە «مۇ-
ھەررىر» لىك ئۇنۋانى
بېرىلگەن.

بوۋا، نېمىگە يىغلايسىز؟    ئادىل ئىسمائىل فوتوسى



《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1997 ـ يىل 1 ـ سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编辑：《新疆文化》杂志编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路11号
邮编：830002 电话：2823622
印刷：新疆《工人时报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون نومۇرى 2823622
باسقۇچى: شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：GN65 1073/1
本刊代号：58—22 定价：3元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65 —1073 / 1
ۋەكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 3 يۈەن